# مەۋلانا
# دەرگاھدىن دۇردانىلەر

(ھەببۇللا ئابلىمىت)

# مۇندەرىجە


جالالىدىن رۇمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ........ 7
«دىۋانى كەبىر» ھەققىدە ........ 19
ئاللاھقا ئاشىق بولغانلار ئۇ بەرگەن دەرتىنىمۇ سۆيىدۇ ........ 23
سەنسىز چاڭ بىلەن نەي مۇڭزار بولدى ........ 25
سەن ھوقۇش ئەمەس بىر بۇلبۇل ........ 28
سۈيى تاتلىق دېڭىزغا شۇڭغۇدۇم ........ 32
يا رەب! سېنى بىر كۆرەي دەيمەن ........ 34
مۇھەببەت،كۆڭۈل بىلەن كۆزدە يېتىشىدۇ ........ 36
ھەممە تىكەندە گۈل ئېچىلمايدۇ ........ 38
ھەق شەربىتىنىڭ كۈپى كۆڭۈلدۇر ........ 42
ئىسمى ئاشىق ........ 46
سەھەر شامىلى ........ 48
ھەرگىز ماھىيەتتىن ئايرىلمىدىم ........ 50
ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ سەپەر قىل ........ 52
باھار ........ 54
دوستتىن بىزگە بىر سۆيۈش ........ 56
بۇلبۇلۇم قەيەرلەردە ........ 58
باش باھار ........ 61
لالىلەر ........ 66
سۆزلەشتىن ۋاز كەچمە ........ 68
ئەي! گۈزەل ئالەم ........ 70
گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن ۋەتەن ........ 73
مەنىلىك قۇل بول ........ 81
دېرىزەڭنى ئېچىۋەت ........ 82
بۇ دۇنيا بىر شەكىل ........ 83
يا «سەن» قالمايسەن ياكى «بىز» ........ 48
ئەسلىڭگە كەل ........ 86
بۇ كېچە ئۇخلىما ........ 88
روھنى ئىزدە! روھنى تاپ! ........ 09
سەن بېرىپ ئۇخلا ........ 91

ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ ........................................ 92
ئەپسۇس! ........................................ 49
ئىشقىنىڭ مەنسۇرى ........................................ 96
غەم ـ غۇسسە بىلەن خۇشاللىق ........................................ 97
دەرتلەر سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ........................................ 98
بال ۋە شېكەر دېڭىزى ........................................ 99
سىر سېنى جامال تاماشاسىغا ئاپىرىدۇ ........................................ 100
كۆلۈش ئاينىڭ نېسىۋىسى ........................................ 101
تامچە ........................................ 102
سۆزلىرىم قۇرلىرىمغا سىغمايدۇ ........................................ 103
ئۇ بولسا قۇياشنىڭ نۇرى ........................................ 104
ئەي گۈل پۇرىغان بۇلبۇل ........................................ 105
ئىككى لەيلاسى بولغان مەجنۇننى كۆردۈڭمۇ ........................................ 107
مەنلىكتىن قۇتۇل ........................................ 109
ۋەتەن ئەزىز ........................................ 110
گۈزەل چاقىرىق ........................................ 111
چەكسىز نەرسىنىڭ ئۇچى يوق ........................................ 112
كۆزۈم يالغان ئۇيقىدا ........................................ 113
ئىشنىڭ نېگىزى پىكىردە ........................................ 114
ھەقنىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بول ........................................ 115
تىكەن بىلەن گۈل ........................................ 116
ئەقىل ........................................ 117
ئاي ........................................ 118
ياراملىق بىلىم ........................................ 119
ھۆرمەت ........................................ 120
دوست تۇتقاندا ........................................ 121
مۇناجات ........................................ 122
نەپسىڭنى يەڭ ........................................ 123
سايە ........................................ 124
سەۋەپ ........................................ 125
ئۇرۇقنىڭ خاسىيىتى ........................................ 126
گۈل ........................................ 127
دېڭىز ........................................ 128

شۈك بولۇش ........................ 129
مەنۋىي شاراپ ........................ 130
داپ پەرياتتا، نەي ئىڭرىماقتا ........................ 131
لەۋلىرىڭنى كىرلەتمە ........................ 132
ئۇ تەرەپ ........................ 133
يوشۇرۇن دوست ........................ 134
پەزىلەتلىك ئادەم ........................ 135
سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ ........................ 136
تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە جانلىق ........................ 137
تىرىك ئۆلۈكلەر ........................ 138
ئىشق بىباھا ........................ 139
روھ ۋە تەن ........................ 140
جەننەتتىن ئايرىلما ........................ 141
جان شارابى ........................ 142
سەن بىر ئالتۇن كان ........................ 143
تەقدىر ........................ 144
«سەن» ۋە «مەن» دەپ ئايرىلمايدۇ ........................ 145
نەپسىڭدىن قاچ ........................ 146
ئۇ تەرەپ ........................ 147
يۇلتۇزنى دورا ........................ 148
كائىناتقا تۈز قارا ........................ 149
سەن ئۈستۈن مەۋجۇدات ........................ 150
كۆڭۈلسىز ئۆي ........................ 151
ئىنسان قەدىرلىك ........................ 152
ئىككى خىل ئىنسان ........................ 153
ھەسرەت چەكمە! ........................ 451
جالالىددىن رۇمىنىڭ شېئىرلىرىدىن دۇردانىلار ........................ 159
ئۇخلىما ........................ 160
يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن، يا كۆرۈنگىنىڭدەك بول ........................ 161
سۆزلىمەك كېرەك ........................ 162
قاچان ........................ 163
يۇتتىرىپ قويدۇق ........................ 164
روشەن كۆز بەردىڭ ........................ 165

باھانە تاپما ........................................166
بىر ـ بىرىدىن خاپا ..............................167
كەل .................................................168
ئۆلاردىن خەۋەر بار ...............................169
مەرسىيە ............................................170
باشقا بىر كۈن بار..................................172
بىر كېچە ..........................................173
بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىكەنسەن ........................174
ئەجەپمۇ كەتتىڭ ......................................176
قۇياشقا قۇل مەن ......................................178
مەھبۇس ..............................................180
ھىجران ئەتمە .........................................182
سۇ دېدىكى ...........................................183
بار بولغانلار كېلىدۇ ...................................185
باھار ................................................187
يېقىن كەل............................................189
دېمىدىمۇ؟ ...........................................191
ئەي يېپىشقاق دۇنيا ...................................193
كۆلەڭگىسى بول ......................................195
ئەسلە...............................................197
بەردىم جانىمنى ئۇنىڭغا ..................................199
باش باھار ...........................................201
گۈل باغچىسىدا .......................................202
باھار ھەسرىتى .......................................203
بىز گۈزەل، سەنمۇ گۈزەللەش ..............................204
تۇي ئەگەر كۈچۈك بولسا ...............................207
قاناتسىز قۇش .........................................208
جالالىدىن رۇمىنىڭ رۇبائىيلىرىدىن دۇردانىلار ...................209
رۇبائىيلار ...........................................210
جالالىدىن رۇمىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى......................224

# جالالىدىن رۇمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

هەرگىز ئۆمىدىڭنى ئۈزمە. سۆيۈملۈك يۈرىكىڭ
”مۆجىزىلەرنى كۆرسۈن“ دەپ سوقىدۇ.
ـ مەۋلانا.

تۈرك ـ ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن بىرى بولغان جالالىدىن رۇمى بولسا مەۋلانا ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان ئۇلۇغ تەسەۋۋۇپچى، پېتىشكەن بىر پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ سۇلتانىدۇر، ھەمدە پۈتۈن دۇنياغا ئىنسان سۆيگۈسىنى سۇنغان ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك نەمۇنىچىسىدۇر.

جالالىدىن رۇمى 1207 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۈگۈنكى ئافغانىستانىنىڭ مازارى شېرىپتىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەلخ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جالالىدىن مۇھەممەد بولۇپ «رۇمى» كونياغا كەلگەندىن كېيىن قوشۇلغان ئىسىم بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئاناتولىيە رۇم يۇرتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، جالالىدىن مۇھەممەد ئەنە شۇ دىيارلاردا ياشىغاچقا «رۇملۇق جالالىدىن» دېگەن مەنىدە «جالالىدىن رۇمى» دەپ ئاتالغان. «مەۋلانا» بولسا ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ ئاتىغان ئۇنۋان ئىدى.

جالالىدىن رۇمىنىڭ دادىسى خارەزمشاھلار خاندانلىقىدىكى

مەشھۇر ئالىم بولۇپ «بىلىگلەرنىڭ سۇلتانى»دېگەن ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولغان باھائەددىن ۋەلەد دېگەن كىشى ئىدى. ئانىسى بولسا بەلخنىڭ ئەمىرى رۇھنەددىن دېگەن كىشىنىڭ قىزى مۇمىنە خانىم.

باھائەددىن گەرچە بىر ئەمىرنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ئۇ زامانىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. باھائەددىن ۋەلەد مۇقەددەس دىنىمىز بولغان ئىسلامنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن خەلق ئىچىگە يېيىشقا، پاك نىيەتلىك، ھەققانىيەتچى ئىسلام مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشقان بىلىملىك كىشى ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال بەزى خاندان مەنسەپدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى ئىسلامنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ قانلىق ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا چەيلەپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ زۇلۇمى خارەزمشاھلار خاندانلىقىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىنتايىن قىيىن ۋەزىيەتتە ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن باھائەددىن ۋەلەد ئائىلىسى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن ھىجرەت يولىنى تاللىدى.

مانا مۇشۇ چاغ جالالىدىننىڭ ئالتە يەتتە ياش ۋاقىتلىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ بەختلىك ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ياشىغان، شۇ زامانغا ئۇيغۇن قۇرئان، تەجۋىد، ھەدىس، ھۆسنخەت ۋە قەھرىمانلار داستانلىرى، مەسەللەر، ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى بىرلىكتە ئۆگەنگەن تاتلىق دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز روھىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان ئانا يۇرتى بەلخكە ئىزتىراپ ياشلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ: «ئەلۋىدا يۇرتۇم»دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئون ئىككى يىللىق ئۇزۇن سەپەرگە

ئاتلاندى. جالالىددىن رۇمى كىچىك تۇرۇپلا سۈرگۈنلۈك ھاياتىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تونۇپ يەتتى. بىر بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزىدە ئۈمىتلىك بەزىدە ئۈمىتلىرى سۇنغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يولىنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمەي، ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ باللىق دەۋرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزدى. مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان، سەپەرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە سەۋەپ بولغان داۋاملىق ئوقۇپ ماڭىدىغان كىتاپلىرى ئىدى. كىتاپلار ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ھەمراھ ۋە سىرداش بولغان ئىدى.

ئۇزۇن سەپەردە ئۇلار نىشاپۇر ۋە باغداتقا بارىدۇ ۋە ھەرەمگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ شامغا كېلىپ توختايدۇ. شامدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئاناتولىيەگە قاراپ يول ئېلىپ مالاتيا، ئەرزىنجان، سىۋاس، قەيسەرى ئاندىن قارامانىدا تۇرۇپ، بۇ يەردىن ئەمىر مۇسا سالدۇرغان مەدرىسىگە يەرلىشىدۇ. بۇ شەھەردە يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ 1222-يىللىرى ئىدى. جالالىددىن رۇمى 1225-يىللىرى شاراپەتتىن لالەنىڭ قىزى گۆھەر بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ ئايالدىن سۇلتان ۋەلەد ۋە ئالائىددىن چەلەبى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ يىللاردا مەۋلانا مېھرىبان ئانىسى مۇمىنە خانىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىدۇ.

1228-يىلى باھاردا سەلچۇقىيلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالائىددىن كەيكۇباتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن پايتەخت كونياغا كېلىدۇ. كونيا بولسا مەۋلانا ئائىلىسىنىڭ مۇساپىرچىلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بېكەت ئىدى. بۇ ئون ئىككى يىل داۋاملاشقان سەپەردە ھەيۋەتلىك كارۋانلارنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ: «نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟»دېگەن

سۇئاللىرىغا باھائەددىن ۋەلەد: «ئاللاھتىن كەلدۇق، ئاللاھقا كېتىۋاتىمىز، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر كۈچ ۋە توسالغۇ بىزنى توسالمايدۇ.» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

ئەينى چاغدا كونيا خەلقى بۇ كارۋاننى شۇنداق ھەيۋەتلىك قارشى ئالدۇ، ھەتتا سەلچۇقىيلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالائىددىن كەيكۇبات ئۆزىمۇ قارشى ئېلىشقا چىققان ۋە ئوردىغا تەكلىپ قىلغان. ئەمما باھائەددىن ۋەلەد: «ئەي ئەركىلىك سۇلتانى! ياخشى كۆڭۈللىرى بىزگە يەتتى. لېكىن ئىماملار مەدرىسىگە، شەيخلەر خانىقىغا، ئەمىرلەر ئوردىغا، سودىگەرلەر سارايلارغا، بوبتاقلار بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا، غېرىپلار دەڭلەرگە مۇۋاپىقتۇر. رۇخسەت قىلسىڭىز بىز ئۆز لايىقىمىز بولغان مەدرىسىگە ئورۇنلىشايلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كارۋان كونيادىكى ئەڭ چوڭ مەدرىسىلەردىن بىرى بولغان «ئالتۇن ئاپا» مەدرىسىسىگە يەرلىشىدۇ ۋە ھېچقانداق سوۋغا قوبۇل قىلماي: «بىزنىڭ دۇنيا مېلىغا ھاجىتىمىز يوق.» دەپ ئەدەپ بىلەن سوۋغىلارنى رەت قىلىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە سەلچۇقىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان كونيا ناھايىتى تىنچ شەھەر بولۇپ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى بولۇپ موتىۋەللارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان شەرقلىق بىلىم ئادەملىرى ۋە سەنئەتكارلار يىغىلغان جاي ئىدى. ئاناتولىيەنىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىن بۇ يەرگە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار بىلەن تولغان ئىدى. كونيا ئىسلامنىڭ غەرپكە يۈزلىنىشىدە ناھايىتىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇ شەھەردە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلار ياشايتتى، تۈركلەر، ئەرمەنلەر، يەھۇدىلەر، گرېك، پارس قاتارلىقلار. شۇڭا ئەتراپتىكى ھەر قايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ كۆپ ئىدى.

مەۋلانا ئائىلىسىنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشىدىن پۈتۈن

ئاھالــە خــوش بولــدى. باھائەدد‍ىــن ۋەلــەد كونيادىكــى چــوڭ مەدىرىســىلەردە دەرس بــەردى. ئۇنىــڭ دەرســخانىلىرى ئىنســانلار بىلــەن لىــق تولــۇپ نامــى ئەتراپقــا يېيىلــىپ ھۆرمىتــى ئاشــتى.

جالالىددىــن رۇمــى دادىســى باھائەددىــن ۋەلــەد 1231 ـ يىلــى ۋاپــات بولغاندىــن كېيىــن دادىسىنىڭ ئــەڭ يېقىنــى شــەيخ بۇرخانەتتىــن ئۇســتاز قىلــدى. ئــۇ زاتتىــن توققــۇز يىــل ئىلىــم ئۆگەنــدى. كېيىــن بــەزى تالىپــلار بىلــەن بىلىمىنــى تېخىمــۇ چوڭقۇرلاشــتۇرۇش مەقســىتىدە ئايالــى ۋە ئىككــى ئوغلىددىــن بىــر مەزگىــل ئايرىلــىپ باغــدات ۋە شــامغا بېرىــپ ئىلىــم ئالــدى. بــۇ جەريانــدا نۇرغــۇن ئالىمــلار ۋە پەلســەپەچىلەر بىلــەن ئۇچراشــتى. ئەرەپ،پــارس ۋە گرىــك تىللىرىنــى پىششــىق ئىگەللىــدى.

ئۇســتازى شــەيخ بۇرخانــەت ئالەمدىــن ئۆتكەندىــن كېيىنــلا ســۆيۈملۈك ئايالــى گۆھــەر خانىمــمۇ ياشــلا ۋاپــات بولــدى. جالالىددىــن رۇمــى بىــر تەرەپتىــن ئىككــى پەرزەنتىنــى تەربىيىلىســە يەنــە بىــر تەرەپتىــن دادىســى ۋە ئۇســتازىنىڭ ئىزىنــى بېســىپ مەدىرىســىدە دەرس ئۆتتى،جۈمــە كۈنلــىرى بولســا پۈتــۈن كونيــا خەلقىگــە ۋەز بــەردى. بۇنىــڭ بىلــەن جالالىددىــن رۇمىنىــڭ نامــى چىقىشــقا باشــلىدى،ھۆرمىتى ئېشــىپ تالىپلىرىنىــڭ ســانى كۈندىــن كۈنگــە كۆپەيــدى. جالالىددىــن رۇمــى ئەمــدى بىــر بۈيــۈك ئالىــم بولــۇپ ئەتراپقــا تونۇلۇشــقا باشــلىدى.

جالالىددىــن رۇمــى ئىككىنچــى قېتىــم كــەررا خانىــم بىلــەن نىكاھلىنىدۇ.كــەررا خانىــم ئىككــى پەرزەنتــى (كىميا،ياقــۇپ) بىلــەن ئــوردا ئەمەلدارلىرىدىــن بىــرى بولغــان شــاھمۇھەممەد دېگــەن كىشــىدىن تــۇل قالغــان كونيادىكــى ئــەڭ چىرايلىــق خانىملاردىــن بىــرى ئىــدى. جالالىددىــن رۇمــى بــۇ ئاياللىدىــن ئــۈچ پەرزەنتلىــك بولدى،قىــزى مەلىكــە ۋە ئوغۇللىــرى ئەمىرئالــەم ۋە مۇزەففەرىددىــن.

جالالىددىن رۇمى ئىجادىيەت تارىخىدا بەش ئەسەرنى ئاپىرىدە قىلغان،بۇلار: مەسنەۋى،دىۋانى كەبىر،فىھى مافى،مەجالىسى سەبئا (يەتتە مەجلىس) ۋە مەكتۇپلار.

مەسنەۋى جەمئىي ئالتە جىلتلىق 25632 بېيتتىن تەركىپ تاپقان،كلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان،يەنى ئىككى مىسرالىق،ئۆزئارا قاپىيىداش بولغان «فائىلاتۇن ـ فائىلاتۇن ـ فائىلۇن»دېگەن شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. مەسنەۋىنىڭ تىلى پارىسچە بولۇپ،مەۋلانا سۆزلىگەن بېيت،ھېكايە ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى شاگىرتى خۇسەمەتتىن چەلەبى خاتىرىلەپ،رەتلەپ كىتاپ قىلغان. مەسنەۋىدە مەۋلانا بىر ھېكايىنى باشلايدۇ،ئەمما بۇ ھېكايىنى دەرھال ئاياغلاشتۇرماي ئارىسىدا بېيت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلارنى ۋە ياكى باشقا بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ئاندىن ئەسلىدىكى ھېكايىنى كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى ئەسىرى بولسا دىۋانى كەبىر. دىۋانى كەبىر شېئىرلار توپلانغان «بۈيۈك دەپتەر» دېگەنلىك بولۇپ «بۈيۈك دىۋان»دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەۋلانانىڭ پەرقلىق دەۋر ۋە تۈرلۈك مەزمۇنلاردا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ تىلى پارىسچە بولۇپ ئاز ساندىكى شېئىرلار تۈركچە،ئەرەپچە ۋە گرېكچە.دىۋانى كەبىردىكى شېئىر ۋە رۇبائىيلارنىڭ سانى 40000 دىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى ئەسىرى «فىھى مافى» بولسا «ئىچىدە ھەممىسى بار»ياكى «ئىچىدە ئىچىدىكىلەر بار» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەسەر مەۋلانانىڭ ھەر تۈرلۈك ئىلىم مەجلىسلىرىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن توپلىنىپ،رەتلىنىپ مەيدانغا كەلگەن،جەمئىي 61 بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن بىر كىتاپتۇر. بۇ ئەسەردە بەزى

سىياسىي مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى تارىخىي ئارقا كۆرىنىشنى ئىپادىلەيدىغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ قالغان.

تۆتىنچى ئەسىرى «يەتتە مەجلىس» بولسا مەۋلانانىڭ يەتتە قېتىملىق چوڭ نۇتۇقىنىڭ خاتىرىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر. مەۋلانانىڭ ۋەزلىرى خۇسەمەتتىن چەلەبى ۋە ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ خاتىرىلىشى بىلەن ئەسلى نۇسخىسى ئۆزگەرمىگەن ئاساستا مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر.

بەشىنچى ئەسىرى «مەكتۇبات»(مەكتۇپلار،خەتلەر) بولسا مەۋلانانىڭ سەلچۇقىيلار دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرى ۋە شۇ دەۋردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زاتلارغا نەسىھەت ئۈچۈن يېزىلغان خەتلەر،مەۋلانادىن سورالغان سۇئاللارغا يېزىلغان جاۋاپلار ۋە ئىلمىي مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەر بولۇپ جەمئىي 147 پارچە مەكتۇپتىن تەشكىل تاپقان بىر كىتاپتۇر.

مانا تا بۈگۈنگىچە بولغان سەككىز ئەسىردىن بۇيان بۇ ئەسەرلەر كىتاپخانىلار ۋە ئائىلغۇچىلارغا زوق بېغىشلاپ،چوڭقۇر مەزمۇن،ئاجايىپ تەسىرچانلىق،پەۋقۇلئادە ئاھاڭداشلىقى ۋە شېئىرىي شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرماقتا. بولۇپمۇ «مەسنەۋى» پۈتۈن دۇنيادا ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان. دىنئالىكتىك پىكىر جەۋھەرلىرىنى ئىشق پرىنسىپلىرى بىلەن ئىسلام دىنىمىزنىڭ چەك-چېگراسى ئىچىدە تۇرۇپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاجايىپ نامايەندە قىلغان.

ئەنە شۇنداق ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا چەكسىز تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ گىگانت شەخس 1273-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى پانى دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.

مەۋلانا ھەزرەتلىرى بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدا ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن سۆيگىنىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن،ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەركىم تىرىكتۇر. ھەقتىن باشقىسى بىلەن تىرىك بولغان ھەركىم مىڭلارچە ئەقىل ۋە مىڭلارچە بىلگەنگە ئىگە بولسىمۇ يەنە سەن ئۇنى پۈتۈنلەي يوق دەپ بىل! چۈنكى بارلىقىڭدىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭ بارلىقىغا پۈركەنمىگۈچە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسەن،بۇ بىر ھەقىقەتتۇر. ئوتتۇرىغا چىققان ھەر مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقىي جېنى ھەقتۇر،جاندىن باشقا نىمە بولسا پانى،يوقىلىپ كېتىدۇ.»

«مەن ئۆلگەندىن كېيىن مازىرىمنى يەردىن ئىزدىمەڭلار،بىزنىڭ مازىرىمىز ئىلىم ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە.»

ھەزرىتى مەۋلانا جالالىدىن رۇمىغا ھەركىم ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئاساسەن باھا بېرىدۇ. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپچى،بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا بۈيۈك بىر شائىر،بەزىلەر تېرەن بىر سوپى دېسە،بەزىلەر ئۇلۇغ بىر ئىسلام پەلسەپەچىسى دەيدۇ. مېنىڭچە بولغاندا جالالىدىن رۇمى ئاللاھ ئىشقىدا يانغان بۈيۈك بىر ئاشىقتۇر.ئىشق،گۈزەللىك،توغرىلىق، ياخشىلىق،ھەقىقەت ۋە ئىنسانلىقنى ئىزدىگۈچىلەرگە خوش خەۋەر بەرگەن ئۇلۇغ سادادۇر. ھىجران ئازابىدا ئىگراۋاتقانلارغا داۋا بولغان شىپالىق نەپەستۇر. ئىنسانلارغا ئىنسانلىقنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن ئۇستازدۇر. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە گاڭگىراپ قالغانلارغا تەسەللى بەرگەن،ئۇلارغا سۆيگۈ ئاتا قىلغان مېھرىبان كۆڭۈل شاھدۇر. ھەممە نەرسىدە ئىنساننى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە تەبىئەتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى بىلگىنى بىزگە سۇنغان،ئىنسان تەپەككۇرىغا يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن مۇتەپەككۇردۇر. ئۇنىڭ پىكىر سىستېمىسى ئېتىقادنى روھ،ئەقىل ۋە سۆيگۈ قاتارلىق

تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق، دىن، ئىلىم ۋە ئەقىل يوللىرىغا يېڭى ئۈپۇق نۇرلىرىنى چاچقان مەنىۋى قۇياشتۇر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ مۇھىم بىشارەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، بۇ دۇنيادىكى ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچى بىر ھايات ئىكەنلىكى ۋە بۇ دۇنيادىكى ماددىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى بۆلىدىغان، گۇمران قىلىدىغان، ھەتتا پارچە - پارچە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك قىرغىنچىلىقلار، دۈشمەنلىكلەر ۋە دۇنيا خارەكتېرلىك ئۇرۇشلارنىڭ تۈپ مەنبەسى ئەنە شۇ ماددىي مەنپەئەتلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جالالىدىن رۇمى ئىسلام ئېتىقادى ۋە تەپەككۇرى ئارقىلىق ئىگە بولغان پىكىر ۋە ئىدىيەلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغان. ئىلاھىي ئىشق يولى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ئىشق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەقىل ۋە كۆڭۈللىرىنى ھەرخىل يامانلىقلار، ناپاكلىقلار ۋە خاتا چۈشەنچىلەردىن ئازات قىلىپ روھلىرىنى پاكلىغان، خۇراپات ۋە ئىستىبداتقا قارشى تۇرۇپ روھىي ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلغان. ئەھلى سەلىپ يۈرۈشى، موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە فاناتىزم ھۆكۈم سۈرگەن مۇرەككەپ تارىخىي دەۋردە ئىرق، تىل ۋە دىنىي مەزھەپلەردىن قەتئىي نەزەر ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەل، شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى دەستىدىن «تاش ئۈستىدە تاش، تەن ئۈستىدە باش قالمىغان» زۇلمەتلىك دەۋردە جالالىدىن رۇمى شېئىرلىرى، نەسىھەتلىرى ۋە سۆھبەتلىرى ئارقىلىق ھەر دائىم

تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرغان. خەلقنى ھىمايە قىلىپ فېئوداللىق ۋە خۇراپاتلىققا قارشى تۇرغان. ئىلغار پىكىرلىك شەخس بولغانلىقىدىن تەقىپ،ھۇجۇم ۋە تۆھمەتلەرگە ئۇچرىغان،مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دىن ۋە شەرىئەتكە زىت دەپ قارىغان. ئەمما مەۋلانانىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى ئۇنى جىسمانىي جازادىن ساقلاپ قالغان.

ئارىدىن سەككىز ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مەۋلانانىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشىنىماقتا. ئىشق يولىدىكى جەۋھەرلىرى ئىنسانلارغا مەنىۋىي ئوزۇق بولماقتا. ئەمما ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ ھايات ھېكايىلىرىغا ئۇيدۇرمىلار قوشۇلۇپ ئىش-ھەرىكەت ۋە ئوي-پىكىرلىرى سىرلىق كۆرسىتىلىپ خۇراپاتلىققا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى،ھەر دەۋرنىڭ ئىلغار ئېقىمدىكى ئاقىۋەتنى كۆرەلەيدىغان،شەيئىيلەرنى پەرق ئېتىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان بىلىمدان زاتلار جالالىدىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ جاھان خەلقىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئەسەر ۋە پىكىرلىرى تۈرك كلاسسىك ئەدەبىياتى،پەلسەپىسى ۋە تۈرك-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئابىدىسىگە ئايلانغان. ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى ۋە يول كۆرسەتكۈچى دانا پىكىرلىرى،سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل سۆزلىرىگە بۈگۈنكى دەۋردە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياجى بار.بىر تەرەپتە باياشاتچىلىق،بىر تەرەپتە ئاچ-يالىڭاچلىق،بىر تەرەپتە سەلتەنەت،بىر تەرەپتە ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋلانانىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنىۋىي دورىدۇر.

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن بەلختىن كونياغىچە بولغان بۇ ئالتۇن زېمىن بۇندىن 800 يىللار مۇقەددەم چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەنگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئاسماندىن يېغىۋاتقان بومبىلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى نەتىجىسىدە كۆيۈپ كۈل بولماقتا. ئۆي ـ ماكانلىرىن ئايرىلغان مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسان دەشت ـ باياۋانلاردا سەرسان بولماقتا. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋلانانىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، دوستلۇقپەرۋەر، ئادالەتپەر ـ ۋەر، مىللەت ۋە دىن ئايرىمايدىغان نەپرەتسىز پەلسەپىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇر. تۈركلەر قەھرىمانلىرى بىلەن ياشايدۇ، ئۇلار ھەر زامان بىزنىڭ پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزىمىزدۇر. كۆڭۈل دۇنيايىمىزنىڭ قەھرىمانى بولسا مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ھەزرەتلىرىدۇر.



# دىۋانى كەبىردىن دۇردانىلەر



# «دىۋانى كەبىر» ھەققىدە

«دىۋانى كەبىر» جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىككىنچى چوڭ ئەسىرىدۇر. «دىۋانى كەبىر» شېئىرلار توپلانغان بۈيۈك دەپتەر دېگەنلىك بولۇپ «بۈيۈك دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

جالالىددىن رۇمىنىڭ پەرقلىق دەۋرلەردە خىلمۇخىل مەزمۇنلاردا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە ۋە ئەرەپچە بولۇپ ئاز ساندىكىلىرى تۈركچە ۋە گرېكچە.

«دىۋانى كەبىر» جالالىددىن رۇمىنىڭ ئەس ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئىچىدىن جۇش ئۇرۇپ چىققان روھى ھالىتىنىڭ كۆڭۈلگە ئۇرۇلغان دولقۇنلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن ساداﻻرىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ ئەسەرمۇ خۇددى «مەسنەۋى»دەك مەۋلانانىڭ كۆڭۈلدىن تۇغۇلغان ھەقىقى بىر ئىلھامىدۇر. ھەتتا بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسمى مەۋلانا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساما ئويناۋاتقاندا ئىچىدىن دولقۇنلاپ چىققان ھېسسىياتلىرىنىڭ مۇڭزارىدىن روياپقا چىققان. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «قان جۇش ئۇرغاندا مەن ئۇنىڭغا شېئىر رەڭگىنى بېرىمەن.» يەنە بىر مىسرادا: «ئەي ئاشىق! ساڭا ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنى دەي. خەلققە غەيب ئالەمدىكى سۆزلەردىن بىر ئىشىك ئاچاي.» جالالىددىن رۇمى بۇ شېئىرلارنى دائىم قەلبىدىكى ئىلاھىي شاراپنىڭ جۇشقۇنلۇقى ئىچىدە تۇرۇپ سۆزلىگەن. بۇ ھېسسىياتلىرىنى تۆۋەندىكى مىسرادا مۇنداق ئىپادىلىگەن: «كۆڭۈل-كۆكسۈم ئالەمنىڭ

شاراپ ئۆيى بولدى،سېخى كۆڭلۈم رەھمەت بولدى.» يەنە بىر مىسرادا: «لەۋلىرىڭنى لەۋلىرىمگە ياقسام مەست بولسەن. مەن ئۇزۈم شارابىدىن قېلىشمايمەن.» يەنە بىر مىسرادا: «مەن مەست بولمىسام سۆزلىگەن سۆزلىرىم شېرىن تۇيۇلمايدۇ. بولمىسا ئۇ تۈجۈپىلەش ئەدىپلىك ۋە ئىجتىھاتتۇر.»

«دىۋانى كەبىر»دە جالالىددىن رۇمىنىڭ مەشھۇر مۇرىتلىرىدىن خۇسامەتتىن چەلەبىگە ئاتاپ يازغان 30 غا يېقىن غەزىلى بار. يەتمىشتەك غەزىلىنى يەنە بىر شاگىرتى سالاھىتتىن زەركۇپقا ئاتىغان. غەزەللىرىنىڭ كۆپىنى جان دوستى شەمسىددىن تەبرىزىگە ئاتاپ سۆزلىگەن. جالالىددىن رۇمى شەمسىددىن تەبرىزى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن پىششىپ يېتىلگەن بىر شائىرغا ئايلانغان ۋە ئىلاھىي ئاشىق بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇپ يەتكەن. شۇڭا شېئىرلىرىدا مەۋلانا بەزىدە شەمسىددىن بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شېئىرلىرىدىكى شەمسىددىن ئىسمى ئۆزىنى ئىشارەتلەيدۇ. شۇڭا «دىۋانى كەبىر» ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستاندا «كۇللىياتى شەمسىددىن» ئىسمى بىلەن نەشىر قىلىنغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە سۆزلىگەن ھىكمەتلىك سۆزلىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن دېگەن بولۇپ،بۇ دانا سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى «ماقالەتى شەمسىددىن» ئىسمى بىلەن توپلىغان ئىكەن. مانا بۇ ئالىجاناپلىق جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىلىم ۋە ئىرپانىنى قانچىلىك دەرىجىدە قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن جالالىددىن رۇمى مۇنداق دېگەن: «ئالىم ئالىملارغا رەھمەتتۇر.»

«دىۋانى كەبىر»دىكى شېئىر ۋە رۇبائىيلارنىڭ سانى 40000 دىن ئىبارەت. «دىۋانى كەبىر»دىكى ھېكمەتلەر،پاساھەتلىك سۆزلەر،چوڭقۇر مەنىلەر،ئاشىقلىق،يېگانىلىقنى ئىپادىلەيدىغان

ئۇنچىلەر ۋە شېئىر ـ بېيتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ بەرگەن ئىلھام بىلەن مەۋلانانىڭ كۆڭلىدىن جۇش ئۇرۇپ چىققان.

بۇ شېئىرلار تىلنىڭ گۈزەللىكى،رىتىمى ۋە رەڭگارەڭلىكى بىلەن ئىلھام قوياشىغا ئايلانغان. ئاشىق مەۋلانانىڭ كۆڭلى ئارقىلىق مەشۇقىغا ئېرىشكەن. مەۋلانا سۆز ئۇستىسى بولۇپ،گۈزەل سۆزلەش قابىلىيىتى ۋە ئىلھام تۇيغۇسى بىلەن يارىتىلغان زات ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىشى ئەمەس جىم تۇرۇشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەنانى ئىپادىلەيتتى. ئۇ ئوينىغان سامانىڭ ھەربىر ھەرىكىتى بىر ھېكمەتلىك سۆز ئىدى. ئۇنىڭ جىم تۇرۇپ ئىپادىلىگەنلىرى سۆزلىرىدىن بەكرەك چوڭقۇر مەنانى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقلاردىن يۈرەكلەرگە نۇر چۈشەتتى. يۈرەكنىڭ قەدەھلىرىگە شاراپ، روھنىڭ ئاغزىغا ئابىھايات ئاقاتتى.

كىشىلەر مەۋلانانىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق دىن،ھەقىقەت ۋە يارىلىشىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن،شۇڭا ئۇ قانچىلىك خەلققە چۆككەنسىرى شۇنچىلىك كۆكلەرگە يۈكسەلگەن.

بىز چەكلىك ئەقلىي قابىلىيىتىمىز بىلەن مەۋلانانىڭ بەزى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنەلمەيمىز. چۈنكى ئۇنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ سۆزلىرىدە بەكمۇ چوڭقۇر مەنىلەر بار. سۆزلىرى چەكسىز بىر گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «كۆزۈڭنى يۇم،قەلبىڭ كۆزگە ئايلانسۇن.» دېيىلگىنىدەك قەلبىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا،ئەقىل ۋە ئىدراكىنىڭ ئېچىگە كىرىپ كۆزىتىش ئۈچۈن زەررىلەردەك كىچىك پارچىلارغا پارچىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئەمەس بەلكى يارىتىلىشتىكى

ھېكمىتىنى بىلىش يۆكسەك بىلىش قۇدرىتىگە ئىگە ئەرەنلەرگە خاستۇر.

مەۋلانانىڭ گۈزەل شېئىرلىرى ئوخشاش بىر روھ ۋە كۆڭۈلدىن چىققان نۇر ۋە ھېكمەتتۇر. ئۇ شېئىرلار قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھتىكى مەدھىيىسىدۇر. مەۋلانانىڭ شېئىرلىرى زامانىسىدا قانداق بىر رەھبەرلىك ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولسا ھازىرقى زاماندىمۇ ئوخشاشلا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر، بەلكى تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى ئۇ شېئىرلار ھاياتلىق سۈيىنى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئابىھايات بۇلىقىدىن ئالغان، مەنبە مەڭگۈلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن شېئىرلىرىمۇ مەڭگۈلۈك پاك ۋە ساپ روھقا ئىگىدۇر. مەۋلانانىڭ بۇ ئەسەرلىرى تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بىباھا خەزىنىسىدۇر.

مەن «دىۋانى كەبىر»نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈمگە بەكرەك تەسىر قىلغانلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا پېقىرنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەمنىڭ قوشۇلىشىنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئىستىدىم. تەرجىمىنى قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ياخشى قىلىشقا تىرىشتىم. ئەگەر خاتالىق سادىر بولغان بولسا ئەپۇ قىلغۇچى ئۇلۇغ رەببىم پەردىلەپ ياپسۇن، بەندە خاتاسىز بولماس، رەببىم ئىلتىپاتى بىلەن خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگەي.

# ئاللاھقا ئاشىق بولغانلار ئۇ بەرگەن دەرتنىمۇ سۆيىدۇ

ئاللاھىم! ماڭا ئاز غەم بەرگەن چاغلىرىڭدا كۆڭلۈم تارلىشىدۇ، ھەسرەتكە چۆكىمەن. دەرت بىلەن غەمنى ئۈستۈمگە تۆكسەڭ، ماڭا كۆپ غەم بىلەن ئىزتىراپ چەكتۈرۈپ ياخشىلىق قىلغىنىڭدىن خىجالەت بولىمەن. بۇ غەملەر پەقەت سەندىن كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا بۇ غەملەرنى كۆپ ياخشى كۆردۈم، ھەم تېخىمۇ كۆپ غەم ئىستىدىم. ماڭا نېمانداق كۆپ غەم كەلمەيدىغاندۇ دەپ غەمنىمۇ قىزغىنىمەن. بۇ سەۋدا مېنى قويۇپ بەرمەيدۇكى ئەسلىمگە قايتىپ بېلىقتەك ھالىمغا قايتاي دېسەم. يالغۇز مەنلا ئەمەس، سېنىڭ غېمىڭنى ھەممە كىشى سۆيىدۇ. چۈنكى پۈتۈن دۇنيانىڭ جازالىرىدىن پەقەت سېنىڭ غېمىڭلا ساقلايدۇ. شۇڭا سەن بەرگەن غەمنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالىمايمەن. سېنىڭ پۈتۈن غېمىڭنى يالغۇز ئۆزۈملا چېكىشنى ئويلايمەن.

ئالدىمغا ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بىر ئاچچىق دەرت چىقىرىسەن. بۇ يېڭى كەلگەن بۈيۈك دەرت كونا دەردىمگە داۋا بولىدۇ. مېنى ئىزتىراپتىن قۇتقۇزىدۇ. غەم يوللىرىدا ئاجايىپ بىر چاك-تۇزاڭ چىقسۇنكى ئۇلارنى كۆزلىرىمگە سۈرمە قىلاي. سەندىن كەلگەن بىر كېسەل باشقا بىر كېسەلگە يول بەرمەيدۇ. خەزىنەڭ مېنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىمغا يول قويمايدۇ. سەھەردە شام يېقىشىمغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئوپئوچۇق مەيداندا كۆرۈنۈشكە، دەلىل كەلتۈرۈشۈمگە يول قويمايدۇ. كاللامغا كەلگەن بىر خىيال، پانى بىر گۈزەل ھەقىقىي سۆيگۈنى كۆرۈشكە پەردە بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقىي

سۆيگۈنى خىيال قاپلىۋالىدۇ. شۇڭا پەردە بولغان ئۇ خىيالنىڭ قېنىنى تۆكۈش ماڭا مۇناسىپتۇر. سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن مەن ئىككى دۇنيالىق خىياللارنى ياندۇرۇپ كۆيدۈرۈپ ياندۇرىمەن. مەن بىر شامدەك يانسام بۇ ئىككى پەرۋانىمۇ مېنىڭ يالقۇنلۇق ئوتۇمدا كۆيىدۇ.

# سەنسز چاك بىلەن نەي مۇڭزار بولدى

مەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ساقلاۋاتىمەن. روھلار ئەلەستە ئالەمدە: «ھەئە،سەن رەببىمىز» دېگەندە سەن ھاياجاندىن ئىشىكنى ئېچىپ ماڭا:«تۇر،كەل» دېيىشىڭنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم. مېنىڭ جېنىم ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئىپار ـ ئەنبەر پۇراقلىرىنىڭ ئىچىدە بىھوش بولغانتى. يۇزمىڭلىغان مېنىڭدەكلەر سېنىڭ گۇزەل يۈزۈڭگە دائىم ھەيراندۇر.
بىز باشقىلار قىلغان ئىشلاردىن ۋاز كەچكەن ئېغىر ـ بېسىق مەستلەردىن .
پۈتۈن ئالەم ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتسە نېمە بولاتتى ،ئىشقىڭ باقى بولسۇن...
ئىشقىڭ قولىنى بىر سىلكىسە بۇ كۆكلەرنىڭ تېشىغا كۆكلەردىن كۆكلەرنى يارىتىدۇ ۋە ئاللاھ يۈزلەرچە يېڭى ـ يېڭى زامان يارىتىدۇ.
بۈگۈن بىز سېنىڭ مېھمىنىڭ،تەبەسسۇمۇڭنىڭ مەستانىسى بىز. ئىسمىڭنى،يۈزۈڭنى ئېسىمىزگە ئالغاندا بۇ كۆڭۈل شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈلىدۇ. سېنىڭ ئىسمىڭدىن باشقا بىر گۇزەل ئىسىم بارمۇ؟ سېنىڭ ماكانىڭدىنمۇ يۈكسەك باشقا بىر ماكان بارمۇ؟ سېنىڭ قەدىمىڭدىن باشقا كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان باشقا بىر قەدەھ بارمۇ؟
ئەي شېرىن سۆزلۈك گۈزەل يۈزلۈك ساقى ،قەيەردە سەن؟
ئەي مۇھتەشەم! سېنىڭ ئىشىك ئالدىڭدا يۈكسەك بىر دەبدەبە ۋە كۆركەملىك بار .ئازراق تېشىغا چىقىپ قاراپ باق!.

سىنىڭ ئۇ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدىغان خۇشخۇي كۆزلىرىڭگە مەستانە بىز.

مۇشۇنداق بولۇش بىلەن بىرگە بىز بىر تەرەپتىن پەرياد قىلىپ،قانلىق كۆز ياشلىرىمىزنى تۆكۈپ،ياقىلىرىمىزنى يىرتىپ،جىگەرىمىزنىڭ قانلىرىنى قويۇقلاشتۇرىمىز. كىيىم كېچەكلىرىمىزدىن،ياقىمىزدىن بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ ئىسپاتلىرىنى كۆرەلەيسەن.

يۈزۈڭنى كۆرگەن مەجنۇن بولىدۇ. ئۇ مەجنۇن سىنىڭ دىيارىڭدا تاش ـ كېسەك بولۇپ قالسىمۇ مەن ئۇنىڭ بېشىغا بالا كەلدى دېمەيمەن. چۈنكى سەندىن جانىنىڭ خەۋىرى بولماسلىقىدىنمۇ بەتەر بىر بالا بۇ ئالەمدە يوقتۇر.

ئەي ئادەم بالىسى سۇلتانى شاھ! نەپسىمنى قارىغۇلارچە ئەيىپلىمە. سەندەكلەرگە ئوخشايدىغان شۇنداق جانلار بار بولۇپ،ئۇلار جان دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدا ئېقىپ،دېڭىزنى بىلىمىز دەپ بىلەرمەنلىك قىلىدۇ. توغرا،شۇنداق بىر ئېقىن سۇلار باركى،جىم تۇرماستىن ئاقىدىغان...

يەنە شۇنداقمۇ سەللەر باركى ئۆز يوللىرىدىن ئېزىپ قاياققا ئېقىشىنى بىلمەيدىغان.

بۇ يولنى بىلىپ ئاققانلار ئاللاھقا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار ئەيلەيدۇ. ئۇ يوللىرىدىن ئازغانلار كۈچ ۋە تاقىتىمىز قالمىدى دەپ ئاھ ئۇرىدۇ.

ئەي قۇياش! سەن چىقىپ توغرا يولدىكىلەرگە ساقى بولدۇڭ. قۇللىرىڭغا بەزىدە سېخىيلىك بىلەن،بەزىدە خىسلەتلىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى نامايەن قىلدىڭ.

گۈل بىردىنلا سېنى كۆرۈپ جېنى ۋە ياپراقلىرىنى يىرتتى.
چاڭ سېنىڭ سازىڭدىن خىجىل بولۇپ ئالدىڭدا ئېگىلدى.
چولپان يۇلتۇزىدىنمۇ تەلەيلىك ۋە ئىقبالى بولغان نېمە؟

نەيدۇر،پەقەت نەي. لەۋلىرىنى لەۋلىرىڭگە تەگكۈزۈپ

سەندىن نەغمە ئۆگەنسۇن.
چاڭ بىلەن نەي سەنسىز مۇڭزار بولدى.
سەن چاڭغا قۇچاق ئېچىپ،نەيگە لەۋلىرىڭنى سۇندۇڭ.
داپ دەرھال شۇنداق دېدى: «قولۇڭنى يۈزۈمگە ئۇر،ئاھاڭ تېخىمۇ جاراڭلىق چىقسۇن.»
بۇ پارچە-پارچە بولغان جاننىڭ ھەربىر پارچىسىنى ئايرىم-ئايرىم بىھۇش قىلىپ خۇشاللىقا چۆمۈلدۈرگىنىكى تۈنۈگۈن كېچىدە قولدىن كەتكەن ئۇ پۈرسەتلەر ھازىر باشقىدىن كەلسۇن...
ئەي ئۇلۇغ شاھ! بۇنچىۋالا سەزگۈر بولۇشۇڭغا نېمە ھاجەت.
ۋاللاھى مۇندىن كېيىن مەن رەببىمدىن بىھۇش بولۇپ يۈرىمەن.
مەن ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق خىتاب قىلىمەن: «ئىسپات شارابى بولماي يۇقىرىغا ئۆرلە».چۈنكى گۈزىلىم! سېنىڭ لۇتپۇڭ بىلەن قۇللىرىڭ ئارىسىدا ئاشىق مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ماجىرالىرى بار...

# سەن ھوقۇش ئەمەس بىر بۇلبۇل

بىزدىن نېمىگە قاچىسەن؟ ئۇيەر بۇيەرنى نېمىگە ئايلىنىپ يۈرۈيسەن؟

سېنىڭ جېنىڭ ھاسىنىڭ سېپىدەك بىزنىڭ قولىمىزدا ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟

خېلىدىن بۇيان جاھاننىڭ ئەتراپىدا بىكاردىن بىكارغا تاۋاپ قىلىپ تۇرىسەن.

ھالبۇكى بۇ قۇرۇق گەپلەرنىڭ دەستىدىن ھېچ بىر ۋاپا كۆرمىدىڭ.

ئەي بىچارە! بىر قانچە كۈن ئۇنىڭ بۇنىڭ سايىسىدا ياشاشتىن ۋاز كېچىپ،نېسىپسىز ئاچ قالغان ئىتلاردەك ياشاپ باق،قانداق بولىدىكىن...

ئەي ئۆلۈكنى ئىزدىگەن كۆڭلى ئۆلۈك! سېنىڭ چاڭگىللىقىدىكى نېمەت بىر ئۆلۈكنىڭ كېپىنىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

سەن تىرىكنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈكنى قانداق ئايرىيالايسەن.

بىر ھامامنىڭ تاملىرىدىكى نەقشلەنگەن رەسىملەرنى قاچانغىچە قۇچاقلاپ يۈرىسەن؟ سەن ئالدىڭدا تۇرغان ئۇ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار،ئۇ مال ـ دۇنيالار،قىممەت باھالىق ساپال قاچىلار بىلەن ئېتىكىڭنى تولدۇرۇۋاپسەن. ئەجىلىڭ سېنى يوق قىلىدىغان چاغدىلا ماڭا ئىشىنەمسەن؟

سەن ھوقۇش ئەمەس بىر بۇلبۇل ئىكەنلىكىڭنى

ئويلىمامسەن؟

نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقىرلىق ئىچىدە يۈرىسەن؟

ئۇ باغلار بىلەن چىمەنلەرگە نېمە بولدى؟

ئۇ ياپيېشىللىقلار،سەرۋىلەر ۋە تاڭ سەھەرنىڭ زىلال شاماللىرى قەيەردە؟

پۈتۈن بۇ گۈزەللىكلەر سېنىڭ تۇرۇپ سەن نېمىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىسەن؟

ئەي بېغىمىزنىڭ گۈلى! سەن قەيەرلەرنى كېزىپ يۈرىسەن؟ قەيەرلەرنى ئايلىنىۋاتىسەن؟

زىغىر چېچەكلىرى شۇنچىلىك كۆپ تۇرسا ماڭا سېنىڭ ماھىيىتىڭدىن بىر بەلگە بەرمىدى.

ئۇنىڭغا سېنى تەرىپلەپ بەر دېگەن چاغلىرىمدا: «ماڭ نېرى،بۇنى مەندىن ئىستىمە،ئۇنىڭغا دۇئا ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇشتىن باشقا نېمە دېيەلەيمەن» دېدى.

ئەي گۈزەل كۆكتىكى تەڭرى! باغلار سېنىڭ قوللىرىڭ بىلەن شېرىنلەشكىنىدىن،ياپراق ۋە مېۋىلەر بىلەن تولغانلىقىدىن،بۇ بارلىق بايلىقلار سېنىڭ قولۇڭ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق.

سەرۋى قانچىلىك ئېگىز بولسىمۇ يەنە ساڭا يېتەلمەيدۇ.

ھەركىمنىڭ كۆزى تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن سېنى كۆرمەيدۇ؟

قۇشلار سېنىڭ خاسىيىتىڭدىن خۇتبىلەر ئوقۇسا،زىرائەتلەر سېنىڭ شەرىپىڭ ئۈچۈن گۈللەر چاچسا،ئالتۇن قەدەھلەر رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر چاچسا يەنە ھېچبىرى سېنىڭ گۈزەللىكىڭگە يەتمەيدۇ ۋە ھېچبىرى سېنى مەدھىيىلەپ بولالمايدۇ.

گۈل بۇلۇت ئارقىلىق سۇغۇرىلىدۇ،كۆكۈل سەۋر بىلەن.

بۇلۇت گۈلنىڭ دوستى،سەۋر زىيانىڭ دوستىدۇر.

ھەممە يەرنى شەيتان ۋە ھايۋانىدەك ئىنسانلار قاپلاپ كەتتى.

ئەمما ھېچبىرى بۇ ئاشىقنىڭ ئۆيىگە ئاياق باسمىدى.

مېنى ھەر تەرەپتە ئىزدە،مېنى نېمە دېسەڭ دە.

ساڭا ئۇ يول كۆرسەتمىگۈچە سەن يەنە ئۇ يولنى تاپالمايسەن.

قۇياشنىڭ ئىسسىق تەپتىدىن سۇ يۈزى ئىسسىيدۇ،ئاندىن قۇياش يەنە ئۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئاز-ئازدىن دائىم يۇقىرىغا تارتىدۇ. شۇنداق بىر تارتىدۇكى،ئۇنىڭ قانچىلىك تارتقانلىقىنى سەن تۇيماي قالىسەن. كىبىرمۇ ساپلىقنى ئەنە ئاشۇنداق تارتىپ چىقىرىپ ئوغرىلايدۇ.

بۇ ھەيران قالارلىق گەپلەرنى قىلماي ئاغزىمنى يۇمدۇم.

يۇمدۇم ئەمما پۈتۈن بىر كېچە ماڭا كۆكتىن راۋاپنىڭ ساداسى كەلدى،راۋاپ قەلبىمنىڭ ئوزۇقىدۇر.

راۋاپ ئاشىقنىڭ مەيخانىسى ۋە دوستىدۇر.

شۇڭا ئەرەپلەر بۇلۇتنى راۋاپ دەپ ئاتايدۇ.

قانداق بولۇپ بۇلۇت گۈل ۋە گۈلىستاننىڭ ساقىسى بولغان بولسا،راۋاپمۇ قەلبىنىڭ ئوزۇقى ۋە ئەقىللەرنىڭ ساقىسىدۇر.

ئوتنى پۈۋلىسەڭ يالتىراپ ئۇلغىيدۇ. تۇپراقنى پۈۋلىسەڭ توپا-چاڭدىن باشقا نېمە چىقىدۇ؟

راۋاپ: «ئۇدۇل قايتىپ كەل» دەپ تەبىئەتنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ھالبۇكى دۇمباق چالساڭ قارىغۇمۇ بويۇنتاۋلۇق قىلىپ قايتىپ كەلمەيدۇ.

ئاشىق مۇشەققەتنىڭ تۈگۈنىنىڭ ئېچىلىشى ئەنە ئاشۇنداقتۇر.

مۇشكۈللىكى بولمىغانغا جاۋاپ بېرىش نېمە ھاجەت.

ھايۋاننىڭ مۇشكىلاتىغا جاۋاپ سامانىدۇر. سامانىنى بەرگەن چېغىڭدا ھايۋاننىڭ قىيىنچىلىقى ھەل بولىدۇ. پەقەت ئۇنىڭدىكى

كۆشەش ئىشقى ئۇيقۇنىڭ خېمىرتۇرۇچىدۇر.

ئاشىقنىڭ ھەم يۇقىرى ھەم مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن بارلىق كۆڭۈللەر مۇھەم بىر يەرگە توپلىنىدۇ.

رەببىمنىڭ نىداسى كۆڭۈللەرنى چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزىدۇ.

ماتېرىيالىستلارغا ئىشقتىن سۆز ئاچما،چۈنكى ئۇلار ئۆزگە قورقۇ،ئىلتىماس ۋە ساۋاپ قاتارلىقلارنىلا ۋەزىپە قىلىۋالغان.

ئەي تەبرىزنىڭ ئېپتىخارى شەمسىددىن! سېنىڭ خۇمالىق كۆزلىرىڭدىن كەلگەن ئىشق ئوتى دىلىمنى دائىما شادىمان ئەيلىدى...

# سۆيى تاتلىق دېڭىزغا شۇڭغۇدۇم

ئىشق مادامىكى كۆڭلۈمنى خاراپ قىلدى،ئۇنداقتا بۇ كۆڭۈل خارابىسى ئىچىدە قۇياش چىقىپ نۇر چېچىشى كېرەك.

مەن مەرتىلىك ئالدىدا خىجىل بولغانلىقىمدىن ئۆرە تۇرالماي يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇ شاھ ماڭا دۇئا قىلدى ھەمدە قىلغان دۇئاسى قوبۇل بولدى.

مېنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىنى كەزدۇردى.

مەن مۇنداق دېدىم: «مەن مەنزىرىلەرنى كۆردۈم،ئەمما كۆرگەن مەنزىرىلەر مەنزىرە ئەمەس بەلكى نىقاپتى. ئۇ نىقاپنىڭ نۇرى ئالەمنى كۆيدۈرۈۋەتكۈدەك كۈچلۈك ئىدى. يا رەب! ئۇ ئاي پەردىسى قايرىلىپ كەتسە ئەجىبا قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟...»

ئاشىق يېنىمدىن ئۆتتى،مەن ئايىغىغا ئېسىلدىم.

ئاشىق ئاغزىنى ئاچتى،ئۇ مېنى كاۋاپنى يېگەندەك يېدى.

ئۇ مېنى يېگەندە مەن زاماندىن نىسۋەمنى ھارغۇچە ئالدىم.

سۆيى تاتلىق بىر دېڭىزغا شۇڭغۇپ ئازاپتىن قۇتۇلدۇم...

ھەركىم ئاشىق بالاسىنىڭ لوقمىلىرىدىن ئوڭاي خوشنۇت بولالمايدۇ ۋە ئاسانلىقچە زوق ئالالمايدۇ. بۇ ئىشق شارابىدىن لەززەتلىنەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەر ئىشەنچى سەۋەبىدىن بالا ـ قازا ۋە دەرت ـ ئەلەملەرنى لەززەت دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار سۇنىڭ ھېچبىر ۋاقىت ئوتتىن قورقمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

پەلەك چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئۇ ئاي يەنە كەلدى ۋە مېنىڭ يۈرىكىمگە ئوت سالدى.

بۇ يۈرەك ئوتىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.

مېنىڭ تەن ئۆيۈمگە قاراپ باق، جېنىمغا بىر قاراپ باق.

ئىشق شارابىدا مەست بولدى.

نېرىقى ھاراق ـ شاراپ ئۆيىنىڭ ئىگىسى كۆڭلۈمگە دوست بولغاچقا ئىچ ـ قارنىم ئىشقتىن شاراپقا تولدى.

يۈرەك ـ باغرىم كاۋاپ بولۇپ، كۆزۈم ئۇنىڭ خىيالى بىلەن توشۇپ مۇنداق نىدا قىلدىم: «ئەي قەدەھ! سەن نېمىدىگەن گۈزەل، ئەي شاراپ! ئاپىرىن ساڭا.»

ئىشقىنىڭ قولى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەر كۆڭۈلنى ماكان ۋە تۇپ يىلتىزىدىن يۇلۇپ ئالىدۇ.

بۇ كۆڭۈل ئىشق دېڭىزىنى كۆرگەن ھامان مەندىن دەرھال ئايرىلىپ ئۇ دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتىدۇ ۋە «مېنى ئىزدەپ تاپ» دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

شەرقىنىڭ قۇياشى، تەبرىزنىڭ ئىپتىخارى شەمسىددىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن بولۇتتەك بۇ كۆڭۈللەر ئارقىدىن يۈگۈرمەكتە...

# يا رەب! سىنى بىر كۆرەي دەيمەن

ھەي ئاي! ئۇخلاۋاتسەن،بوپتۇ ئۇخلاۋاتقاندا بولسىمۇ گۈزەل جامالىڭنى ياپقان پەردىنى قايرىۋەت،قۇياش ئالدىڭدا شۈكران سەجدىسىنى قىلسۇن...

مەن سېنى كۆرگەندە پېشىڭغا ئېسىلدىم،سەن قولۇمنى ئاستا پېشىڭدىن ئاجراتتىڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي يۈزۈڭنى ماڭا قىل.

ماڭا: «ئالدىرىما،ئالدىراقسانلىق شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» دېدىڭ.

ھالبۇكى ئەسلىدە شەيتان سەن تەرەپكە يۈزلەنمىگەنلەردۇر.

يا رەببىم! بىر كۆرسەم دەيمەن. ئويلاپ باقماپتىمەن،ئىشىك ئالدىدا مىڭلارچە ئىنسانىنىڭ جاۋابىڭغا تەشنا بولۇپ: «يا رەب!» دەپ نىدا قىلىپ يالۋۇرۇپ مۇناجات قىلغانلىقىنى...

تۇپراقتىكى قانچىلىغان ئوت يۈرەك كۆڭۈللەر ۋە جانلار قوللىرىدا قاچىلىرىنى تۇتۇپ «سۇ،سۇ» دەپ شىپالىق يامغۇرلىرىڭنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ.

تۇپراق ئازاپلىق ئىڭرىماقتا. پەقەت ئۇ،بۇ تۆت ئۇنسۇردىن كەلگەن ئىنقىلاپ كەلكۈنى ئىچىدە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان قۇدرەتسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان.

بۇ ۋاقىتلاردا دوستىنىڭ شامال ئايىغى ئازراق مىدىرلايدۇ ۋە تاملارغا قاراپ ئاقساپ-ئاقساپ ئىككى ئۈچ قەدەم باسىدۇ.

بۇ ئاقساپ ماڭغان قەدەملەرنىڭ نەتىجىسىدە چاقماق چېقىپ،گۈزەل خىتاپلار بىلەن كۆكلەر گۈلدۈرلەپ رەھمىدىللىق

قىلىدۇ ۋە بۇلۇت مۇنداق دەيدۇ: «ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىماڭلار. تۇپراق ئۇسساپ كېتىپتۇ،بارلىق مەخلۇقاتلار ئىزتىراپ چېكىپتۇ.»

بۇنىڭ بىلەن بۇلۇتلار قولىرىدا شاراپ بىلەن لىق تولغان كوزىلار،تۇلۇملار ۋە كۆپلەرنى تۇتقان ھالدا يەردىكى ئۇسساپ كەتكەنلەرنىڭ ئۇسسۇزلىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شىپالىق يامغۇر ياغدۇرىدۇ.

ئاشىق خەزىنىسىنى ئاشىق خاراپ قىلغان كۆڭۈللەردىن ئىزدە. چۈنكى بۇ خەزىنە باھاردا خاراپ بولغان كۆڭۈللەردىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

دوست ياكى جانانىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن شاراپ كېرەك.

ئەلۋەتتە،دېڭىزغا بارالمىساڭمۇ دەريانىڭ سۈيىگە بولسىمۇ پۇتۇڭنى تىق...

# مۇھەببەت،كۆڭۈل بىلەن كۆزدە يېتىشىدۇ

جانانىم! روھىنىڭ يۈزى ھەقىقەتەن بەكمۇ گۈزەل ۋە پارقىراق.

لېكىن سېنىڭ يۈزۈڭدىكى بۇ گۈزەللىك تامامەن باشقىچە...

ئەي يىللارچە روھنى كۈيلىگۈچى! ماڭا بىر سۆيەت كۆرسەتكىنكى ئۇ سۆيەت روھىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بەرسۇن.

ئۇنى خىيال قىلغان كۆزنىڭ نۇرى ئاشىدۇ.

مۇشۇنداق بولۇش بىلەن بىرگە ۋىسالىنىڭ ئالدىدا كۆزلىرى قامىشىدۇ...

ئۇ گۈزەل يۈز سەۋەبىدىن ئاغزىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.

ھەر ۋاقىت تىلىم بىلەن دىلىمدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۇنى ياد ئېتىپ قەدىرلەيمەن.

كۆڭۈم سېنىڭ مۇھەببىتىڭدە ۋەتەنگە تەشنا بىر كۆز بولدى.

ئۇنداق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت پەقەت كۆڭۈلدە،كۆزدە يېتىشىپ چىقىدۇ...

ئىشقىنىڭ بۇ قۇلى شۇنداق بىر تەربىيىلىنىپ يېتىشتىكى،بۇنىڭ بىلەن ھەتتا پۈتۈن ئىقلىم پارلاق قۇياشتەك نۇرلىنىپ كەتتى...

سېنى تىلىگەن تىلەكسىز بولدى. چۈنكى تىلەكلىرىگە مۇددەت بەلگىلەپ بولغىچە يەتتى.

كۆيۈۋاتقــان ھەربىــر دوزاق بــۇ ئىشــق بىلــەن كەۋســەر بولــدى. چۈنكــى ئىشــق كەۋســەرنىڭ ئــۆزى ئــدى.

ئــەي كۆڭــۈل! دۈشــمەنلەرنىڭ بــۇ زۇلۇملىرىدىــن ســەن كۆڭلۈڭنــى غەم ـ غۇسســە قىلما.شــۇنى ئويلىغىنكــى، كۆڭۈللەرگــە ھــوزۇر بەخــش ئاتــا قىلغــان ســۆيۈملۈكۈڭ بەرگــەن ھەربىــر ھۆكــۈم ھەممىدىــن ئۈســتۈندۇر.

مېنىــڭ بــۇ ســۇلغۇن چىرايىمنــى كــۆرۈپ دۈشــمەنلىرىم خــۇش بولمىسۇن .

مېنىڭ يۈزۈم زەپىرەڭ ئەمەس قىزىل گۈلدەك...

مەشــۇقۇمنىڭ گۈزەللىكــى مادامىكــى خىزمەتكاردىــن گۈزەل،ئــۇ ھالــدا مېنىــڭ دەرتلىرىمنــى ســېمىز بىــر ئادەمگــە ئوخشاتســاق،مەدھىيەگە تولغــان بــۇ تىلىــم ئــورۇق ئادەمدەكتــۇر. توغــرا، بــۇ قانــداق بىــر قائىدىكــى «تەمەخورلــۇق كېســىلىنىڭ ئەلىمــى ئاشــقاندا ئىگىراشــلىرى ئازلايدىغــان...»

شەمســىددىن تەبرىــزى ئايــدەك پارلىدى،يــاق ئۇنى قانداقســگە ئايغــا ئوخشــاتقىلى بولســۇن،ئۇنىڭ يــۈزى ئايدىنمــۇ نۇرلۇقتۇر.

# ھەممە تىكەندە گۈل ئېچىلمايدۇ

ئەگەر يار بىلەن بىرگە بولىدىغان بىر ۋەتەن ئارزۇ قىلساڭ كۆڭۈل ئۆيۈڭدىن ياتلارنى قوغلا.

سابا ئۇيىنىماقچى بولساڭ ئىنكار قىلىشتىن ۋاز كەچ.

سابا بىلەن مەست بولمىغان گەرچە ئىقرار قىلسىمۇ ئىنكار قىلغۇچىلاردىن دەپ بىل. ساباغا قايىل بولغان بىلەن شاراپ تونۇغاننى ئەقلى جايىدا دەپ بىل،مەست دېمە.

بۆيۈكلەرنىڭ بۆيۈكى شۇنداق دېگەن: «يارنىڭ سايىسىمۇ شۇنچىلىك ياخشى.چۈنكى ئۇ ئاللاھنى تونۇشقا سەۋەپ بولىدۇ.» گۈلنىڭ تىكىنى بار دېمە،ئەلۋەتتە گۈل تىكەن بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەمما ھەممە تىكەندە گۈل ئېچىلمايدۇ. يات تىكەننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەت. گۈللۈك تىكەننى جېنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدە تۇت...

مۇسا ياغاچنى ئوتتا كۆردى. ھالبۇكى ئۇ ياغاچ ئوتتا كۆيمەي بەلكى ياشناپ كۆكەردى. دېمەك كۆڭۈل ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ خىرس ۋە شەھۋىتىنى مانا مۇشۇنداق چۈشەن ۋە بىلگىن. توغرا،كۆرۈنۈشتە شەھۋەتتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەقنىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ ئوتىغا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دۈشمەنلەر كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا شەمسىددىن تەبرىزى بەش بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

دوستقا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ؟ يەنە شۇ دوست...

كېسەلنىڭ ئاھۇ-زارىغا كىم يىتىدۇ؟ يەنە كېسەل...

شەپقەتلىك باھارنىڭ كۆز ياشلىرى قەيەرلەردە؟
كېلىپ تىكەننىڭ ئېتىكىنى گۈللەر بىلەن تولدۇرسۇن...
رەھىمسىز غازاڭ پەسلىدىن ئاگاھلار.
غـــازاڭ پەســـلى: «لەززەتلەرنـــى يـــوق قىلىدىغـــان زىكرىنـــى كۆپەيتـــىڭلار» دەيـــدۇ.
ھەزرىتـــى مۇھەممەد(ئەلەيھىسســـالام) غـــاردا ســـىددىققا مۇنـــداق دېگـــەن: «قايغۇرما،ئاللـــاھ بىـــز بىلـــەن بىللـــە.»
دېمـــەك ئىچىڭـــدە ئىككىنـــڭ ئىككىنچىســـى ئـــۇ بولســـا غارمـــۇ ســـاڭا گـــۈزەل كۆرۈنـــدۇ.
ئاشىقنىڭ مۇڭ زارلىرىدىن كۆك يىرىلىدۇ.
ئاشىقلارنىڭ ئارزۇلىرىنى خارلىماڭلار.
بۇ پەلەك ئەسلىدە ئاشىقلار ئۈچۈن چۆرگىلەيدۇ.
قېنـــى ئورنۇڭدىـــن تـــۇر! بىزمـــۇ ئىشـــق بىلـــەن تىز-تىـــز پىرقىرايلـــى...
ھەزرىتـــى مۇھەممەد(ئەلەيھىسســـالام) كـــە ئاللـــاھ: «ســـەن بولمىغـــان بولســـاڭ كۆكلەرنـــى ياراتمايتتـــىم» دەپ نېمـــە ئۈچـــۈن دېـــدى؟
بىلگىنكـــى تاللانغـــان ئەھمـــەد بولســـا ئۇنىڭغـــا نىســـپەتەن ئىشـــقنىڭ جەۋھـــىرى ئـــىدى.
كۆك بولسا ئاشىقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.
بۇ پىرقىراۋاتقان قۇببە ئاشىقلار ئۈچۈن يارىتىلغان.
ھەرگىزمـــۇ ناۋايلار،تۆمۈرچىلـــەر ياكـــى ئوتاقچىـــلار ئۈچـــۈن يارىتىلمىغـــان.
بۇ پاسكىنىلىقنىڭ ئەتراپىدا قاچانغىچە پىرقىراپ يۈرىمىز؟
بىر مۇددەت ئاشىقلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ باقايلى.
قەيەرلەردىكـــن تـــاڭ ئـــۇ كۆزلەر،ئىشـــك ۋە تامنىـــڭ ســـىرتىغا نـــەزەر تاشـــلاپ جانلارنـــى كۆرىدىغـــان.
ئىشىك،تام،ئوت،شـــامال،تۇپراق ھەممىســـى بىربىرىدىـــن

پاساھەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەيدۇ.

تارازا،گەزگە ئوخشايدىغان ئۆلچىگۈچلەر ئەمەلىيەتتە تىلسىز گەپ قىلالمايدۇ. ئەمما بازارنىڭ ھاكىمى ئەنە ئاشۇلار.

ئەي ئاشىق! گەپ قىلماي،ئاغزىڭدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز چىقارماي كۆككە ئوخشاش ئايلانغىن.

ئەي ساقى! كۆز ياشلىرىمغا باھارنىڭ بۇلۇتلىرىدەك گۈللەرنى چاچ،شاراپ ئەكەل.

تېخى توغرا تۇۋا قىلمىدۇق،مېنىڭ سۇنۇق كۆڭلۈمدىن قولۇڭنى تارت.

ئەي ساقى! قەدەھلىرىڭ توختىماي سۇنسۇنكى سۇنۇقلىرىنى جانلىرىمنىڭ ئالدىغا چاچاي.

ئاشىقتىن بىر قەدەھ ئىچەي. ئىچكەچ قانلىق كۆز ياشلىرىم بىلەن قۇچاقلىرىمنى تولدۇراي.

ئىشق يولىدا ھەر كۈنى كۆككە ئوخشاش يېڭى ئىش باشلاي.

ئاھ! بۇ نېمىدېگەن گۈزەل بىر باشلىنىش،نېمىدىگەن گۈزەل بىر ئىش.

شاراپنىڭ دۇغلىرى ۋە كۆڭلۈمنىڭ دەرتلىرى مېنىڭ بىلەن دوست.

شاراپنىڭ دۇغى بىلەن كۆڭلۈمنىڭ دەردىمۇ يارنىڭ غەم-غۇسسىسى بىلەن ھەم سىرداش...

بۇ كۈلخاندا تۇۋا——ئىستىغپاردىن ۋاز كەچتىم.
خىلۋەت بىر يەردە ئىشق دەرسى ئۆتۈۋاتىمەن.
مۇنبەرنىڭ ئاستى تەرىپىنى بېشى قىلدىم.
مەن پانى دۇنيادا پۈتۈنلەي ھېچ مەن،ئەمما باقى مەن.
تامدىكى رەسىمدەك مەن،ئەمما روھ ھالدا مەن.

ئەي ئىشق! كۆڭلۈمدە ئاھ ئۇرسام،بۇ ئاھىمنىڭ ئاۋازى سەندە ئەكس سادا چىقىرىدۇ. بىزنىڭ شارابىمىزنى باشقا بىر

قەدەھكە تولدۇرۇپ بەر. چۈنكى بىز يا مەست ئەمەس يا ساق ئەمەس...

ئاشىقلار بار يەرنىڭ تېگى-تەكتى يوق. ئۇ قەلبىڭدىكى مەيخانىنىڭ ئۈستىدە.

ئەگەر ئاشىقلار دوستىسىز بىر نەپەس ئالسا جەندە-كۆلالىرى،تەسۋىلىرى زۇننار (پاپازلار بەللىرىگە باغلايدىغان بەلباغ) بولىدۇ.

بىز ھەممىمىز بۇ يولدا ئېچىرقىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جاندىن تويغان قەلەندەرىمىز.

ئىشقتىن مەست بولدۇق. ئۇزۇن بىر يولغا،جاپالىق كېچىلەر ئۈچۈن تەق بولدۇق. دەستىرخانىمىزدا يەيدىغىنىمىز يوق،مىنىدىغان ئاتلىرىمىز يوق،يېزىلار قاپقاراڭغۇ،ماڭىدىغان يول بەك ئۇزۇن.

بۇ يول مەڭگۈلۈك بىر يولكى،ھەر ۋاقىت مىڭلار ۋە يۈزمىڭلارچە پىدائىيلىرى بولغان بىر يولدۇر.

# ھەق شەربىتىنىڭ كۆپى كۆڭۈلدۇر

پاك ئۆمۈر سەپىرىدە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىزنى ئوغرىلار ئاپ ـ ئاشكارە ئوغرىلاۋاتقان چاغدا كارۋاندىكى بىرە ئادەم نېمە ئۈچۈن ئويغانمايدۇ؟

ئۇ خەۋەرچىلەرنىڭ جاپاسىغا نېمە ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىسەن؟

سېنىڭ كۆڭلۈڭنى رەنجىتكەن نەرسە پەقەت ئۆزۈڭنىڭ شەرھى ۋە ۋەزنىڭدۇر.

چۈنكى جاھان سۆيگۈسىدە سۇ ئۈستىدىكى نەقىشلەردەك قارار يوقتۇر.

بىر ئادەم ئۆينىڭ ئىچىدە مۇنداق دەپ تۇراتتى: «ئەي بىنا! توساتتىنلا خاراپ بولما. خاراپ بولۇشىنىڭ ئالدىدا ماڭا خەۋەر قىلىپ قوي...»

بىر كېچىسى ئۆي تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە نېمە دېدى بىلەمسىلەر؟

ئەي بىنا! مەن ساڭا قىلغان شۇنچە نەسىھەتلەرگە نېمە بولدى؟

مەن ساڭا ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتىن بۇرۇن خەۋەر قىل دېمىدىممۇ؟

بۇرۇن خەۋەر قىلىپ قويغان بولساڭ،مەنمۇ بىر ئامال قىلىپ ئائىلەم بىلەن بىللە قاچاتتىم. سەن بولساڭ خەۋەر قىلمىدىڭ.

شۇنچە ۋاقىت سېنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەنلىكنىڭ يۈز خاتىرىسى نەگە كەتتى؟ مېنى زارلىتىپ ئىگىراتتىڭ.

ئـۆي پاسـاھەتلىك ھالـدا مۇنـداق جـاۋاپ بېرىپتـۇ: «مـەن سـاڭا كېچـە ۋە كۈنـدۈز شـۇنچىلىك كـۆپ خـەۋەر بەردىـم. ھەممـە تەرىپىـم تۆكۈلۈپ، قومۇرۇلۇپ، ئۆرۈلـۈپ كەتكەنـدە يېرىلغـان ئاغزىمنى ئېچىـپ: «ئەمـدى ھەرگىـز تاقىتىـم قالمىدى، ۋاقتى كەلدى، ھوشـۇڭنى تـاپ» دېـسـەم سـەن قـۇلام سـالمىدىڭ. مـەن ئاشـۇ گەپلەرنـى قىلغانـدا ئاغزىمغـا بىـر كاللـەك لايىنـى تىقتىـڭ. تاملاردىكـى پۈتـۈن يېرىقلارنىـڭ ھەممىسـىنى سـۇۋۇدۇڭ. قايسـى تەرەپتە ئاغزىـم ئېچىلغان بولسـا شـۇ زامـات ئەتتىـڭ. ھـېچ سـۆزلىگىنى قويمىدىـڭ.

ئەي بىناكار! بۇنىڭدىن باشقا مەن نېمە دېسەم بولاتتى؟...

شۇنى ئوبدان بىلگىنكى ئۆي سېنىڭ بەدىنىڭدۇر.

بەدىنىڭدىكى كېسەللىكلەر بولسا تامدىكى يېرىقلارغا ئوخشايدۇ.

يېرىقلار، چـاكلار سـاڭا دەيدۇكـى: «ۋاقتـى كەلدى، ئويغـان». ئۇ خۇشـپۇراق، ماركىلىق مەجۇنـلار بولسـا سـامانلىق لايغـا ئوخشـايدۇ. شـۇنداق قىلىـپ سـامانلىق لايىنـى يېرىقلارغا تىقسـاڭ بـەدەن ئاغزىنى ئېچىـپ سـاڭا: «كەتتىـم، سـەن ئەنـە ئاشـۇنداق قىلـۋەر.» دەيـدۇ ۋە تېۋىـپ كېلىـپ ئىشـنىڭ يولىنـى ئەنـە ئاشـۇلارغا باغلايـدۇ.

بېشـىڭنىڭ قاتتىـق ئاغرىشـىنى بولسـا ئۆلـۈم شـارابىدىن بولغان دەپ بىـل.

بىنەپشە شارابىنى ئىچمە، ئانار شارابىنى تاشلا.

ئەگـەر ئىچسـەڭ ئـادەت قىلىـپ ئىـچ. چۈنكـى بـۇ بىـر يـۈز يا پىقۇ چىنۇر.

بـىراق ئاللاھتىـن ئىچكـى دۇنيايىڭنىـڭ ۋە پۈتـۈن سـىرلىرىنى قانـداق يوشۇرىسـەن؟...

تـوۋا شـارابىنى ئىـچ. ھەقتىـن يىراقلىششـقا قارشـى دورىلارنـى ئىچ.

توۋىدىن ئۆزۈڭگە مەجۇن، ئىستىغپاردىن غىزا ياسا.

دىنىڭ، كۆڭلۈڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ قانداقلىقىنى كۆر ئاڭلا.

ھەرقانـداق ئىشـنى ئوبـدان ئويلىشـىپ قىـل. ھەققـە

يۈزلەن،چۈنكـــى ئابىھايـــات ئۇنىڭـــدا.
سەن ھەربىر نەپەسىڭدە بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭدىن ئىستە.
ئەگـەر بىرسـى سـاڭا «ئىستەشـتە پايـدا يـوق» دېسـە سـەن ئۇنىڭغـا «ئـارزۇ قىلغـان نەرسـىنى ئۇنىڭدىـن ئىستەشـنىڭ نـەرى يامـان؟ مۇرىـت دېگـەن نېمـە؟ ئالدىغـا يۈگـۈرۈپ بېرىـپ ئـۆز ئارزۇسـىنى ئىسـتىگەندۇر.تىلەك تىلىگەنىنىڭدۇر،ئـوۋ ئوۋلىغانىنىڭـدۇر» دېگـىن.
سـۆيگىنىم ئەگـەر مېنـى ئىسـتىمىگەن بولسـا ئۇنداقتا مـاڭا نېمە ئۈچۈن ئىسـتەك بـەردى؟
ئـۇ گـۈزەل چىرايىنىـڭ ھەسـرەتلىرى بىلـەن نېمـە ئۈچـۈن چىرايىمنـى سـارغايتتى؟
ئەگـەر قاش ـ كۆزلىرىنـى ئوينىتىـپ ئاشـىق ئوقـى بىلـەن مېنـى ئاتمىغـان بولسـا ئىدى،كۆڭلـۈم بۇنـداق لەختە ـ لەختـە قـان بولغـان بولا تتىمۇ ؟
نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىمدىن قانلىق ياشلار تۆكۈلىدۇ؟
بـۇ قاراڭغـۇ كېچـىدە ئۆزىنـى يوقىتىـپ قويۇشـقا سـەۋەپ بولىدىغـان شـۇنداق بىـر شـاراپ باركى،ئۇنىڭدىـن بىـر قـەدەھ ئىچكـەن ئـادەم ئۆزىنـى يوقىتىـپ ھېچقانـداق بىـر ئىشـقا قولـى بارمايـدۇ.
ئىشـق شـارابىدىن ئىچەيلى،كارۋاندىكى مەسـت تۆگـىدەك يارنىڭ يۈكىنـى كۆتۈرەيلى.
پەقـەت بـۇ مەسـتلىك ھـەۋەس ۋە ئارزۇلىرىنـى ئەكىلىدىغـان مەسـتلىك بولماسـتىن،بەلكى ئەقـل ۋە روھنـى ئويغىتىدىغـان مەسـتلىكتۇر.
ئاللاھتىـن باشـقا نېمـە بولسـا ۋاز كەچكـەن بىـر مەسـتلىكتۇر. چۈنكـى ئاللاھتىن باشـقا ھەممە نەرسـە بـاش ئاغرىقىدىن،ھاماقەتلىكتىن باشـقا بىـر نەرسـە ئەكەلمەيدۇ.ئەمسـە روھ ۋە قەلبكـە پاكلىـق ئاتـا قىلىدىغـان ئـۇ شـاراپ نـەدە؟

ئاللاھ شارابىنىڭ كۈپى كۆڭۈلدۇر.

كۈپنىڭ ئاغزىنى ئاچ. ئەسكى خۇي-مىجەز لاي بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋاپتۇ.

ئەگەر كۈپنىڭ ئاغزىنى ئازراق بوشاتساڭ ساڭا يۈز مىڭلارچە ئەسىرنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سانايمەن دېسەڭ قىيامەتكىچىمۇ ساناپ بولالمايسەن. ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن سەنئەت دېڭىزىدىكى قايسى بىرىنى دەي؟

ئۇنىڭ سەنئەت دېڭىزىنىڭ ئۇچى ۋە ئاخىرى بارمىدۇ ئەجىبا؟

كۈز باھارنىڭ مۇرتى،قۇچاقلاپ تۇرۇپ،ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنى ئىستەيدۇ...

ئاقىۋەت باھار شەيخى يېتىپ كېلىپ ئۇنى تىرىلدۇرىدۇ.

باھارنىڭ مۇرتى ئەنە ئاشۇنداق تىرىلدۇ.

ئۆلۈپ قالمىسا ھەقنىڭ مۇرتى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق بولۇپ يىرگىنىشلىك ھالدا قالسۇن؟

ماڭا يۈزلىنىپ ھەممە ئىشنىڭ مۇكاپاتىنى كۆر.

چېچەك ۋە ئۈنچىدەك پاك بولغان ھەر ئۇرۇقفا مۇناسىپتۇر.

ئۇلار باستىر (ۋەز بەرگۈچى) لاردەك باھارنىڭ يېشىل كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ ھال تىلى بىلەن ھەممىسى جىم تۇرۇپ سۆزلەشمەكتە...

ئەي يار! جىم تۇر. ئۇپۇقلارنىڭ ئىپتىخارى شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ گۈزەل يۈزى بولسا ئۇ قارىغان قۇببىدىن مەيدانغا كەلدى ۋە يۈكسەلدى.

# ئىسمى ئاشىق

مەن ھازىرغىچە يار ئۈچۈن شۇنچىلىك ئازار يېدىم. بۇ ئازارلىرىم ئاقىۋەت كۆز ياشلىرىمدا ۋە جىگەردىكى قانلىرىمدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى...

مىڭلارچە ئوت ـ يالقۇن، مىڭلارچە تۇمان، مىڭلارچە غەم.

مانا بۇنىڭ ئىسمى ئاشىق...

مىڭلارچە دەرت، مىڭلارچە زارلىنىش، مىڭلارچە بالا.

مانا بۇنىڭ ئىسمى يار...

كىم ئۆز جېنىغا دۈشمەن بولسا ئاشىقنىڭ ئاللاھ ئىسمى بىلەن باشلىغان تەكلىپ سالاتىنى تۇيسۇن، ئۇنىڭ ئىگراشلىرىنى ئاڭلىسۇن...

ماڭا قارا، مەن بۇلارنىڭ يۈز ھەسسىسىگە لايىقمەن.

قورقمايمەن، قاچمايمەن، سۆيگىنىمنىڭ ئۆلتۈرىۋېتىشىدىن قورقمايمەن.

ئاشىقنىڭ بۇ زۇلۇملىرى نىل دەرياسىنىڭ سۈيىگە ئوخشايدۇ.

ئاشىق بولسا سۇغا، ئازاپ بولسا قانغا ئوخشايدۇ.

ئارچا ياغاچلىرى ياخشى كۆيمىسە ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بولىدۇ؟

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئارچا بىلەن تىكەننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق قالمايدۇ.

قولىدا قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقيا بولمىسا پەس قورقۇنچاق بىرىسى بىلەن قوماندان رۇستەم ئارىسىدا نېمە پەرق قالىدۇ؟

رۇستەم ئۇچۇن ئوق شىكەردىنىمۇ ياخشىدۇر.

ئوقنىڭ ئىتىلىپ چىقىشلىرى شىكەر چاچقاندىنمۇ بەكرەك خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ...

شىر ئۆلۈلغان ئۆۋنى ناھايىتى ھەۋەس بىلەن ئىلىپ ماڭغاندا ئۆۋلار ئۇنىڭغا ئۆۋلىنىش ھەۋىسى بىلەن قاتار-قاتار چاپىدۇ،ۋە ئۆۋلانغان ئوۋ قان ئىچىدە ئىڭراپ تۇرۇپ «ئاللاھ ئۈچۈن مىنى يەنە بىر قىتىم ئۆلتۈر» دەيدۇ.

ھالبۇكى ئوق تەگكەنىنىڭ ئىككى كۆزى ئوق ئاتقانغا قاراپ «ئەي توك،تۇيغۇسىز غاپىل! كەل قۇلىقىڭنى كوچىلاپ تۇرماي».

جىم،جىم تۇر.چۈنكى ئاشىقنىڭ ئىشارەتلىرى تەتۈرگە ئۆرۈلۈپ كىتىپتۇ.

كۆپ گەپ قىلىۋىرىپ گەپنىڭ تۈتامى قالماپتۇ...

# سەھەر شاملى

قەدەھ سۇندى،شارابىم قالدى،مەن مەست...

بىلمەن،مېنىڭ خاراپ بولغان ئىشلىرىمنى پەقەت شەمسىددىن باياشات قىلىدۇ...

ئۇ كۆرۈش ئالىمىنىڭ توغرا يول كۆرسەتكۈچىسىدۇر.

ئۇ ئىجادىيەت ئالىمىنىڭ نۇرىدۇر.

روھلار يىراقتىن ئۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.

ھەيرانلىق دېڭىزىدىن ئۇ قولىنى چىقارمىغۇچە مىڭلارچە جان ۋە روھ ئۇ دېڭىزغا شۇڭغۇيدۇ ۋە مەست بولۇپ كېتىدۇ...

ئەگەر كۆك ۋە يەر كۆپۈر قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالسا،ئۇ پارقىراپ ھەممىسىنى نۇرغا چۆمدۈرۈپ يەر-جاھاننى يورۇتىۋېتىدۇ.

مەلائىكىلەر ئۇنىڭدىن كۆڭۈل شادلىقىغا ئېرىشسە،شەيتانلار ھۆر بولىدۇ.

ئەگەر بىر كۈن شەيتانغا نۇرىنى ياغدۇرسا،ئۆزىنىڭ مەرتىلىك پەردىلىرى بىلەن شەيتاننىمۇ يېپىۋېتىدۇ.

بىر بايرامدا ھەدىيە تارقاتسا،ھەممە تەرەپتىن بىردىن كېلىن كېلىپ ھەممە يەردە توي قايناپ كېتىدۇ...

ئۇ قۇياش شەرقتىن ۋە غەرپتىن پارقىراشقا باشلىسا،زەررىچىلەر چېلىنغان كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك ئورۇنلىرىدىن تىرىلىپ قوپىدۇ.

ئەي تاڭ سەھەرنىڭ شاملى!

ئاللاھ ھەققى ئۇچۇن ۋە ھەر سەھەردە مېنى ۋە سېنى

سۆيدۈرگەن تۇز ۋە ناننىڭ ھەققى ئۈچۈن،چەكسىز غەيىپ ئالەمنىڭ ئاخىرىغا بارغان ۋاقىت تۇرما،ھورۇنلۇق قىلما،ماڭ ئالدىغا،ئۇنىڭدىن ئالغان قانات بىلەن ئۇچ.

مىڭ يىل كەتكۈدەك ئۇزاقلاردا بولسىمۇ بىر كۈندە ئۇچ...

قاناتلىرىڭ چارچاپ ئۇچالماس ھالغا كەلگۈچە ئۇچ.

ئۇچالماس بولۇپ قالغان چېغىڭدا سەجدە قىل.

بۇ ئاغرىق جېنىڭ ۋە كۆڭۈل ھىجران ئاشىقىنىڭ ھالىنى كۆز ياشلىرىڭنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاڭلات.

ئايرىلغاندىن بېرى كۈندۈزىمىز قاراڭغۇ،كېچىمىز ئايدىڭلىق بولدى.

سەن شۇنچىلىك مەرت ئىكەنسەنكى،ئالەملەرنىڭ گۇناھكارلىرىنىمۇ رەھمەت دېڭىزىڭغا شۇڭغۇتۇپ تۇرۇپ سوتلايسەن.

كۆرگەن كۆز سېنىڭ جېنىڭغا ئېرىشىدۇ.

پەقەت كۆزى بولمىغان ساڭا يېقىن كېلەلمەي،سېنى كۆرەلمىسە بۇ ھەقىقەتتەن ئەپسۇسلىنارلىق.

ئېيت،يالۋۇر،خۇشامەت قىل،ئايىغى باسقان تۇپىلارنى ئېلىپ كەل،بۇ كۆزنىڭ دەردىگە شىپا بولسۇن...

ئەي تاڭ سەھەرنىڭ شاملى!

بۇ يولىمىز سائادەتكە ئايلانغاندا،بار بولغاندىمۇ،يوق بولغاندىمۇ بۇ ئۇچقۇنلارنى ۋە خۇشاللىقلارنى ئەتراپقا چاچ...

ئۇنىڭ سۇرمىسىنى ماڭا ئەكەلگىنىڭدە ساڭا رەھمەتلەر چېچىلسۇن،يىللارچە ھەم تۈمەن مىڭلار شۇنداق بولسۇن...

# ھەرگىز ماھىيەتتىن ئايرىلمىدىم

ماڭا قارا،مازاردا ساڭا مەن ھەمراھ.
ئۇ قاراڭغۇلۇقتا دۇكاندىن ۋە ئۆيدىن ۋاز كېچىپ كېتىسەن.
مەن سېنى يالغۇز تاشلاپ قويمايمەن.
قەبرىدە ساڭا مەندىن خەۋەر قىلىدۇ.سالىمىمنى ئالىسەن.
چۈنكى ھېچ بىر ۋاقىت مەن سېنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.
مەن سېنىڭ پۈتۈن پەردە ئىچىدىكى ئەقىل ۋە ئىدراكىڭدەك مە ن .
مەيلى شاد-خۇراملىق چاغلىرىڭدا بولسۇن مەيلى جاپا-مۇشەققەتلىك چاغلىرىڭدا بولسۇن ھەرگىز ماھىيەتتىن ئايرىلمىدىم.
غۇربەتلىك كېچىدە تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغىنىڭدا يىلاننىڭ زۇلۇمىدىن،قەبرىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىسەن.
ئاشىقىڭنىڭ بىھۇشلىقى سېنىڭ قەبرەڭگە مانا مۇنداق ھەدىيەلەرنى ئەۋەتىدۇ:
شاراپ،يورۇقلۇق،سۆيگۈ،تائاملار...
بۇ چاغدا مەن ساڭا ئاڭ-سېزىم نۇرىنى سۇنىمەن.
قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرمۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ كېتىشىدۇ.
بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن قەبرىستاندىكى تۇپراقلارمۇ گاڭگىراپ قا لىد ۇ .
ھەممە تەرەپتە قىيامەتنىڭ دۇمباق ئاۋازلىرىدىن،ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشىدىن ھاياجانلىنىپ،كېپەنلىرىنى يىرتىپ،ئىككى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرىشىدۇ.
پەقەت كانايىنىڭ چېلىنىشى بىلەن مېڭىسى ۋە قۇلىقى

قانداقمۇ جايىدا بولسۇن؟

قەيەرگە قارىساڭ مېنىڭ سۈرىتىمنى كۆرىسەن.

ھاۋاقىماي ئىككى كۆزۈڭنى يوغان ئاچ. چۈنكى ناچار كۆز ئۇ كۈننى جامالىمنى كۆرەلمەيدۇ.

ئىنسانىي سۈرىتىمگە قاراپ ھەرگىزمۇ خاتالاشما.چۈنكى روھ بەك نازۇك،ئاشىق بەك غەيرەتلىكتۇر.

سۈرەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ جان ئەينىكىنىڭ ۋال-ۋال نۇرلىرى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالسىمۇ يەنىلا ئوپئوچۇق كۆرۈنىدۇ...

قېنى ئەمسە،سۆيگۈ-مۇھەببەت دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ ئىشىق شەھرىنىڭ غەزەلخانلىرىنىڭ يېنىغا ئۇدۇل مېڭىڭلار...

تەجەللى كۈنى، ئىشق يولى تېخىچە ئېنىق بولمىغانلار ئۈچۈندۇر.

ئەگەر خەلق بۇ ئالەمدە،يەپ-ئىچىش ۋە پۇل تېپىش ھەۋىسىنىڭ ئورنىغا ئاللاھنى سېغىنىپ ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلغان بولسا ئىدى،خەندەكنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرغان بىر كورنى كۆرمەس ئىدىم.

بىزنىڭ شەھرىمىزدە مادامىكى غەمگۇزار بىر ئۆي ئاچتىڭ، ئىشىكىنى ئاچمىغان بولساڭمۇ نۇردەك غەمگۇزار بول.

# ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ سەپەر قىل

ئەگەر دەرەخنىڭ پۈتى ۋە قانىتى بولۇپ ھەرىكەت قىلالىغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا يا ھەرىنىڭ ھەرىدەشلىرىنىڭ ياكى پالتىنىڭ ئازاپلىق يارا ئىزلىرىنىڭ دەردىنى تارتمىغان بولاتتى.

قۇياش قاناتلىق ۋە ئاياقلىق بولۇپ پۈتۈن كېچە ئۇچۇپ كەتكەن بولسا ئىدى، جاھان سەھەر ۋاقتىدا قانداقمۇ يورۇتۇلغان بولاتتى؟

دېڭىزدىن ئاچچىق سۇ ئۇپۇققا قاراپ كۆتۈرۈلمىگەن بولسا ئىدى، گۈلىستانىڭ ھاياتى سەل ۋە يامغۇرغا قانداقمۇ باغلىق بولغان بولاتتى؟

تامچىلار ۋەتىنى بولغان دېڭىزدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەندە سەدەپكە تىزىلغان ئۈنچە بولدى...

يۈسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىدىن ئايرىلىپ سەپەرقىلمىدىمۇ؟

سەپەردە سەلتەنەتلىك بولۇپ ئىقلىملار سۇلتانى بولمىدىمۇ؟...

ئەگەر سېنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر سەپەرگە تاقىتىڭ ۋە چىدامچانلىقىڭ بولمىسا ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ سەپەر قىل.

ياقۇت مەدەنلىرىدەك قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئۆزۈڭگە بىر ئەسەر ھاسىل قىل.

ئەپەندىم! قايتا تەكرارلايمەن،ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ سەپەر قىل!

چۈنكى بۇنداق بىر سەپەر بىلەن مەدەنلىرىڭنىڭ توپىلىرى ئۆزگىرىپ ئالتۇن بولىدۇ.

ئاچچىق ۋە چۈچۈمەللىكتىن تاتلىقلىققا قاراپ يۈزلەن.

قانداق قىلىپ شېكەر مىڭ تۆرلۈك ئاچچىقلىقتىن قۇتۇلۇپ كەمپۈت بولدى...

تەبرىزگە ئىپتىخار ئاتا قىلغان شەمسىدىن تاتلىق ئىستە،ئۇنىڭدا ھەرقانداق مېۋە قۇياشنىڭ نۇرىدىن مەي باغلاپ كېتىدۇ...

# باھار

يېقىملىق باھار كەلدى. يارنىڭ ئەلچىسى كەلدى.
بىز بولساق مەستانە،ئاشىق ھالسىز ۋە قارارسىز...
ئەي كۆز،ئەي زىبا! باغقا ئۇدۇل بار.
چىمەن گۈزەللىرىنى ساقلاتما.
چىمەنزارلىققا غەيىپ ئالەمدىن غېرىپلار كەلدى.
بارغىن،تېز بارغىن. چۈنكى يولدىن كەلگەننى يوقلاش ئادىتىمىزدۇر.
گۈل سېنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن گۈلشەنگە كەلدى.
تىكەن سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن گۈزەللەشتى.
ئەي سەرۋى،قۇلاق سال!
زىغىر چېچەكلىرى ئېرىقنىڭ قىرلىرىدا سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ئالدىدا تىللىرى تۇتۇلىدۇ.
غۇنچىلار ئېچىلمايلا تۈرۈلۈپ قالدى.
ئىلتىپاتىڭ تۈرۈلۈپ ۋە تۈگۈلۈپ قالغان چىگىشلەرنى يېشىدۇ.
بۇلار سېنى كۆرسە ئېچىلىدۇ...
خۇددى قىيامەتتەك،باھار مەزگىلىدە ئالدىنقى يىلى چىرىپ ئۆلگەن نەرسىلەر قايتىدىن بىخلىنىپ تۇپراقتىن باشلىرىنى چىقاردى.
ئۆلگەن ئۇرۇقلار قايتىدىن تىرىلدى.
بۇ تۇپراقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان سىرلار ئەمدى ئاشكارلاندى.
مېۋىلىك كۆچەتلەر چېچەكلەپ خۇشاللىقدىن نازلىنىپ لىڭشىدى.

مۇڭسىز يىپشىللىقلار خىجىللىق ئىچىدە ئەپسۇسلاندى...
روھ دەرەخلىرىنىڭ ئاقۇۋتىشى ئەنە ئاشۇنداق بولىدۇ.
ياخشى دەرەختىن تەلەيلىك شاخلار ئۆسىدۇ.
باھاردا دەرەخنىڭ شاخلىرى خۇددى بىر قوشۇندەك رەتلىك تىزىلىپ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرىدۇ.
باھاردا مانا مۇشۇلارنى كۆر.
ئاللاھنىڭ سەنئىتىدىكى گۈزەللىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈر.
توغرا، ئاللاھ ياردەم قىلىدىغانلا بولسا بىر پاشىمۇ نەمرۇتنى ئۆلتۈرەلەيدۇ.

# دوستتىن بىزگە بىر سۆيۈش

كۆڭۈل گۈزەل جامالىڭغا قارىغان چاغدىمۇ ساڭا ئىنتىزاردۇر.

جان گۈلىستانىڭىزدا مەست بولغاندىمۇ يەنە ئىزتىراپ ئىچىدە.

ئۇنىڭ قارىغان چاغدىكى پارقىراقلىقى كۆڭۈلنى قوغدايدىغان بىر تىلسىماتتۇر.

ئۇ قاراش كۆڭۈلنىڭ ئوڭ ھەم سول تەرىپىدە پەردەك گۈزەللىك ھاسىل قىلىدۇ...

سەھەر ۋاقتىدىن تارتىپ كېچە ـ كۈندۈزىڭنىڭ ئەسىرى بىز.

دوستتىن بىزگە بىر سۆيۈش،بىزدىن ئۇنىڭغا يۈزمىڭ سەجدە...

ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئۆمۈرنىڭ يىللىرىنى ئارقىغا ياندۇرغىلى بولامسىمۇ،بۇ يىللىرىمىز ئىشق سەۋداسىدا بىر چەمبەردىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟...

ھاياتنىڭ بۇ جۇلالىسىغا قارشى سەن ئىشق سازىڭنى ياڭرات.
چۈنكى كۆكلەرگە قاراپ ئۆسمىگەن كۆچەت مېۋە بەرمەيدۇ.

دېڭىزغا شۇڭغۇغان،دېڭىزنىڭ ئىچىدىن جان ئۈنچىسىنى تاپالايدۇ.

بۇ دېڭىز،بۇ ئۈنچىلەر سېنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرىڭگە تەلمۈرۈپ نالە قىلىدۇ.....

سېنىڭ شېكەردەك تاتلىق ئاغزىڭ بىلەن پۈۋلىگەن نەيدىن چىققان نەغمىلەردىن سۆگەتنىڭ ئەۋرىشىم تاللىرى تولغۇنۇپ ئۇسۇلغا چۈشىدۇ.

چىنارلار ئىككى نازۇك قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ چاۋاك چالىدۇ ۋە يىراقلاردىن ئىشق سوپىلىرىنىڭ سەۋدا ماجىرالىرىغا قاراپ،تاللىرى سوپىلاردەك بىر ـ بىرىنى تۇتۇپ،چىڭ قۇچاقلايدۇ...

جان ئەلەست ئالىمىنىڭ سىرتىغا مەستانە بولۇپ چىققاندا، دېڭىزغا قاراپ توختىماي سەلدەك ئاقىدۇ...

ساداقتىن چىققان ئوقنىڭ نىشانى بولغىنىدەك،پارچىنىڭ نىشانى پۈتۈنلۈكتۇر.

ئۇنىڭ باشقا بىر نىشانغا سانجىلىشى ئىمكانسىز.

ئۇ،خۇش بىر جاندۇر. يۈز مىڭلەرچە پوست(قوۋزاق)تىن سىرتقا چىقىپ،تۆت ئېلېمېنت ھالىتىگە كېلىپ،ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

ئىچى توغرا بولغانلارنىڭ جانلىرى ئۇ مەشھۇر جاننى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىش ئۈچۈن ئۇ جاننىڭ ئىچىدە چاڭ چالىدۇ...

جانلار ئۇ جاننىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلىدۇ.

ئۇ بولسا ئاشىقىدىن خالىس ۋە پاك بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەزەل ئېتىكىگە ئېسىلىدۇ.

ئەي كۆڭۈل! تەبرىزگە بار،شەمسۇل ـ ھەقتىن كىم ئىكەنلىكىنى سورا. مەنالار سىرىنىڭ بۇراقىغا(ئۇلاق) مىنگىن.

# بۇلبۇلۇم قەيەرلەردە

ئەي كۈز پەسلى! غازاڭ پەسلى بەزىدە ئېچىڭدە بولىدۇ.
تاللاردا ،ياپراقلاردا كۆڭۈل دەردىنىڭ ئۆرنەكلىرىنى كۆرگىن.
ئەي كۈز پەسلى! دەرخلەرنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق سال،نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلا. ھەممە تەرەپتە يۈزلەرچە تىلسىز ئىڭراۋاتىدۇ.
قۇرىغان ئىككى لېۋىڭ،يىغلىغان ئىككى كۆزۈڭ ھەرگىز بىكاردىن ئەمەس.
كۆڭلىدە دەرت بولمىغانىنىڭ يۈزى سارغايمايدۇ.
غەمنىڭ قاغىسى كەلدى. باغدا تىپىرلاپ يۈرۈيدۇ ۋە كۆڭلى يېرىم ھالدا سېغىنىپ مۇنداق سوراۋاتىدۇ:
«گۈل باغلىرى قەيەردە؟ گۈلىستانلىقلار نەگە كەتتى؟ زىغىر چېچەكلىرى قېنى؟ نەستەرەنلەر قەيەردە؟ سەرۋىلەر ،لاللەر ،يەسمىنلەر قەيەرلەردە؟
يېشىللىققا پۈركەنگەن چىمەنلىكلەر قەيەردە؟
ئەرگۇۋان دەرەخلىرى، ئۇ گۈزەل ئەرگۇۋان دەرەخلىرى نەدە؟
مېۋىلەرنى ئەمدۈرىدىغان سۈت ئانىلىرى قەيەردە؟
مول-مول سۈتلەر ۋە ھەسەللەر قەيەردە؟»
تەبىئەتكە سۈت ئاتا قىلغان ۋە سۈت بەرگەن كۆكسى قۇرۇپتۇ، روھىنىڭ سۈتىنى ئاققۇزمايۋاتىدۇ.
مېنىڭ شېرىن تىلللىق ئۇ قابىلىيەتلىك بۇلبۇلۇم قەيەرلەردە؟
«كۇ كۇك» دەپ سايرايدىغان ئۇ پاختەكلىرىم نەدە؟

سۆيگىنىمدەك بوپ قالغان ئۇ گۈزەل توز نەدە؟ شاتۇت،شاتۇتلار نەدە؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئادەملەردەك بۇغداي يېگەنتى ـ دە، ئېگىز سارايلاردىن يىقىلغانتى. يىقىلغان چاغلىرىدا باشلىرىدىن تاجلىرى، ئۈستىدىكى زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ئۇچۇپ كەتكەنتى.

گۈلشەن ئادەمدەك ياخشىلىق ۋە رەھمەت كۆكسىنى ئىمشىنى ئويلىغانتى.

ھەم ئىگرايىتتى، ھەم ياخشىلىق كۈتەتتى. چۈنكى نىمەتلەر ۋە كىرەملەر ئىگىسى بولغان ھەق ئۇلارغا:«ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار.» دېگەن.

بارلىق دەرەخلەر رەت ـ رەت تىزىلىپ قارا بىر ئەسۋاپنىڭ ئىچىدە ماتەمدە ئىدى.

يېشىل ياپراقسىز قالغانتى. ئۆزىدىكى ئۇ ئىزتىراپ، ئىمتىھان سەۋەبىدىن ئىگراۋاتاتتى.

شۇ ھالى بىلەن:«ئەي سىر ساقلىيالمايدىغان قاغا! يەنە ئۈچ ئاي ساقلا. جاھاننىڭ بايرىمى سېنىڭ قارىغۇلۇقڭغا قارىماي كېلىدۇ. ئىسراپىلىمىزنىڭ ئاۋازىدىن شاملىرىمىز ياندۇ. كۆز ۋە قىش پەسلى ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ تىرىلىمىز.»

ئەي سەھەر! جاھاننى نۇر بىلەن تولدۇر. بۇ قاراڭغۇ قەلئەنى يوقات. سەھرلەپ، ئەپسۇن ئوقۇپ تەبئەتنى ئىسسىتقىن.

ئەي گۈزەل ئىشلارنى قىلىدىغان قۇياش!

باش باھارنىڭ مىزىلىك خۇش پۇراقلىرى يېيىلغان تەرەپكە قارا.

ھەممە تەرەپتىكى مۇز، پاتقاقچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يوقات. ھەممە تەرەپكە ئەنبەرلەر چاچ....

باھار بولسا تەبئەتنىڭ قىيامىتىدۇر.

مەن بۇ قىيامەتتىكى بىر جاھىلمەن.

ئەمدى سۆزلەشتىن توختىدىم.

كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى تىلىم ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن.

سۆز بىلەن ئىزھار قىلىش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ.

دادا! سەن جىم تۇرۇپ باغدىن ۋە قۇشلاردىن كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلا.

بۇ خەۋەر ماكانسىزلىقتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر ئوقتۇر، ماكانسىزلىقتىن كەلگەندۇر.

# باش باھار

سۆيۈملۈك باھار كەلدى. بھۇشلۇق،ئاشقلق،ياشلق ۋە بارلىق نەرسىلەردىكى گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممسى بىر يەرگە توپلاندى...

بۇلارنىڭ ئەسلدە سۈرەتلرى يوقتى، ئەمدى گۈزەل بىر سۈرەتكە باغلاندى.

سۈرەتكە باغلىغان مۇئەييەن شەيئىلەرنى كۆر.

دېمەكچى بولغنىم شۇكى، كۆڭۈل بولسا كۆزنىڭ كورىدورىدۇر.

كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغان كۆزنى مەھلىيا قىلدۇ ۋە دەرھەقىقەت بىر سۈرەتكە باغلىق بولۇپ قالدۇ.

باھار كەلدى دېمەك باغدا قىيامەت بولدى دېمەكتۇر.

سىرلارنىڭ ھەممسى ئوتتۇرىغا چىقدۇ.

ئۇ چىن گۈزەللىكلەرنىڭ كۆڭۈللىرنى ئىزھار ئەيلىشدۇر.

ئەگەر سەندە بىر كۆڭۈل بولسا سەنمۇ ئىزھار قىل.

«سەن كۆڭلۈڭنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ يۈرسەن؟» دېگىم كېلدۇ .

كىشىلەرنىڭ ۋە باغنىڭ دۇئاسى شۇكى «ئاللاھىم، پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز.»

باش باھار: «ئاللاھ،پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دەيدۇ.

ئۇنىڭ «ئاللاھ،پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگەنلىكى «مېۋىلىرىمنىڭ كۆپلىكدىن سۇنۇپ كېتىمەن،ئاللاھ!

سەن مېنى قوغدا» دېگەنلىكدۇر.

لاللەر،گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن باش باھار «نەركەس، يەسمەن گۈللىرى كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ نېمانچە قارايدىغاندۇ؟» دەيدۇ.

يېگانە بىنەپشە گەپ توشۇغۇچىلار ئىككى قات بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان يەنە شۇ نىلۇپەردۇر.

سۇمبۇللار بىھوشلىقتىن باشلىرى ئىككى تەرەپكە گىلدىڭلاپلا قاپتۇ.....

ئاتقا مىنگەن سەرۋىلەرنىڭ ئاستىلىرىدا چىمەنلەر پىيادە كېتىۋاتىدۇ.

غۇنچىلار ئالىيىپ قاراۋاتقان يامان كۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ.

سۆگەتلەر ئۆستەڭ بويلىرىدا تۇرۇپ، ئېقىۋاتقان ئەينەكتەك سۈزۈك سۇلارغا قاراپ:«ئۈستىمىزدىكى بۇ مەجنۇنتاللارنىڭ ئېتەكلىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھەر تەرەپكە يەلپۈنۈپ كەتتى؟» دەپ ھەيرانلىققا تولىدۇ.

بۇرۇن بۇ تاللارنىڭ ئېتەكلىرى بۇنداق ھەرتەرەپكە ئېچىلىپ، يەلپۈنۈپ تۇرمايتتى.

كېيىن جانلىنىپ چېچىلىپ خۇددى ئۆستەڭنىڭ ئۈستىگە ئۈنچە-مارجانلار چېچىلغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ...

ياراتقۇچى باغدا مۇنداق بىر سورۇننى تەييارلىغاندا قۇشلار سازەندىلەردەك نەغمە-ناۋاسىنى ياڭرىتىدۇ...

ئاپىرىن ئۇلارغا...ئۇ سازەندىلەرنىڭ پىرىنىڭ ئىسمى بۇلبۇل.

ئۇ بىھۇشتۇر گۈلنىڭ ئىشقىدا.

شۇڭا سۆيۈملىكدىن باشاقلار توپلايدۇ...

پاختەكلــەر كەكلىكلەردىــن مۇنداق ســورايدۇ: «بــۇ گۈزەللىكلەر قەيــەردە ئىدى؟»

كەكلىكلــەر مۇنــداق جــاۋاپ بېــردۇ: «يېــرى ۋە ئۇلتۇرىدىغىنى يــوق تەرەپتــە ئىدى.»

شــاھ تەبىئەتكــە مۇنــداق دەيــدۇ: «باھــار بــۇ گــۈزەل ئۇۋۇلارنــى قاچــان ئــوۋلاپ يوقلۇقتــن يــەر يۈزىگــە ئەكەلــدى؟»

بىــر تۈركــۈم گۈلــدەك چىرايــلار، بىــر تۈركــۈم يىگىتلــەر غايىــپ پەردىســى ئىچىدىكــى ئالىيجانــاپ ۋە يازغۇچــى كىشــلەردۇر.

بىرقانچە سۈرەت: «بىز قوشۇننىڭ ئاۋانگارتلىرى» دەيدۇ.

گۈزەللىك قوشۇنى بۇ قىلتاقتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ...

يۈسۈپتەك گــۈزەل چىرايــلار، ئــۇ جاھاننــىڭ كەنــان دىيارىدىن تاتلىــق ســۆزلۈكلەر بــال دېڭىزىدىــن چىقىــپ كەلدىلەر.

شــېكەر قۇمۇشــى ئىچىگــە ســېلىنغان خەتلــەر دېڭىزدىــن كەلــدى.

ئۇ دانچىلىرىدىن تۈزۈلگەن ئانارنى دانچىسىز كۆر.

ئــۇلار ئالمىغــا مىزىلــك پۇراقلارنــى ۋە گــۈزەل رەڭلەرنــى بېرىدىغــان ۋادىلاردىــن كەلدىلــەر.

ماندارىنمــۇ ئەنــە ئاشــۇ يەرلــەردە مىزىلــك تەمگــە كىرىــپ گــۈزەل پۇراققــا ئىگــە بولــدى.

ئــۈزۈم كىچىكىــپ قالــدى، چۈنكــى ئــۇ پىيــادە ئــىدى. ئــەي كىچىكىــپ كەلگــەن، پىشــپ كەلگــەن! ســەن ئــەڭ چــوڭ ئىغۋاگەر.

ئــەي كېيىــن كېلىــپ بــۇرۇن كەلگەنلەردىــن ئۆتــۈپ كەتكۈچى، ئــەي مېۋىلەرنىــڭ كۆزى!

ســەن تەگرىنىــڭ پىششــىق يىپىنــى مەھكــەم تۇتقاچقا ســەندىكى بــۇ شــىرنىلىك تاتلىقلىــق ھېچقانــداق بىــر مېۋىــدە يــوق. ئاچچىقلىقىمــۇ ئاجايىــپ ســېنىڭ. ئاچچىقلىقىــڭ ســاپلىقىڭدىندۇر. ئەســكىلىكىمۇ بــار ئۈنىڭــدا، ياخشــىلىقىمۇ بــار. كۆيۈرلۈقىمــۇ بــار، دىنىمــۇ بــار.

ئۇ بالا ئىچىدىكى بىر ئەسكەر، ئۇمۇ ئىچىدىكى بىر قىزدەك ئاچچىقلىقنىڭ ئۇستىگە قۇدرەت ھالۋىسى قويۇلۇپتۇ. ئۇمۇ تىكەندەك سىنىڭ ئۆسۈملۈكىڭدۇر.

ئەي مەرپەت ئىگىسى، ئەي سەرخىللارنىڭ سەرخىلى! سىنىڭ قولۇڭ ھەرتەرەپكە يېتىدۇ. زامانمۇ سىنىڭ ئىلكىڭدە.

ئەي ئۈزۈم! سىنىڭ سەۋەبىڭدىن قوغۇن-تاۋۇزلار قىچىپ ئۆيگە مۆكۈنىۋالدى.

بىر دەرتكە چۈشتى. چۈنكى ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىمۇ يوق.

بىر-بىرىگە مۇنداق دېيىشتى: «سەن ئۇ ھالدا، مەن بۇ ھالدا!... قېنى ئۇ باراڭدىكى قاپاقلار، قېنى ئۇ كەشتانىلەر؟ ئۇلارمۇ سەندىن قورقۇپ قاچتى.

يىپلاردا داۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەجەبا ئۇ تاتلىق سۇ بۇلاقلىرى قاچانمۇ ئېتىلىپ چىقىپ، بىزنىڭ ئىدىشلىرىمىزنى سۇغا تولدۇرىدىغاندۇ؟»

قاپاقنىڭ قۇلىقى بولمىغاچقا بوينۇنى باغلىدى. ئەگەر قۇلىقى بولغان بولسا قانداق ياخشى ئاڭلىغان بولاتتى ھە! قۇلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنىڭ بوينىغا خورما تاللىرىدىن ئۆرۈلگەن باغ تاقايدۇ.

شۇنداق، چۈنكى شۇنچىلىك ئېنىق بولغان خەۋەرگە قۇلاق سالمىغان ئىدى.

تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان قۇلاق ئېشەك قۇلىقىدۇر.

ئىنسان بولساڭ ھەقنىڭ توغرا چاقىرىقلىرىنى ئىشىت...

ئەي گالنىڭ ۋە شەھۋەتنىڭ كۈشكۈرتكۈچى يىپلىرى بىلەن بويىنى باغلىنىپ قالغان!

سەن يەر يۈزىدە بويىنى يىپ بىلەن باغلانغان قاپاققا ئوخشاش يۈرىسەن!...

شاھنىڭ قۇلىقىغا ھالقا ئاسقان قۇلدەك بولۇشقا تىرىشىپ بوينۇڭدىكى يىپتىن قۇتۇل.

ئادەم قۇلاق ئارقىلىق ئادەم بولىدۇ ھەمدە ئالىم ۋە ئارىف بولىدۇ.

ئەي تەسۋىر لەۋھەسىنىڭ شەھرىيارى! بۇلارنىڭ كەينىنى ئەمدى سەن ياز.

# لالىلەر

قۇياش جالال نۇرىنىڭ پەردىسىنى يىرتمىغان بولسا، كۈندۈز قۇشلىرى قانداقمۇ توپ-توپ بولۇپ قول-قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچالىسۇن؟

قۇياشنىڭ تەبەسسۇمىدىن يەر-زېمىن لالىلەرگە ئوخشاپ كەتتى.

ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرۇپ لالىلەرنى تاماشا قىلماسلىقنىڭ ئۆزى بىر گۇناھتۇر، گۇناھ...

قۇياش زىيا (يورۇقلۇق) قىلىچىنى چىقاردى.

شەپەقنىڭ قىزىل قانلىرىنى تۆكتى.

مىڭلارچە شەپەقنىڭ قېنى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن پىدادۇر، پىدا...

ئەي ئاشىق كۆزۈڭنى ئاچ! جان كۆككە قارا.

ئۇ گۈزەلنىڭ ئايدەك پارقىراق جامالىنى، ھىلالدەك نازۇك بويىنى كۆر.

ئۇ ھەر زامان ئىچى شاراپقا تولغان قەدەھنى سۇنىدۇ.

قەدەھنىڭ لۇتفىدىن شىشەم لىق شاراپ بىلەن تولدى...

كۆزلىرىگە ناز ئۇيقۇسى كەلگەندە «شاھىم! كەچ بولدىمۇ؟» دېدىم.

جاۋاپ بەردى: «مېنىڭ يۈزۈمگە قاراپ كەچ بولغانلىقىنى بىلدىڭ.»

سەھەر كۆك رەڭ ئىچىدە قالغاندا كۈندۈز بولغانلىقى شۈبھىلىكتۇر.

بىراق چۈش ۋاقتى بولغاندا كۈندۈز ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

سەن جان قۇياشىنىڭ يۈزىگە ئۆتكۈر كۆزلىرىڭ بىلەن قارا.

ئەمما، مەن قارىغاندەك قارا. شۇنداق قارىساڭ گۈزەللىكنى ئېنىق كۆرىسەن...

شاھ شەمسىددىننىڭ سۈرىتى، ئۇ جان قۇياشى كۆرۈلگەن تەرىپىنىڭ پارقىراقلىقىدىن بولغان.

ئۇ تەبرىزنىڭ زىننىتىدۇر. چۈنكى سائادەت كەلتۈرگەن قۇتلۇق بىر خەۋەردۇر.

# سۆزلەشتىن ۋاز كەچمە

ئەي نەپسى كۆل(هايۋانىي ئەقىل)! سۆرەتنى تاشلا.
ئەي ئەقلى كۆل(كامىل ئەقىل)! قەلەمنى سۇندۇر.
ئـەي ئىسـتەكلىك ئـادەم! دەريـا سـۈيىنىڭ ئۈسـتىدىن ئايـاق ئىزىنـى ئىزدىمـە.
ئەي پاك روهلۇق ئاشىق! ئاقار سۇدەك پاكىز يۈر.
چۈنكـى بـۇ پاكـىز ۋە جـىم تۇرمايدىغـان ئاقـار سـۇ، هـەر يـەردە جانغـا جـان قوشـىدۇ...
تىنىمـاي ئاققـان دەريـا سـۈيىنى ئىدىشـقا ئېلىـپ، ئاغزىنـى ئېتىـپ، دەريانـى گۇناهـكار كۆرمـە.
دەريا سۈيى ئۆچۈن سوراق، پۇشمانلىقلار بەرىبىر.
سۈرەتسـىزلىك تەسـۋىرىنىڭ هـەر بىـر نەقىشـىدە يۈزلەرچـە رەڭ ۋە پۇراقنىـڭ بارلىقىغـا نـەزەر سـال.
ياپراقسـىزلىق ياپرىقـى بـار بولغـان هـەر بىـر تالغـا ئـەرەم باغىغـا قارىغانـدەك قـارا...
جانىنـىڭ ۋە كۆڭۈلنـىڭ مەنبەسـى بولغـان ئـۇ سۈرەتسـىزنىڭ سـۈرىتىدىن ئـىزا تارتقانلىقتىـن، ئۇنىـڭ سـۈرىتى ئادەمدىـن قاچىـدۇ.
ئـۇ سۈرەتسـىزنىڭ سـۈرىتىنىڭ قانچىلىغـان قۇللىـرى ۋە قانچىلىغـان ئـازات بولغـان قۇللىـرى بـار.
ئۇنىـڭ شـارابىدىن، شـاماللىرىدىن هـەر بىـرى بىـر مەدەنىدەك نەپـەس ئاپتـۇ، هـەر بىـرى بىـر تاغـدەك قوسـقىنى دومباىتىپتۇ.
سـەن خالىسـاڭ دېڭىزدىـن، خالىسـاڭ ئۈنچىدىـن، خالىسـاڭ

ئاچچىــق ھۆكۈملەرنىــڭ ئاخىرلىششــىدىن ســۆز ئــاچ، ســۆز سۆزلەشــتىن ھېــچ ۋاز كەچمــە، بايراقنىــڭ يىڭنىغــا بارغىچــە يۈگۈر...

بۇ ئەگرى يوللارنى تۈز دەپ بىل.
بــۇ مەنســەپلىرىڭنى قۇدۇقنىــڭ ئىچىدىــن تاپقانلىقىڭنــى بىلگىــن.
قــان ئاققــان دەريــا قىرغىقىغــا بارغىنىڭــدا، ئــۆزۈڭ كېــرەم داســتىرخىنى بــار دېڭىزغــا بارغــان بولســەن...

ئوتقا سۇ دالدا، سۇغا ئوت.
ئاشقىنىڭ ئوتىدىن روھ خۇشال بولىدۇ.
سۈيىدىن بولسا كۆڭۈل پۇشماندۇر.

ئەي بىزنىڭ ئېغىرلىقىمىزنى تەڭشىگۈچى!
پۇتلىرىمىزنى يوللاردا مەھكەم تۇرغۇز.
ئــەي دوســت! ســەن بولمىســاڭ راھــەت مۇشــەققەتتەك، ســالامەتلىك كېســەلدەك تۇيۇلىــدۇ.

# ئەي! گۈزەل ئالەم

ھەممىسى يىدى، ئىچتى، ئۇخلىدى. ۋەتەن جىمجىت، قۇپقۇرۇق قالدى.

چىمەنلەرنىڭ يەلپۈنىدىغان ۋاقتى كەلدى.

ھەممىسى يىدى، ئىچتى، ئۇخلىدى. بىز قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتتا ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويايلى.

جاھاننىڭ جېنى بىز، كۆڭلى بىز، زاماننىڭ باش قوماندانى بىز.

مادامكى سەن ئابىھايات، ئۇنداقتا سەن باقى.

ئاشىق بىزگە زەئىپ كۆزلىرى بىلەن قاراپ، بىزنى قايغۇغا سالدى.

سۆيگۈ بىزگە پىتنە ـ پاسات ئىچىدە پىتنە ـ پاساتلار چاچتى.

كېيىن بىزگە ھوزۇر كەلدى، جاھاننىڭ كۆڭلىمىزنى قالايمىقان قىلىشىدىن قۇتۇلدۇق. تۇسقۇنلۇقلاردىن قۇتۇلغان جان تەڭرىنىڭ مول نېمەتلىرى بىلەن تولغان گۈلىستانغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى...

ئۇ يەر چەكسىز بىپايان بىر ئالەم.

بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ئالەم ھە!

ئۇ يەر ئىنساننىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان، روھلارغا ئوزۇق، جانغا ئاراملىق بېرىدىغان گۈزەللىك ئالەمدۇر.

ھەق قۇرئاندا: «ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن رىزىقلىنىپ

كۆڭۈللىرى خۇشاللىققا تولىدۇ.» دېدى.

ئاشىقلارنىڭ سارايى ئۆيى دەپ ئاتالغان ھەققە يۈزلەنگەن يەر بولغاچقا، بىز ئۇ شارابنى ئىچىپ، تائاملارنى يەپ ھوزۇرلىنىمىز.

ئېتىكىمىزگە خاسىيەتلىك ئالمىلارنى يىغىمىز.

شاپتۇللۇقلار يېنىغا ئۇدۇل يۈگۈرەيمىز.

يېڭى ئېچىلغان گۈللەر، يەسىمەنلەرنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ماڭىمىز...

سەن ماڭا شاراپ بەرگەندە مەندىن ئەدەبلىك بولۇشنى كۈتمە.

شەرىئەتتە ئەسكى مەست بولىدىغانلارنىڭ جازاسى ئېنىق.

خالىساڭ سەنمۇ مېنى جازالا.

ئەدەبلىك، ئەدەبسىزلىك مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس، بۇنىڭغا مەن قانداق ئامال قىلاي؟

تۆگىچى چۇلۇۋۇرنى تۇتۇۋاپتۇ، مېنى تۆگىدەك خالىغان يېرىگە باشلاپ ئەكېتىپ بارىدۇ...

بۇلبۇل ئاشىق سەۋەبىدىن سايرايدۇ.

گۈلدىن سۆيۈپ قويۇشنى ئىستىدى ۋە مۇنداق دېدى: «تالنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇركى، بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى سۇندۇرما.»

گۈل: «مېنىڭ گۈل بېغىم بالىلار ئۈچۈن ئەمەس.»

بۇلبۇل: «ئەگەر سۆيۈپ قويمىساڭ، ئىشق شارابىدىن بەرگىن.»

گۈل: «ئۇنداق بولسا مەنمۇ ساڭا لاۋتا (زەخمەك بىلەن چالىدىغان بىر تارلىق ساز) بىلەن داپ چېلىپ بېرەي. تەن تەن تەن، تەن تەن تەن تەن......»

بۇلبۇل: «ياپىر نېمە قىلىۋاتىسەن؟ كەچتە لىگەن چالما.

ئاۋازىدىن پۈتۈن كىشىلەرنى ئويغىتىۋېتىسەن. ئەجىبا ئاي تۇتۇلدىمۇ ياكى بىرسى لىگەن چېلىۋاتامدۇ؟ دەپ قالمىسۇن ئەتراپتىكىلەر. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ قالايمىقانچىلىق چىقارما.»

تاللاردىكى ياپراقلارغا قوشۇلۇپ مېنىڭ يۈرىكىممۇ تىترىمەكتە.

ياپراقلارنىڭ تىترەشلىرى شامالدىن بولسا، يۈرىكىمنىڭ تىترەشلىرىگە خوتەنىنىڭ گۈزەللىرى سەۋەپچى بولدى.

گۈل ۋە لاللەرنىڭ مەڭزىلىرىدىكى پارقىراقلىق، بۇ لىگەنىنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇن بىر نۇرنىڭ بارلىقىدىن ماڭا بىشارەت بەرمەكتە.

تىرىشىپ ئەجىر قىلىپ نادامەتلىك لېگەننى كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ ئات.

ئاندىن هاياتلىق يېڭىدىن باشلانسۇن، تاڭ قۇياشى پارلىسۇن...

# گۈل ـ چېچەككە پۈرگەنگەن ۋەتەن

مېنىڭ قايتىپ كېلىشىم توغرىسىدا ئۇ جاھاندىن خەت كەلدى.
قايتىپ كېتىشكە بەل باغلىدىم. يۈكلىرىمنى كۆككە چىقىرىمەن...
دېدىكى: «قايتىپ كەل، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىڭگە قايت.»
دېدىمكى: «ۋەتىنىمدىن كەلگەندىن بېرى ئاشىقمەن، مۇساپىرمەن.
شېرىن ـ شېكەر مېۋىلەر، گۈلىستانلار بىلەن تولغان يۇرتۇم ھېچ ئېسىمدىن چىقمىدى. ۋەتەن ئىچىمدە، مەن ئۇ جەننەتتە.
سېنىڭ قۇشلىرىڭ بىلەن ھاۋادا ئۇچۇپ قايتىش ماڭا قورقۇنۇشلۇق تۇيۇلدى.
يوللىرىم تۇراقلىق، چۈنكى بەدەن جەھەتتىن بىر كەپتەردەك مەن.»

دېدىكى: «سەن بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن قورقۇپ ئەنسىرىمە. ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ خۇشاللىق بىلەن ئۇچ. چۈنكى تەڭرىنىڭ ھەرىمىدىكى كەپتەرنىڭ جانلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغان.»

پانىلىق يولدا بىزنىڭ ئاسرىشىمىزغا مۇيەسسەر بولغان بىرىسى دېڭىزنىڭ تا ئۇ بېشىغا كەتسىمۇ كاپالەتكە ئىگە

بولـۇپ، ئېتىبــار قازىنىــدۇ.
نوھ مىلى يىلغا يېقىن دۈشمەنلىرى بىلەن ياشىدى.
بىزنىــڭ قوللىشــىمىزغا ئېگــە بولغانلىقــى ئۈچــۈن ئاخــىرى ھەممىســىنى يەڭــدى.
ئاشــۇنىڭدەك قانچىلىغــان تاللانغــان قۇللىرىــم ھــەر تەرەپتــە ئېشــىكىم ئالدىــدا شــۇنچىلىك كــۆپ نېمەتلەرگــە، مول-مــول رىزىقلارغــا ئېگــە بولــدى.

مۇســا: «مــەن ســۇدىن ئەندىشــە قىلمايمــەن، چۈنكــى مــەن ئۈنچىمــەن.» دېــدى.
مەســىھ: «ئۇنىــڭ ئىســمى بىلــەن ئۆلۈكنــى تىرىلدۈرىمــەن، تۇغمــا كورنــى كۆرىدىغــان قىلىمــەن، بــۇ ئىشــلارنى تىبابــەت ئىلىملىرىگــە تايانمــاي قىلىمەن.»دېــدى.
مۇھەممــەد: «ئاللاھنىــڭ ياردىمــى بىلــەن كۆكتىكــى ئايغــا قــول تەككۈزەلەيمــەن. چۈنكــى مــەن ئايدىــن ئۈســتۈن ۋە نۇرلــۇق. ســۈرەتتىن چىقىــپ شاھىنشــاھىنىڭ ھوزۇرىغــا بارىمــەن، چۈنكــى ئۇنىــڭ نــۇرى بىلــەن نۇرلىنىــپ، ئۇنىــڭ قولــى بىلــەن ســۈپەتلەنگەنمەن.»

قېرىندىشىم! مەن كەتسەم ماڭا: «يوقاپ كەتتىڭ» دېمە.
ئەگــەر ســاڭا نىســبەتەن كۆرۈنمــەي پەردىلەنگــەن بولســامۇ روھ جەھەتتىــن ئاشــكارىدۇرمەن. گــۈزەل ئىســمىم بــۇ جاھانــدا ســەھەر شــامىلىدەك بىــر ئىشــارەت بېرىــپ، ئەتراپقــا ئەنبــەر پۇراقلىرىنــى چاچىــدۇ. چۈنكــى جــان بىلــەن ئەنبەرگــە ئايلىنىــپ كېتىپتىمــەن.
مېنىڭــدەك كۆڭلــى خــۇش بولغانــلار گۈلشــەنلەر ۋە چىمەنلــەر ئىچىــدە ئولتۇرىــدۇ. قاراڭغــۇ قۇدۇققــا چۈشــۈپ كېتىشــتىن ۋە بوينــى ئارغامچــا بىلــەن باغلىنىــپ قېلىشــتىن قۇتۇلــۇپ ھۆررىيەتكە

ئېرىشىدۇ. چۈنكى مەن چەمبەرنىڭ سىرتىدا.

قول بېرىپ بەسلىشىپ گېپىڭنى ئوچۇق قىل.
نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەر سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق...
ئەي كۆڭۈل! مادامكى كۆكتىن تاج بىلەن ئۇلۇغ تەخت چۈشىدۇ، ئۇنداقتا مەنىلا سەپەر قىلسام، يۇكلىرىمنى كۆككە چىقارسام تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟
كۆرۈۋاتامسەن؟ پۈتۈن دېڭىزلار ئۆز چاڭگىلىدا ئۇنچىلەرنى تاپتى.
سەن دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپىيىپ ۋە ئازلىشىغا قاراپ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟
قېنى ئەمدى ئۆلۈك ئۆكۈزگە قاراپ باق. سامىرى (قۇرئان ۋە تەۋراتتا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، ھەزرىتى مۇسانىڭ مىسىردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ ماڭغان يەھۇدىلار ئارىسىدىكى بىر شەخس) نىڭ سېھىرگەرلىكى بىلەن ئۇ ئۆكۈز مۆرىگەن ھالدىمۇ سەن ئۇنىڭغا چوقۇنما.

نەمرۇت بۈركۈت قاناتلىرى بىلەن قانچىلىك ئېگىز ئۇچسا يەرگە شۇنچىلىك تېز چۈشىدۇ. چۈنكى جاپەرى ـ تاييارنىڭ قانىتىدەك قانات ئۇنىڭدا يوق.

ئەگەر بىر كەپتەر قۇۋلۇق قىلىپ كەكلىك ئوۋلىسا ئۇ كەپتەر كەپتەردىن ئۆزگىرىپ ئاق بۈركۈت بولۇپ قالامدۇ؟

ئاللاھتىن باشقا بىرسى ھېچكىمگە جان بېرەلمەيدۇ، ئەقلىنىمۇ ئۇ بەرگەن.
ھەيكەلتىراشچى ئەزەربەيجانلىق قانچىلىك ئۇستىلىق بىلەن

ھەيكـەل ياسســمۇ بەربىــر...
مەنمەنچىلىــك قىلىــپ دەرت چەكمــە. ھىلــە بىلــەن قانچىلىــك خــۇش بولســاڭمۇ...
ئاللاھ يولىغا باش قويىۇپ ئۇلۇغلۇق تاپ.
ســىركە بىرىــپ شىبكەرگە ئىگــە بــول. ئەينــەك بىرىــپ ئۈنچــە ئا ل.
ســۈرمە بىرىــپ كــۆز ئــال. گــۈزەل دارچىــن دەرەخلىرىــدەك تەلەيلىــك بــول.
ســەجدىگە بــاش قويغانــلار گــۈزەل خۇيلۇقــلار بولــۇپ، ئــۇلار خــۇددى قولــى ئوچــۇق دەريــا ســۈيىگە ئوخشــايدۇ.
ئــۇلار نەپســىنىڭ ئارزۇســى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەســلەردىن ۋاز كېچىــپ ئۇلۇغلــۇق يولىغــا قــەدەم تاشــلىغۇچىلاردۇر.

ئــەي كۆڭــۈل! گــۈزەل كۆزلــۈك ھۆر ـ پەرىلــەر ئولتۇرغــان ياپيېشــىل روھ باغچىســىغا قــارا.
ســەن ئــۇ باغــدا مەســت ۋە خــاراپ ھالــدا مېڭىــپ، پادىشــاھلارنىڭ مەنزىرىلىرىنــى كېزىســەن، ئايلىنىــپ كۆڭــۈل ئاچىســەن، چاقچــاق قىلىــپ كەيىــپ سۈرىســەن.
چوقۇنغــۇدەك دەرىجىــدە گــۈزەل، نازاكەتلىــك دىلبەرلەرنىــڭ ئــىزا تارتىــپ مۆكۈۋالغــان پەردىلىرىنــى قايرىيســەن...

ئايدەك يۈزۈڭدىن ھەممە يەر جانلىنىپتۇ.
ئىپــار پۈرايدىغــان گۈل ـ گۈلىســتانلىرىڭ بولســا شــاراپ قەدەھلىــك ئارچــا بوپتــۇ.
ئەقىللىقــلار ۋە روھــلار ھــەر تەرەپتــە ئــۇ كۆڭۈلنىــڭ ئالدىــدا ســەجدە قىلىــپ، مۇنــداق دەپتــۇ:
«ئــەي جانىنــڭ تىلــەك ۋە ھەۋىســى! ســەن ئاجايىــپ گــۈزەل كۆرۈنىسەن...

ئــەي كۆكتىكــى ئــاي! ســىز ئــۇ گۈزەللىكنــى، ئــۇ پۈراقلارنــى ئۈنىڭدىـــــن ئالدىڭىز.
ئــەي بابىــل شــەھىرىنىڭ ھۆرلــىرى! ســىلەر ســېھىرگەرلىكنى ئۈنىڭدىـــن ئۆگەندىـــڭلار.
ئەي كۆڭۈل! سەن غەمنى تىزلا خۇشاللىققا ئايلاندۇرىسەن.
ســەن قانچىلىغــان مەرىيەمنىــڭ ئەيساســى، قانچىلىغــان جەننەتنىڭ روھــى، قانچىلىغــان ئۈنچىلەرنىــڭ ھــەۋەس قىلغان ئۈنچىســى.»

ئەي مېنىڭ دوستۇم! بۇ غەزەللەر بىكاردىنمۇ؟
ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئىشق زەنجىرلىرى بىلەن باغلىۋال...

ســەھەر ۋاقتىــدا يــۈزى ئەتىلىــك بىلــەن پەردەزلەنگــەن ئــاي دىبرىزەمنىــڭ ئۈســتىدىن مــاڭا قــاراپ: «ســەن كىــم بولىســەن؟» دەپ ســورىدى.
مەن دېدىمكى: «مەن سېنىڭ ۋىسالىڭغا تەشنا بولغۇچى.
بىــراق ســەن مېنــى يېنىڭغــا بېرىشــقا يــول قويماۋاتىســەن. ئېيتقىـــن! ســەن زادى كىــم؟»
جــاۋاپ بــەردى: «مــەن چۈشــىنىپ بولغىلــى بولمايدىغــان زالىــم بىــر شاھىنشــاھ بولىمــەن. مېنىــڭ يۈكســەك ياردىمىــم قول- قانــات بولمىغۇچــە ھېچبىــر كۆڭــۈل تەندىـــن ئايرىلىــپ يۇقىرىغــا ئۇچالمايــدۇ.
مېنىــڭ ئېھســان ئارقانلىرىــم بولمىغۇچــە ھېچكىــم قۇدۇقتىــن چىقالمايــدۇ.
ئەقىــل مېنىــڭ پەرمانىــم بىلــەن ئىرپــان مەجلىســىدە ئەدىــب بولىــدۇ.
ئاشــىق مېنىــڭ قەدەھلىرىــم بىلــەن شــاراپ ئىچىــپ غــەم- غۇسســـىدىن قۇتۇلىدۇ.
مېنىــڭ قۇتلــۇق، گــۈزەل جامالىمنــى كۆرمــەي تــۇرۇپ بىلــى

پۈكۈلگەن ھەركىم جەننەتتە خۇشال يۈرسىمۇ ئۇ يەنىلا بىر گالۋاڭ ئەخمەقتۇر.

سەن سەھرالارنى كېزىپ، شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ، شۇنى بىلدىڭكى: مۇرىت ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمدىن ياخشى باشقا بىر يەر، ياردەم ئۈچۈن ئېچىلغان ياخشى بىر ئىشىك يوق. ئۆلۈكمۇ مېنىڭ پۈرىقىمدىن تىرىلىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بىر بەختكە ئېرىشىدۇ.

گالۋاڭمۇ مېنىڭ سۆزلىرىمدىن مەنالارنى چۈشىنەلەيدىغان زېرەك ئارىفقا ئايلىنىدۇ.»

مەن دېدىمكى: «سەن بىر گۈزەل ھايات. ساڭا يالۋۇرىمەن. مەن سېنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنسېرى مېنىڭ يېنىمغا يار كەلگەندەك بىر ھېسسىياتتا بولدۇم...»

دېدىكى: «مەن بولساملا سەندىن سەنلىك كېتىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىز سەن سەندىن پانى بولىسەن. بۇنىڭ سەۋەبى مەن ھېچكىم بىلەن چوڭ بىر چىدىرغا پاتمايمەن.

ماڭا مەستانە بولغانغا ھەر جاھاندا، جاھان بىلەن جاھان كېرەمى بار. لېكىن ئەمگەك قىلىپ، سەۋر قىلىپ، پاك بولساڭ بۇ نېمەتكە ئېرىشىسەن...»

يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك خوجايىنلىرى ھەر تەرەپتە توپ ـ توپ يۈرىدۇ. بىراق قۇللۇق يولىدىكى بۇ ئۆزلۈك ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

كېسەلگە توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان تېۋىپلار ھەر تەرەپتە بار. بىراق تۇغما قارىغۇنى ساقايتالايدىغان ئەيسا يوق.

مەن مەزلۇملارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بۇلارنى مىسال قىلىپ سۆزلىدىم. مەن ھەرگىز كىشىلەرنى ئالدايدىغانلاردىن ئەمەسمەن. چۈشەندۈرۈش تىلسىز بولىدۇ. ئۇ بولسا ئۇچقۇنسىز،

زىيانسىزدۇر.

ئەي شاھىنشاھىم! سۆزنى ئەگىتىپ تۇرۇپ قىلغىنىڭ پايدىسىنى يەنە سەن سۆزلىگىن.
ئەي ھىجران بىلەن سۆيگۈسىنىڭ قېنىنى ئېقىتقان پىكرىنى سەن چۈشەن!
ياخشى قارا، ئۇ سەن. ئەي ئۆز ئۆزىدىن قاچقان! ئۇ سەن بولسەن...

ئەي مېنىڭ شېرىن گۈزىلىم! تۈنۈگۈن نېمە يېدىڭ؟ ئېيتقىن، ئېيتقىنكى، مەن ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمىدا سەن نېمە يېگەن بولساڭ، كېچە ھەم كۈندۈز شۇنى يەپ ئۆتكۈزەي. ئەگەر سەن مېنى ئالداپ توغرا سۆزلىمىسەڭ، غەمكىن چىرايىڭ ھەممىنى ماڭا توغرا ئېپادىلەپ بېرىدۇ. سېنىڭ رەڭگى-روھىڭنى كۆرگەن كۈندىن بېرى مېنىڭ بېشىم گاڭگىراپلا قالدى...

تىزگىنىنى ئازراق تارتىپ قوي. ئالدىمىزدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتمە.
ساڭا قانغىچە قاراپ، كۆڭلۈم تىنجىسۇن.
يۈرىكىم دەھشەت سوقۇۋاتىدۇ، بىردەم تۇر.
ئىككى كۆزۈمدىن قان ياشلىرى ئېقىۋاتىدۇ.
ئالدىمىزدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتمىگىن.
مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارغۇچە قارا تۇپراققا ئايلىنىپ بولىمەن.
بىردىنلا سېنى كۆرگەندە كۆك ئاسماندەك يالتىراپ كېتىمەن.
يەر يۈزىنىڭ كۆزىدىن قۇياش ئۇزاقلاشقانسېرى، ھىجران

دەستىدىن كېچە مۇتلەق قارا كىيىم كىيدۇ.
سەھەردە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئاق لىباس كىيدۇ.
ئەي جېنىمنىڭ قۇياشى! يېنىمدىن ئۇزاقلاشما...

سۆيۈملىكىم! زالىملىق قىلما، بىكاردىن قېنىمنى تۆكمە.
گۈزىلىم! تاش يۈرەكلىك قىلما، ئۈنچىنى سۇندۇرما.
خىيالىمدا تۈنۈگۈن قولۇمغا شاراپ قەدىھىنى بەردى.
بىراق ئۇ قەدەھنىڭ ئىچىدە سەن بولمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەيلىم بولمىدى.
يەر ۋە كۆككە ئوزۇقنى سەن بەردىڭ. مېنىمۇ سەن باق، چۈنكى مەن بەك ئاۋاق...

ئەي جىدەلخور، سۆيۈملۈك گۈزەل! سېنىڭ جىدەلخورلىقىڭمۇ شۇنچىلىك تاتلىق.
سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم، سېنىڭ قىزىڭ مېنىڭ قىزىمدۇر...

مەن كۆڭلۈمگە «قان يۇتساڭمۇ جىم تۇر» دەپ كۆپ قېتىم خىتاپ قىلدىم.
بىراق ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن؟ مەن ئاشۇنداق دېگەنسېرى ئۇ بويىنىنى تولغاپ:
«سەن شۇك تۇر، مەن بىر پاك» دەپ نىدا قىلدى.

# مەنىلىك قۇل بول

بالىلارغا ئۇچرىغانلىرىغا بىر ئالەمەتتىن سۆز ئاچاي.
جازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىردىنبىر ئالامىتى پەقەت شۇ.
ئاللاھقا قۇللۇق قىلىسىلەر، روزا تۇتىسىلەر، دۇئا قىلىسىلەر،
ناماز قىلىسىلەر، زاكات بېرىسىلەر.
بىراق زەررىچىلىك تەمىنى تېتالمايسىلەر.
قۇللۇق قىلىسىلەر، ئەمما تەمى يوق.
قۇللۇل گۆزەل، ئەمما مەناسى يوق.
ياڭاق كۆپ، ئەمما مېغىزى يوق.
تەم لازىمكى قۇللۇق مېۋە بەرسۇن.
مېغىز كېرەككى ئۇرۇق كۆچەت بولسۇن.
مېغىزى بولمىغان ئۇرۇقچا مايسا بولامدۇ؟

# دېرىزەڭنى ئېچىۋەت

يۈسۈپ يوللاردا ماڭغاندا ئۇنىڭ يۈزىدىكى نۇر ھەربىر ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن كىرىپ ئىچىنى يورۇتاتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىكىلەر «يۈسۈپ بۇ ياققا كېتىۋاتىدۇ، ھازىرلا ئۆتۈپ كەتتى» دەيتتى.

ئاشىق بولماق ئاشۇ تەرەپكە دېرىزىلەرنى ئاچماقتۇر.
چۈنكى كۆڭۈل، دوستىنىڭ يۈزى بىلەن ئايدىڭ بولىدۇ.
پادىشاھلارمۇ جانىڭغا ھەم نەپەس بولالمايدۇ.
ئالتۇنمۇ ھەم شۇنداق. كۆرۈش ئۈچۈن ئالتۇن بېرىپ سۈرمە ئال.
سۈرمە ئېلىپ كۆزۈڭنى ئاچ، ئەتراپنى كۆر.
بۇ دۇنيا قاراڭغۇ قۇدۇق.
يۈسۈپتەك ئۇ يېرقا ئېسىلىپ قۇدۇقتىن قۇتۇل.

# بۇ دۇنيا بىر شەكىل

چۈشۈڭدە يىچاق كاللاڭنى كەسسە نېمە بولار؟
يەنىلا بىشىڭ جايىدا ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇر.
چۈشۈڭدە بەدىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتسىمۇ سەن يەنىلا ساق.
چۈشۈڭدە بەدىنىڭنىڭ بىر پارچىسىنىڭ كېسىلىشى بىلەن،
ھەتتا ئىككى يۈز پارچىغا پارچىلىنىپ كەتسەڭمۇ ھېچ قورقۇنۇشلۇق ئىش يوق.
شەكىلدە تۇرغان بۇ دۇنيانى پەيغەمبەر «ئۇخلىغان كىشىنىڭ كۆرگەن چۈشىدەك» دېگەن.

# يا «سەن» قالمايسەن ياكى «بىز»

ئاشىق بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى يېقىنلاشتى. بۇ سەۋەپتىن ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرگىن. ئۇچرىشىش كۈنى ئۇچۇن گۈزەللەش!

بىزنىڭ ئۆلۈمىمىز قانچىلىك ساغلام ماتەم بولسىمۇ، ئەسلىدە ھەق بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى بولغانلىقى ئۇچۇن بىزنىڭ ئەڭ خۇشاللىق، ئەڭ بەختلىك ۋاقىتلىرىمىزدۇر.

چۈنكى بۇ دۇنيا بىزنىڭ زىندانىمىزدۇر.

زىنداننىڭ خارابلىششى، ئۆرۈلىشى زىنداندىكىلەرنى خۇشال قىلىدۇ.

يەنى بىزنىڭ بەدىنىمىز بولسا روھىمىز ئۇچۇن بىر زىندان ھېساپلىنىدۇ.

ئۆلۈم بەدەننى يىقىتقاندىن كېيىن تۇپراق ئاستىغا كىرگەندە، روھ زىنداندىن قۇتۇلۇپ، ھەق بىلەن دىدارلىشىدۇ.

ھوشۇڭنى تېپىپ ئەقلىڭنى ئىشلەت.

پانى بولغان بۇ دۇنيا زىنداندىن ۋاپا كۈتمە.

بۇ دۇنيا ۋاپاسىنىڭ ئۆزىمۇ ۋاپاسىزدۇر.

ئەي ۋاپادار كىشى، كەل، كەل تېخىمۇ يېقىنراق كەل. مەنلىكنى، بىزلىكنى تاشلاپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماستىن تىز كەل.

ئەي بىچارە ئىنسان! سېنىڭ بارلىقىڭ ھەقنىڭ بارلىقى ئالدىدا يوق ھېساپلىنىدۇ.

يوقتىن ئىبارەتتۇر. سەن باردەك كۆرۈنگەن بىر يوقسەن.

مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنسەڭ ئەلەسلىكتىن قۇتۇلىسەن.
مېنىڭ ئۆلگەن كۈنۈم سۆيۈملىكىم بىلەن دىدارلىشىدىغان كۈندۇر.
بۇ كۈن شاراپ ئىچىپ، تاماشا قىلىدىغان كۈن.
ھەرخىل نېمەتلەرنى يەيدىغان كۈن.
شىكايەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھتىن رازى بولىدىغان كۈندۇر.

كەل، تېخىمۇ يېقىن كەل!
بىزدىن، مەندىن ۋاز كەچ.
كەل، كەل، سەنلىك ۋە بىزلىك يوق بولغۇچە كەل.
يا «سەن» قالمايسەن، ياكى «بىز».

# ئەسلىڭگە كەل

ھەق نۇرىنىڭ قېپى ساڭا بېرىلگەن، ساڭا ئامانەت قويۇلغان.

سەن كىم ئىكەنلىكىڭنى ،نەدىن كەلگەنلىكىڭنى ئويلاپ، ئەسلىڭگە كەل! ئۆزۈڭدىن، ئۆز ماددى مەۋجۇتلۇقىڭدىن، بەدەنگە ئائىت نەپسانيي ئارزۇلىرىڭدىن قۇتۇلمىغىچە ئۆزۈڭنى ھەقىقىي ئۆز بارلىقىڭدىن تاپالمايسەن.

بۇ سەۋەپتىن ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچسەڭ ئۆز ماددى مەۋجۇتلۇقىڭدىن قۇتۇلىسەن.

ئۇ ۋاقىتتا يەر يۈزىدە سەن ئۈچۈن قۇرۇلغان شەھۋەت، غەزەپ، شۆھرەتكە ئوخشاش مىڭلارچە توزاقتىن بىردىنلا قۇتۇلىسەن.

ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ قەيەردىن كەلگەنلىكىڭنى ئويلاپ، ئەسلىڭگە كەل!

سەن پادىشاھلار پادىشاھى بولغان ھەزرىتى ئادەمنىڭ نەسلىدىن كەلدىڭ.

گۇناھلار، ئەسكىلىكلەر، زۇلۇملار بىلەن تولغان مۇشۇ پاسكىنا دۇنياغا كۆز ئاچتىڭ. سەن قەيەردىن كەلگىنىڭنى، قەيەرگە كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلىماي، مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىن رازى بولۇپ بەك خۇشال كۆرۈنىۋاتىسەن.

مىڭ ئەپسۇس ساڭا! ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، مۇشۇ رەزىل

دۇنياغـــا كۆڭـــۈل بەرمـــە.

ئەسلىڭگە كەل!

سەن قانچىلىك بۇ دۇنيانىڭ جەۋھىرى، ئۆزى، تىلسىماتى بولساڭ، سېنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭمۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك، بىباھا گۆھەر. قەبرىستانلىقتا توپا بىلەن تولدىغان ئىككى كۆزۈڭنى يۇمۇپ، يوشۇرۇن بولغان كۆڭۈل كۆزۈڭنى ئاچ.

ھەقىقەتنى كۆرۈپ ئەسلىڭگە كەل!

ئۇلۇغلۇق ئىگىسىنىڭ قۇلى سەن. بەكمۇ تەلەيلىك سەن.

ئاللاھ سېنى بەكمۇ سۆيىدۇ. ساڭا ياخشىلىق قىلىپ باشقىلاردا ئۇنىمەيدىغاننى ئۇنىدۇردى. لېكىن سەن مال-مۈلۈككە چوقۇنۇپ، تېخىمۇ باي بولۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپسەن. شەھۋەت ۋە شۆھرەتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەۋاتىسەن.

يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش، باش بولۇش، باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسىدا بولىۋاتىسەن. ئارزۇ قىلغانلىرىڭغا ئېرىشەلمىگەن ياكى قولۇڭدىكىلەردىن ئايرىلىپ قالغان چاغلىرىڭدا كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ، ئۆز-ئۆزۈڭنى خاراپ قىلىۋاتىسەن.

بۇ ھال، بۇ ئاۋارىچىلىق، بۇ شىكايەت، بۇ نالە، بۇ كۆز ياشلار زادى قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟

بۇ چۈشۈپ قالغان ئېچىنىشلىق ھالىڭغا قاراپ، ئەسلىڭگە كەل!

# بۇ كېچە ئۇخلىما

كۆرۈنمەس بىر قۇياش، يەنى غايىپ ئالەمنىڭ قۇياشى كېچىلىرى چىقىپ سېنى نۇرلاندۇرىدۇ. كۆزلىرىڭگە مەنىۋى سۈرمە سۈرۈپ، كۆزلىرىڭدىكى غەپلەت توزاڭلىرىنى تازىلاپ، كۆزۈڭنى ئاچىدۇ.

بۇ كېچە ئەقىلسىزلىك قىلىپ بېشىڭنى ياستۇققا قويۇپ ياتماي، ھوشۇڭنى يىغ.

سائادەت ۋە مەنىۋى بەختنىڭ ساڭا قانداق ئېھسانلار، قانداق لۇتۇفلار ئەكىلىدىغانلىقىغا بىر قارا.

ئاللاھ كۆندۈزلىرى ئىشلەپ رىزىق قازىنىشنى بۇيرۇدى.

كېچىنى ئىشق ئۈچۈن، سۆيۈشۈش ئۈچۈن ياراتتى.

سېنىڭ سۆيۈشىڭنى، سۆيۈملىكىڭ بىلەن بىرگە بولۇشىڭنى يامان كۆزلەردىن ساقلاش ئۈچۈن كېچىنى قاراڭغۇ بىلەن پەردىلىدى.

خەلق كېچە بولغاندا ئۇيقۇغا پاتىدۇ.

ئاشىقلار بولسا پۈتۈن كېچە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ.

جانابى ـ ھەق بىر كېچىسى ھەزرىتى داۋۇتقا مۇنداق دېدى: «كىم بىزنى سۆيىدىغانلىقىنى سۆزلىسە ئاشىقلىق داۋاسى قىلغان بولىدۇ. كېيىن پۈتۈن كېچە ئۇخلىسا ئۇنىڭ سۆزى يالغاندۇر. داۋاسىمۇ يالغان!»

ھەقىقەتەن ئاشىق بولغان كىشىنىڭ كۆزىگە ھېچ ئۇيقۇ كېلەمتى؟

چۈنكى ئاشىق كۆڭۈل دەردىنى، تارتىۋاتقان ئازاپلىرىنى

سۆيگىننىگە سۆزلەش ئۈچۈن يالغۇزلۇقنى خالايدۇ. كېچىنى كۈتىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا يوشۇرىنىدۇ.

ئىشقىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا قانمىغان ئاشىق، ئۇخلىغان تەقدىردىمۇ بەك ئاز ئۇخلايدۇ. ئۇسسىغان كىشى قانداقمۇ قاتتىق ئۇيقۇغا پاتسۇن.

ئۇنىڭ كۆزى ئازراق ئۇيقۇغا كەتكەن ھالەتتە يەنىلا چۈشىدە يا سۇنى كۆرىدۇ، ياكى دەريا بويلىرىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ ۋە ياكى كومزەكنى ياكى سۇ ساتقۇچىنى كۆرىدۇ.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا پۈتۈن كېچە ئۇ تەرەپتىن ئاللاھنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

ئەي بىچارە! ئورنۇڭدىن تۇر، كېچە بىر غەنىمەت.

كېچىنى ئالLاھنىڭ ياخشىلىقى دەپ بىلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلان.

ئەي ئاي يۈزلۈك سۆيۈملىكىم! بىر كېچە بولسىمۇ ئۇخلىما.

چىن كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلساڭ ساڭا ئۆلۈمسىزلىك خەزىنىسى كۆرۈنىدۇ.

بارلىق مەنىۋى گۈزەللىكلەر، ئىھسانلار ئۆزىنى كېچىدە كۆرسىتىدۇ.

ئۇخلىغان كىشى بۇ گۈزەللىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ.

ئەقلىڭنى ئىشلەت! سەنمۇ بۇ كېچە ئۇخلىما!

# روھنى ئىزدە! روھنى تاپ!

گۈزەللىك پەردىسى، گۈزەللىك ماسكىسى بىلەن نىقاپلانغان يېقىمسىزلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن.

ئۇلار كۆرۈنۈشتە چىرايلىق ئاي يۈزلۈك كۆرۈنگەن بىلەن ئىچىدە سامان بىلەن يېقىلغان ئوت يانىدۇ. پەقەتلا كۆرۈنۈشىلا ئايدەك پاقىراق.

پەرەنجىگە ئاشىق بولما، يەنى پەرەنجىدەك گۈزەل پانى بەدەنلەرگە كۆڭۈل بەرمە.

ئۇلارنى گۈزەل قىلىپ ياراتقاننى ئويلا. ئۇنى سۆي. لايىدىن ياسالغان بەدەنگە ئىشەنمە.

سەن پارقىراق ئاي يۈزلۈك بىرسىنى كۆرگەندە ئۇنى جانىم دەيسەن. ھالبۇكى ئۇ سايىغا ئوخشاش بارلىقتۇر.

ئۇ ئايلىنىپ ساياھەت قىلىدىغانلىقى، يەپ ئىچىدىغانلىقى ئۈچۈنلا تىرىك ھېساپلىنىدىغان بىر پارچە رەڭلىك لەشتۇر. قانداقمۇ رەڭلىك لەشنى جانىم دېگىنى بولسۇن؟

روھ نەدە، رەڭ نەدە؟ سەن ئۇ لەشنى قويۇپ، روھنى ئىزدە! روھنى تاپ!

# سەن بىرىپ ئۇخلا

مادامكى مەشۇقۇڭ يوق، ئاشىق ئەمەس سەن.
ساڭا ئۇيقۇ يارىشىدۇ. سىيىپ كىرىپ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا.
ئۇنىڭ ئىشقى ۋە غەملىرى بىزگە نىسىپ بولغان.
سېنىڭ نەزىرىڭدە كېچە قاپقارا قازانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى سەن ئۇنىڭدا پىشقان ھالۋىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدىڭ. شۇڭا كېچىنىڭ ھەقىقەتەن قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن.
كۈندۈز تاپاۋەت ۋە ئىشلەش ۋاقتىدۇر. بىراق كېچىنىڭ ئاشىقلارغا ئاجايىپ ھوزۇر بېرىدىغان تەرىپى بار.
بىز سۆيۈملىكىمىزنىڭ غەم قوياشى ئاستىدا زەررە-زەررە پارچىلاندۇق.
چۈنكى بىز ئۇنىڭدىن كەلگەن غەمنىمۇ سۆيىمىز.
مادامكى سېنىڭ كۆڭلۈڭدە بۇنداق بىر تۇيغۇ بىلەن ھەۋەس قوزغالمىدى، ئۇنداقتا بىرىپ تازا ئوبدان ئۇخلا.
ئاشىق يولى72 مىللەت ئېتىقادىنىڭ سىرتىدا.
مادامكى سېنىڭ ئىشقىڭ، ئېتىقادىڭ تەقلىددىن، شەكىلدىن ئىبارەت، ئۇنداقتا سەن كەت، بىرىپ ئۇخلا.
ئەي دوستلار! يىغلىڭلار، بىر يەرگە جەم بولۇڭلار.
ھازىر بولسا ئەسلىدە ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئەمەس.
ئاۋۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان كىشى ۋاللاھى بىز سۆھبەتلىشىدىغان دوستلاردىن ئەمەس.

# ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ

سەن ئېسىڭدە بولغاندا، ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرگەن چاغدا مۇھەببەتكە ئىگە بولالمايسەن. مۇھەببەت تىكەندەك كۆزۈڭگە سانجىلىدۇ.

پەقەت ئېسىڭنى يوقاتقاندا، ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ خوش بولمىغان چاغدا سۆيۈملىكىڭ يېنىڭدا بولىدۇ.

سەن ئۆز ھالىڭ بىلەن بولغاندا بىر تال چىۋىنمۇ سېنى بوزەك قىلىدۇ.

بىراق ئۆزۈڭدىن كەچكەندە شۇنداق كۈچلۈك بولۇپ كېتىسەنكى، پىلىنىڭمۇ ساڭا كۈچى يەتمەيدۇ.

ئۆز ھالىڭ بىلەن بولساڭ غەم ۋە مۇشەققەت بۇلۇتلىرى سېنىڭ ئەتراپىڭنى ئوراپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىسەن.

ئۆزۈڭدىن كەچسەڭ قوينىڭغا ئاي كىرىپ، ھەممە تەرىپىڭنى يورۇتىدۇ.

ئۆز ھالىڭ بىلەن بولساڭ سۆيۈملىكىڭ سەندىن قېچىپ، يېنىڭغا كەلمەيدۇ.

ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچسەڭ سۆيۈملىكىڭ ساڭا ئىشق شارابى سۇنىدۇ.

ئۆز ھالىڭدا بولساڭ، ئۆزۈڭنى كەچ كۈزدەك ھېس قىلىپ، مۇزلاپ يۈرىسەن.

ئۆزۈڭدىن كەچسەڭ قەھرىتان قىشمۇ چېچەكلەر ئېچىلغان باھاردەك تۇيۇلىدۇ.

ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، ئۆزۈڭنى سۆيۈشتىن، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ

ئاشىق بولۇشتىن قۇتۇل. سۆيۈملۈكىڭنىڭ مۇھەببىتىگە ئەمەس، بەلكى جاپاسىغا ئاشىق بول.

شۇنداق بىر ئاشىق بولغىنكى ساڭا نازلانغان، ساڭا قارىمىغان گۈللەرمۇ ساڭا قاراپ يىغلاپ يالۋۇرىدىغان ئاشىققا ئايلانسۇن.

ئەي ھەقىقى ئاشىق!

كائىناتتەك مەست بول!

ئايلىنىپ تۇر.

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، مۇشۇ كۆكلەر ئاللاھ ئىشقى بىلەن مەست بولغان ئىنسانلارغا ئوخشىمىغان بولسا ئىدى، مانا مۇشۇنداق ئايلىنىپ تۇراتتىمۇ؟

# ئەپسۇس!

ئېشەك سېپىنىڭدەك ئۇستۇن بىر بارلىق بولمىسىمۇ ۋە لېكىن ئىگىسى، خوجايىنى بولغان ئېشەكچىنىڭ باغلىشىنى ۋە يېشىشىنى بىلىدۇ. ئىگىسىنى تونۇپ، باشقا بىرىسىدىن ئايرىيالايدۇ. ئىگىسىنى كۆرگەندە باشلىرىنى شىلتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىدۇ.

ھەتتا ئاۋازىنىمۇ تونۇيدۇ. ئىگىسىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا يات ئەمەس.

چۈنكى ئېشەك ئىگىسىنىڭ قولىدىن يەم يېگەن، سۇ ئىچكەن.

نېمە دېگەن ئاجايىپ ئىش ھە، ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ ھەيران قالىدىغان.

ئاللاھ ئازراق بولسىمۇ ساڭا بىر ئاڭ، بىر تۇيغۇ بەرمىدىمۇ؟

ساڭا ياخشىلىق قىلغان، سېنى يېگۈزۈپ ـ ئىچكۈزگەن، سېنى ھوزۇر ئىچىدە ياشاتقان، سېنى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى قىلىپ ياراتقان، ھېچ بىر بارلىققا بەرمىگەن ئەقلنى ساڭا بەرگەن ياراتقۇچىڭنى تونىمايسەن.

ئاشۇ ئېشەكچىلىكمۇ بولالمىغىنىڭغا مىڭ ئەپسۇس!

ياراتقۇچى سېنى يۈزلەرچە قېتىم قىينىدى، دەرتكە چۈشۈردى.

سەن دات ـ پەريات قىلىپ تۇردۇڭ. قانداق بولۇپ ئۇنى

تونماس بولۇپ قالدىڭ؟ ئۇنى ئىنكار قىلدىغان بولدۇڭ؟
ئاللاھ ساڭا ئەقىل بەردى، ئىرادە ئاتا قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ساڭا يول كۆرسەتتى. ئەسلىدە ئاللاھ سېنى قۇتۇلدۇرۇشقا مەجبۇر ئەمەس.

# ئىشقنىڭ مەنسۇرى

دۇنيانى تېشىدىن كۆرمە، چۈنكى، سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ ئىچىدە باشقا بىر دۇنيا بار. بۇنىڭدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق. سەن بۇ كۆرۈنگەن دۇنيانىڭ ئالدىدا كۆزۈڭنى يۇم. كۆزۈڭنىڭ ئىچىدىكى دۇنيانى كۆر.

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، سەن ئىككى كۆزۈڭنى ئېتىۋالساڭ بۇ كۆرۈنۈۋاتقان دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ھېچ بىر نېمە قالمايدۇ.

ھەللاجى مەنسۇرنى سېنىڭ ئىشقىڭ سەۋەبىدىن دارغا ئاسقان ۋاقتىتا، ھېچ ئىككىلەنمەي بېشىنى سىرتماققا ئۇزاتتى، سىرتماقتىن بېشىنى تارتمىدى. ھەمدە «مادامىكى دوستۇمنىڭ ئارقىنى كۆڭلۈمنىڭ بوينىغا سېلىندى، بۇنىڭدىن قانداقمۇ بېشىمنى چىقىراي؟» دېدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ جېنىنى تەسلىم قىلدى.

كومىزەك چېقىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇغا زەخمەت يەتمەيدۇ.

ئاشىقنىڭ جېنىمۇ ئەنە ئاشۇنداق.

بەدەن كېپەنگە ئورۇلۇپ گۆرگە كىرىدۇ. ئەمما روھ كېپەنگە ئورالمايدۇ، گۆرگە كىرمەيدۇ، ئۇ تەرەپكە كېتىدۇ.

# غەم ـ غۇسسە بىلەن خۇشاللىق

غەم ـ غۇسسە بولسا خۇشاللىقنىڭ سايىسى، غەم خۇشاللىقنى قوغلايدۇ.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ. ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ قاقاھلاپ كۈلۈشتىن، بەك خۇشال بولۇپ كېتىشتىن ساقلان. چۈنكى خۇشاللىق بىلەن غەم بىربىرىدىن ھېچ ئايرىلمايدۇ.

بەك كۈلۈپ كەتكەندە كۆز ياشلىرىڭنىڭ تۆكۈلۈشىدىكى سەۋەپ غەم بىلەن خۇشاللىقنىڭ دائىم بىرگە ئىكەنلىكىنى ساڭا خاتىرىلىتىش ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر قاقاھلاپ كۈلمەيتتى. ئەمما ھەر دائىم تەبەسسۇم قىلاتتى.

غەم خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدىن چاپقاندەك، كېچىمۇ كۈندۈزنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ. كۈندۈزنى كۆرگەن زامات بىلگىنكى، قاراڭغۇ كېچىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانى يوق.

سەن غەمنىڭ ئارقىسىدىن چاپقانسېرى، خۇشاللىقمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىن چاپىدۇ.

بىراق سەن خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدىن چاپساڭ، يولنىڭ دوقمۇشىدا غەم ـ غۇسسە ئالدىڭغا چىقىپ يولۇڭنى توسايدۇ.

# دەرتلەر سىنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۆچۈن

بىرىسى كىگىز ۋە گىلەمنى كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇ كالتەك ئۇلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىكى توپا ـ چاڭنى، پاسكىنىچىلىقنى چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

سىنىڭ ئىچىڭدىمۇ بارلىق،مەنىلىك توپا ـ چاڭلىرى بار.

ئۇ پاسكىنا چاڭلارنى گىلەمنى سىلكىگەندەك سىلكىپ چىقارغىلى بولمايدۇ.

بىر بالا كەلگەندە، دەرت ۋە ئىزتىراپقا چۈشكەندە، ئاشۇ غەم ـ غۇسسىلارغا چىداپ، گاھ ئويىقۇدا، گاھ ئويغاق تۇرغاندا، ئۇ چاڭ ـ توزاڭلار سىنىڭدىن ئاستا ـ ئاستا چىقىپ كىتىدۇ، ھەتتا سەن بۇلارنى تۇيمايلا قالىسەن.

تاختاينى رەندىلەش ئۇنى كارغا كەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياغاچچى ئۇستىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىستەكلىرى بويىچە بىر نەرسە ياساش ئۈچۈندۇر.

مانا ماشۇ سەۋەپتىن ئاللاھ يولىدىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىشى ئىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدە كۆرىلىدۇ.

كۆرمەيۋاتامسەن كۈنچى ئۇستا تېرىنىڭ ئۈستىگە قانچە قېتىملاپ ئەسكىلىكنى سۈركەيدۇ.

بۇ ئىشنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت تېرىدىكى يوشۇرۇن كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئىشلاردىن تېرىنىڭ ھېچ خەۋىرى يوق.

كۈنچى ئۇستىنىڭ مەقسىتى ئەسلىدە تېرىنى ياخشى ئەيلەشتۇر.

# بال ۋە شېكەر دېڭىزى

شەمسىددىن تەبرىزدە ئايدەك تۇغۇلۇپ كەلگەندە، قۇياش ۋە ئاي ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بەللىرىگە كەمەر باغلاپ دىۋاندا تۇردى.

مەلەكلەر ئۇ شاھنىڭ ئالدىدا سەردار، ئوردا خىزمەتكارلىرىدەك سەپ تارتىپ تۇردى.

كۆكلەر كۆز ۋە باشلىرى بىلەن ھوزۇرىدا سەجدە قىلدى...

نەپس كۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئاي يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى نەپسى شاھقا ئۇدۇل قارىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرىدە زۇمرەت تۈيغۇلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا، نەپسنىڭ ئەجدىرھا كۆزى يۇمۇلىدۇ.

ئۇنىڭغا سەجدە قىلمىغانلارنىڭ دەرەخلىرى ئۇنىڭ پانلىق تىغلىرىدىن، پالتىلىرىدىن جېنىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئەمدى ئۇ ئاي ھىجران بۇلۇتى ئىچىگە يوشۇرۇندى.

ئەگەر ئىككى كۆزدىن ئاققان تامچىلارغا جىگەرنىڭ قانلىرى ئارىلاشمىغان بولسا ئىدى، ئۇ تامچىلاردىن يەر يۈزى ياپىيېشىللىققا پۈركەنگەن بولاتتى...

جىگەر ياخشىلىق ئورگىنىدۇر، ياخشىلىق جىگەردىن كېلىدۇ. ئىھتىمال بۇ سەۋەپتىن كۆزگە ياردەمچى بولىدۇ.

ئۆيىنىڭ پۈتۈن ھەممە يېرى ئىشقتىن خەۋەردار. خەۋەرسىز قالغان ئۆي ئەشيالىرى ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۆلۈك دوست سىنى پەقەت ئۆلۈك يۇيغۇچى قىلىدۇ خالاس.

ئۆلۈك ئەر بولسا ئۆلۈك يۇيغۇچىدىن بەتەردۇر.

# سىر سىنى جامال تاماشاسىغا ئاپىرىدۇ

دوستىنىڭ سىرى ئاغزىمنى قۇلۇپلىدى. سىرىنى زىنھار ئاشكارلىمايمەن. چۈنكى بۇ سىر ئۇنىڭ سىرىدۇر.

سىرنىڭ پەردىسىنى يىرتساڭ ئەگەر، ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالىسەن.

يىرتمساڭ دوستىنىڭ جامالىغا مۇيەسسەر بولىسەن.
سىنىڭ سىرىڭ زات نۇرلىرىنىڭ بىر نۇرىدۇر.
ئۇ نۇرنىڭ چۈشكەن يېرى پۈتۈن سۈپەتلىرىدۇر.
سىر سىنى جامال تاماشاسىغا ئاپىرىدۇ.
سىر سىنى دىلبەرنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىدۇ.

# كۆلۈش ئاينىڭ نىسىۋىسى

ھەي گۈزەل! سەن شۇنچىلىكمۇ چىرايلىق، يۈزلەرچە ئاي ۋە قۇياش.

خىرىدارلار سېنىڭ بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇشىڭنى ئارزۇ قىلسا، سەندە بىر ئۇستۇنلۇك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىستەكلىرى سەۋەبىدىن سەن تېخىمۇ بەك گۈزەللىك كۆرسىتىمەن دەپ يۈرمە.

ئەي گۈزەل! ئەگەر مىڭلارچە جان ۋە كۆڭۈل ئىشىك ئالدىڭنى ۋەتەن قىلىۋالسا ئىشىكىڭنى ئاچما. چۈنكى سەن جانلاردىن، كۆڭۈللەردىن تېخىمۇ ئۇلۇغ.

ھەي سەنەم! ئەينەك قانداقمۇ ساڭا كۆڭۈلدىن ئورۇن بېرەلىسۇن؟

ئەينەككە قارىما. جان ئۇچۇن ئۆزۈڭنى كۆرەلمەيسەن.

ھەي كۆڭۈل! مېنىڭ سۈرىتىمدە تەبىئەتنىڭ ئىشق سەھرالىرى ئەكس ئەتتى.

سەنمۇ ئۇنىڭ ئىشق قاناتلىرى بىلەن ئۇچ.
قاچانغىچە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىسەن؟
شاھ شەمسىددىنىنىڭ ئارقىسىدىن تەبرىزگىچە يۈگۈر.
ئاشىق قوشۇنى سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاج.
يۈگۈر

# تامچە

سىنىڭ ئالقانلىرىڭ «بۇلۇتتەك» دەپ زۇلۇم قىلما.
بۇلۇت بىغىشلايدۇ، يىغلايدۇ.
سەن بولساڭ بىغىشلايسەن، كۈلسەن.
سىنىڭ گۇناھىڭمۇ يۇسۇپتەك گۈزەلدۇر.
سىنىڭ ئەسكىلىكىڭ بىلىمدۇر، قانائەتتۇر.
بۇلۇت بولسا سىركىگە ئوخشايدۇ، ئۆزى ئاچچىق ـ چۈچۈك.
دوست بولسا خالىس شېكەر، تاتلىق سۆزلۈكتۇر.
ئۇنىڭدا دۈشمەنگە بولغان غەزەپ بار.
سەن بولساڭ ئايدەك پارقىراق چىرايىڭ بىلەن زۆھرەنىمۇ باش ئەگدۈرسەن.
ئەي كۆڭۈل! ئەسلىڭگە قايتىش ئۈچۈن ئات سال.
چۈنكى ھىجران ئازابىدىن جان بەك ئۇپراپ كەتتى.
سەن بىر تامچىسەن.
يەنە دەرياغا ئۇدۇل يول ئېلىپ كەت.
ئۇنىڭ ئالدىدا سەن قانچىلىك تۇرىسەن.
قۇياشنىڭ ئوتقاشتەك نۇرىنى ئال، قۇياشنىڭ خۇيى بىلەن خۇيلان.
ھاجىلاردەك ۋىسال كەبىسىگە كەت.
نېمشقا سەمەرقەنتكە قاراپ يول ئالدىڭ؟

# سۆزلىرىم قۇرلىرىمغا سىغمايدۇ

مۈلكى بۈيۈكلىكىدىن كۆك قۇببەگە پاتمايدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سۆزۈم ئەسلى غايىدىن يىراق ۋە مېنىڭ ھەققە بولغان سېغىنىشىمنىڭ چەكسىزلىكى سەۋەبىدىن ئۇشبۇ قۇرلىرىمغا سىغمايۋاتىدۇ.

# ئۇ بولسا قۇياشنىڭ نۇرى

دۆلەت نەيدىن يەنە بىر ناۋا كەلدى.
ئەي جان! قوللىرىڭنى سال، ئەي كۆڭۈل! ئوينا.
بىر مەدەن پارقىرىدى، بىر ئېغىز كۈلدى.
گۈزەل بىر دەستىرخان راسلاندى.
ئەزان سادالىرى ئاڭلىنىۋاتىدۇ...
باش باھارنىڭ پۇراقلىرىنى پۇراپ، ياپيېشىللىقلارنى سەيلە قىلىپ، بىر گۈزەل يۈزنىڭ ئىشقىدا مەستانە بىز.
ئۇ دېڭىزدۇر، بىز بۇلۇت.
ئۇ خەزىنىدۇر، بىز ۋەيرانە.
ئۇ قۇياشنىڭ نۇرىدۇر، بىز زەررە.
ئاشقىم، ھۆرلىكىم، قويۇۋەت مېنى، سۆزلىۋالاي.
ھەزرىتى مۇستاپانىڭ نۇرى بىلەن ئاينى بۆلىۋېتەي.

# ئەي گۇل پۇرىغان بۇلبۇل

ئەگەر سەن قۇياش، ئاي ئىستىسەڭ، مانا ساڭا قۇياش ۋە ئاي ياغدۇرغان.

ئەگەر سەن تاڭ سەھەر ئىستىسەڭ، مانا ساڭا تاڭ سەھەر ياغدۇرغان.

ئەي كەنان يۇرتىنىڭ يۇسۇپى، ئەي سۇلايمانىنىڭ جانى!

ئەگەر تاج ۋە كەمەر ئىستىسەڭ، مانا ساڭا تاج بىلەن كەمەر ياغدۇرغان.

ئەي غازات سېپىنىڭ ھەمزىسى! ئەي جەڭچىلەرنىڭ رۇستەمى!

ئەگەر قىلىچ ۋە قالقان ئىستىسەڭ، مانا ساڭا قىلىچ ۋە قالقان ياغدۇرغان.

ئەي گۇل پۇرىغان بۇلبۇل! ئەي چىرايلىق سۆزلەيدىغان شاتۇت!

ئەگەر تەم ۋە شېكەر ئىستىسەڭ، مانا ساڭا تەم ۋە شېكەر ياغدۇرغان.

ئەي ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ دۈشمىنى! ئەي ئىشقنى ئۆلتۈرگەن ئاشىق!

ئەگەر قۇلاق ۋە كۆز ئىستىسەڭ، مانا ساڭا قۇلاق ۋە كۆز ياغدۇرغان.

ئەي ئۆچمەنلىككە تولغان شەيتان! ئەي كونا دۈشمەن!

ئەگەر پىتنە ـ پاسات، يامانلىقنى ئىستىسەڭ، مانا ساڭا پىتنە ۋە يامانلىق ياغدۇرغان.

بولـــدى بـــەس! ســـۆزلىرىم يىېتـــەر. تـــۇر ئورنۇڭدىـــن يولغـــا ئاتـــلان.

ئەگەر يولداش ئىستىسەڭ، مانا ساڭا يولداش يولىلغان.

ئـــەي تەبرىزلىـــك شەمســـىددىن! كۆڭـــۈل تارتقـــان ســـۆيۈملۈك نازىدىـــن بەتـــەر،

ســـەن ئەگـــەر دەردتمـــەن ئاشـــىق ئىستىســـەڭ، مانـــا ســـاڭا دەرتلىـــك بىـــر ئىشـــق!

# ئىككى لەيلاسى بولغان مەجنۇننى كۆردۈڭمۇ

يارنىڭ بولمىسا نىمە ئۈچۈن يار تاپمايسەن؟
يار ۋىسالىغا يەتكەندە نىمە ئۈچۈن خۇشال بولمايسەن؟
يار سىنى ئۆزىگە دوست قىلمىسا نىمىشقا سەن ئۇنى دوست تۇتمايسەن؟
راۋاپ چېلىنمىسا نىمىشقا سەن ئۇنى ئېلىپ چالمايسەن؟
هورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۋاتىسەن. بۇ هەيران قالارلىق ئىش دەيسەن.
ئەسلى هەيران قالارلىق ئىش ئۆزۈڭ. ئۆزۈڭدىكى بۇ هەيران قالارلىقنى بىلمەيۋاتىسەن.
سەن جاهاننىڭ قۇياشى. نىمە ئۈچۈن سەن قارىدىغان كۆڭۈل؟
قۇياش ئىكەنلىكىڭنى بىلگىنىكى، ئالا كۆڭۈللۈككە هەۋەس قىلما .
سەن ئالتۇن خەزىنىنى تاما قىلما، ئالتۇن بۇتقىمۇ ئىشەنمە.
سەن هېچ ئىككى لەيلاسى بولغان مەجنۇننى كۆردۈڭمۇ؟
نىمە ئۈچۈن بىر باغنىڭ ئۆزۈمىنىڭ ئىشقىدا بولمايسەن؟
پۈتۈن كېچىدە جان تۇزاقىدا تۇرغان بىر ئاي بار.
ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن نىمىشقا يالۋۇرمايسەن؟
گەرچە سەن ئەبەدىي بىر مەست بولساڭمۇ، ئەمما شاراپتىن مەست بولغان ئەمەس.

ھەقنىڭ شارابى سېنى ھاياجانلاندۇرمايدىغان قىلىپ قويمايدۇ.

مېنىڭ شارابىم ئىشقىنىڭ ئوتىدۇر.

ئۇنىڭ شارابىنى ئىچسەڭ، نېمە ئۈچۈن جاننى ئۇ ئوتقا ئوتۇن قىلمايسەن؟

ھاياتىڭ ھارام بولسۇن.

ھەقىقىي سۆز دولقۇنلايدۇ.

ئەمما ئۇنى كۆڭۈل ۋە جان بىلەن ئىپادىلەش كېرەك، بولمىسا دۇدۇقلاپ قالىسەن...

# مەنلىكتىن قۇتۇل

ئالغايلار ھەر ۋاقىت بىرنى ئىككى كۆرىدۇ.

مەسىلەن بىر ئۇستا ئالغاي شاگىرتىغا «ئىشكاپتا بىر بوتۇلكا بار ئەكەل» دېدى.

ئالغاي: «بۇ يەردە ئىككى بوتۇلكا تۇرىدۇ، ئەجىبا قايسىسى بولغىيتتى؟» دېگەندە،

ئۇستا: «ئۇ بىر تالدۇر، بولدى ئەمدى ئالغايلىقىڭنى ھەركىمگە ئاشكارلىما» دېدى.

شاگىرتى سۆزىدە چىڭ تۇرىۋېلىپ «ئىككى» دېدى.

ئۇستا «ئۇنداقتا بىرنى چېقىۋەت» دېدى.

ئالغاي بوتۇلكىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ يەردە ھېچنىمە قالمىدى.

بوتۇلكا بىر ئىدى، ئۇنىڭغا ئىككى كۆرسەتكەن ئۇنىڭ ئالغاي كۆزى ئىدى.

بوتۇلكا چېقىلغاندىن كېيىن ئۇ ھەقىقەتنى ئاندىن چۈشەندى.

شۇڭا ھەقىقەتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزۈڭدىكى «مەن»لىكتىن قۇتۇل، كۆڭۈل كۆزۈڭنى ئېچىپ ئالغايلىقتىن قۇتۇل.

# ۋەتەن ئەزىز

ئۇزۇن يىللار مەشۇقىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئازابى چەككەن بىر ئاشىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ مەشۇقى بىلەن دىدارلىشىپتۇ. مەشۇقى ئاشىقىدىن مۇنداق سوراپتۇ «ئۇزۇن يىللار جاھان كېزىپ نۇرغۇن شەھەرلەرنى كۆردۇڭ. ئەجىبا قايسى شەھەر ئەڭ ياخشى ئىكەن؟»

ئاشىق ھېچ ئىككىلەنمەي مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: «سۆيگۈسى بار شەھەر! گەرچە ئولتۇرغان يېرىمىز يىڭنە تۆشۈكچىلىك كىچىك بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن بىپاياندۇر. قۇدۇقنىڭ تېگىدەك قاراڭغۇ بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن جەننەتتۇر ۋە يۈسۈپنىڭ چىرايىدەك ئايدىڭدۇر. دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىن ئەزىز ھېچ بىر يەر يوقتۇر!»

# گۈزەل چاقىرىق

ئۇسساپ كەتكەن بىرسىگە «سۇ ئىچمەكچى بولساڭ كۆپتە سۇ بار، ئېلىپ ئىچ» دېسەڭ، ئۇ ئۇسسىغان ئادەم «ماڭ يوقال، يالغان سۆزلىمە، داۋا قىلما، بۇ مەنىسىز بىر شىكايەت. گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ قېنى ئىسپاتلا، بەلكى بۇ سۇغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىدۇر. كىم بىلىدۇ؟» دەپ تۇرۇۋالامدۇ؟

بوۋاققا ئانىسى: «ئەي ئانىسىنىڭ يۈرەك پارىسى، كەل! ئېمىتىپ قوياي.» دېسە،
بوۋاق: «ئەي ئانا! ماڭا بىر دەلىل كۆرسەت، ئاندىن مەن سېنى ئېمەي» دەمدۇ؟

شۇڭا ئاجىز خەلقنىڭ كۆڭلىگە پەيغەمبەرنىڭ يۈزى ۋە ئاۋازى مۆجىزە بولغان.
پەيغەمبەر سۆزلىگەندە ئۈممەتنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا جاندىلى بىلەن ئۇيغان. چۈنكى مۇنداق بىر ئاۋازنى باشقا ھېچكىمدىن جان قۇلىقى بىلەن ئاڭلىمىغان.

# چەكسىز نەرسىنىڭ ئۇچى يوق

چەكسىز نەرسىنىڭ ئالدى ئارقىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى، يانلىرى بولمايدۇ.

ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشىمۇ ۋە ئاخىرلىشىشىمۇ ھەقتىن بولىدۇ.

دېڭىز-ئوكيان سىياھ بولسىمۇ ھەقنى يېزىپ ئاڭلىتىشقا يەتمەيدۇ.

مەسىلەن، يەتتە دېڭىز سىياھ بولسا ھەقنى مەدھىيىلەپ يېزىپ بولالايمەن دەپ ئۈمىد قىلما. باغ-ئورمانلاردىكى بارلىق دەرەخلەر قەلەم بولسىمۇ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ بولۇشقا ئىمكان يوق.

قەلەم ۋە سىياھلار تۈگەيدۇ، ئەمما سۆزلەر تۈگىمەي مەڭگۈ قالىدۇ.

# كۆزۈم يالغان ئۇيقۇدا

بەزىدە ئۇخلىغاندەك بولۇۋالىمەن. گۇمانخورلار مېنى ئۇخلىدى دەپ ئويلايدۇ.

ئەسلىدە كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن كۆڭلۈم داۋاملىق ئويغاقتۇر.

ئىشىم يوقتەك كۆرۈنسىمۇ ئىشلىرىم قۇمدەك.

سىنىڭ كۆزۈڭ ئوچۇق، قەلبىڭ ئۇيقۇدا.

مېنىڭ كۆزۈم ئۇيقۇدا، قەلبىمدە ھەق ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشىنىڭ زوقى بار.

# ئىشنىڭ نېگىزى پىكىردە

ھەر ئىشنىڭ نېگىزى ئىدىيەدە، پىكىردە، چۈشەنچىدە، ئىشنىڭ ئالدىدا ئۇ مەيدانغا كېلىدۇ.

شۇنچە ئېسىل قەسىرلەر، سارايلار، شەھەرلەر، شۇنچە ئېگىز تاغلار، جىلغىلار، ئويمانلىقلار ۋە دەريالار، بېلىقنىڭ دېڭىزدىكى ھاياتلىقلىرى، يەرمۇ، دېڭىزمۇ، كۆنمۇ، ئايمۇ ۋە ئاسمانمۇ ئۇنىڭ سەۋەبىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

شۇڭا پىكىر دۇنياسىدا ئېشەكتەك دائىم بىخۇد ۋە خەۋەرسىز يۈرمە.

# ھەقنىڭ ھىمايىسگە مۇيەسسەر بول

ھەقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولساڭ، سۇ بىلەن ئوت ئەسكىرىڭ بولىدۇ.
شۇڭا دېڭىز نوھ بىلەن مۇساغا دوست بولدى ۋە دۈشمەنلىرىنى يوق قىلدى.
ئوت بولسا نەمرۇتنىڭ پەسكەشلىكىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بىر قەلئە بولدى.سۈيقەستچىلەردىن قوغداش ئۈچۈن تاغمۇ ھەزرىتى يەھيانى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق نىدا قىلدى: «ئەي يەھيا! يېنىمغا كەل، سېنى قىلىچلاردىن قوغدايمەن.»

# تىكەن بىلەن گۈل

تىكەن: «مەن بولسام تىكەن، مىنى تاللا، گۈل بولسا پۈرلىشىپ ئۆلىدۇ. ئەمما مەن بولسام شاختا دائىم قالىمەن.» دەيدۇ.

گۈل: «بۇياققا كەل! يىڭنىلا ئىچلىدىم، مەن تەييار، چىرايلىق مەن، خۇشپۇراق چېچەپ تۇرىمەن.» دەيدۇ.

تىكەن يەنە ئۇنىڭ ئەكسىنى دەيدۇ، گۈلمۇ ھەم شۇنداق.

سىنىڭ بىرىگە مەيلىڭ بولسا، يەنە بىرىدىن ئۈزاقلىشىسەن.

بىرىنى سۆيسەڭ زىتىدىن ئايرىلىسەن.

بىرىسى «مەن گۈزەل دېسە»، يەنە بىرسى «مىنىڭ ئاقىۋىتىم ياخشى.» دەيدۇ.

سەن بىرسىگە كۆڭۈل بەرسەڭ ئەمدى سەن يەنە بىرىگە زىت بولسەن ۋە ئۇنىڭغا لايىق بولمايسەن.

كۆڭۈل خانەڭ قايسى ئاۋازنى خالىسا شۇ ئاۋاز كۆڭۈل خانەڭگە يەرلىشىدۇ.

# ئەقىل

ئەقىل ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى كىچىككىدىن تارتىپ ئاتا-ئانىدىن ۋە مەكتەپتە مۇئەللىمدىن ئۆگەنگەن بىلىملەردىن مەيدانغا كەلگەن ئەقىل.

ئىككىنچى ئەقىل بولسا ھەقنىڭ ئېھسانىدۇر، ئۇنىڭ مەنبەسى جاندۇر.

مائارىپ ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىم تاغلاردىن قورولارغا قاراپ ئاققان ئېرىققا ئوخشايدۇ.

ئۇ ئېقىش يوللىرى ئېتىلىپ قالسا ئاقالمايدۇ.

شۇڭا سەن كۆڭلۈڭدىن بىر بۇلاق ئاچ.

كۆڭۈلدىكى ئىلىم ئېرىقلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۇ جەۋھەر ھەرگىز بۇلغانمايدۇ.

# ئاي

ئاي نۇر چاچىدۇ، ئىنتىلار ھاۋىشىدۇ.
ھەر كىم يارىتىلىشىغا قاراپ ھەركەت قىلىدۇ.
ئىت شۇنداق غالجىرلىق بىلەن ھاۋشىغان كېچىدە،
ئاي «مەن ئاي! ئۆز پەزىلىتىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن» دەيدۇ.

# ياراملق بلم

ئادەم توختماي كتاپ ئوقۇغان بلەن ئۇ بلملەرنى ئۆز ئەملييتگە تەدبقلمسا

باشقلار ئۈچۈن خزمەت قلش ئېگى بولمسا ئۇ بلملەر ئۇنڭغا يۇقمايدۇ.

ئەگەر بر ئادەم ھەققە قۇل بولۇپ ئۆمردە كشلەرگە ياخشلق قلسا، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزنى پدا قلش روھى بولسا، ئۇ كشى كتاپ ئوقۇمسمۇ ئۆزلكدن كۆڭلدە كۆرۈلۈپ

باقمغان نادر بلملەرگە ئگە بولالايدۇ.

# هۆرمەت

چوڭلارنی هۆرمەت قلش پەیغەمبرىمزنىڭ سۇننتدۇر.

ئەمما شۇكەملەردە كشلەر چوڭلارنی ئككی یەردە هۆرمەتلەیدۇ: یا ئسسق شورپا ئالدىغا كەلگەندە ۋە یاكی ئەسكی كۆۋرۈكتن ئۆتكەندە.

دېمەك ئەسكی ئنسانلار بر مۇددىئاسی بولمای تۇرۇپ چوڭلارغا ئلتپات كۆرسەتمەیدۇ.

ئۇلارنىڭ یاخشی ئشلری مانا مۇشۇنداق تۇرسا ئەسكلكلری قانچلكتۇر هە!

ئۇلۇغ تەڭرم ئۇلارنىڭ شەررىدىن بزنی قوغدىسۇن!

# دوست تۇتقاندا...

دوست تۇتقاندا دىققەت قىلىش كېرەك. ياخشى بىر دوست ياخشى بىر ئىشقا ۋەسىلە بولسا، يامان دوست يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئىنسانلار ماددى ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خاتا كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ ناھايىتى ئېچىنىشلىق تراگدىيەلەرگە ئۇچرايدۇ.

# مۇناجات

ئارىــف ھەققــە مۇنــداق مۇناجــات قىلــدى: «ئــەي بارلىــق ئوچــۇق ياكــى مەخپــي ئىشــلارنى بىلگۈچــى رەب! بارلىــق ياخشــى يامــان ھۆكــۈم ســېنىڭ ئىلكىڭــدە. ئەممــا كۆڭلىمىــز ســېنىڭ ھېكمەتلىرىڭدىــن خەۋەرســىز. بىــز كۆرمەيمىــز، ئەممــا ســەن بىزنى كېچە ـ كۈنــدۈز كــۆرۈپ تۇرىســەن. ســەۋەپلەرگە باغلىنىــپ قېلىــپ كۆزلىرىمىــز كۆرمــەس بولــدى.

سەن بىزنىڭ ئىلاھى نۇرىمىزنى ئاشۇرغىن.

بىزنى قەھىر قىلىدىغان رەسۋالىقلاردىن ساقلا.

كېچىدىكى دوستتىن ئايرىلىشنى كۈندۈزگە يەتكۈزمە.

يېقىن تۇرغان جاننى يىراق قىلما.

ســېنىڭدىن يىــراق تــۇرۇش دەرت ۋە ئازاپقــا تولغــان بىــر ئۆلۈمــدۇر.

كۆرەلىگەننــى كۆرەلمەيدىغــان قىلمــا، يېشــىللىكلەرگە ســۇ ســەپ.»

# نەپسىڭنى يەڭ

نەپسىڭنى، شەھۋەت ئارزۇلىرىڭنى يەڭگىنىڭدە ھاۋادا ماڭىسەن.

قېنى قەدەم باس، پۈتۈڭنى ھاۋانىڭ ئۈستىگە قويۇپ يۈكسەل..!

شەھۋەتنى ئاياقلىرىڭنىڭ ئاستىغا ئالغىنىڭدا، نەپسىڭنى يەڭگىنىڭدە كۆكلەردە، ھاۋالاردا ساڭا يۈزلەرچە يول كۆرۈنىدۇ ۋە سەن سەھەر ۋاقتى قىلىنغان دۇئادەك كۆكلەرگە يۈكسىلىسەن.

# سايه

ئەي ئەزىز بارلىق! سەن بىر نۇرنىڭ سايىسى.
بىز جۇملە جاھان سېنىڭ سايەڭ.
نۇرنىڭ سايىدىن ئايرىلغانلىقىنى كىم كۆرگەن؟
سايە بەزىدە نۇرنىڭ يېنىدا بولىدۇ.

بەزىدە ئۇنىڭدا يوق بولىدۇ. يەنى بېشىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا يوق بولغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن بولىدۇ.

# سەۋەپ

نۇر سەۋەپنى ياراتقان. قانچىلىك سەۋەپ بولسا ھەممىسى ئۇنىڭ سايىسىدۇر.

ئاللاھ سەۋەپسىزلىكى ھەر شەيئىگە سەۋەپ بولغان.

سەۋەپنى ياراتقان بىلەن سەۋەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئەينىكىدۇر.

كىم ئەينەكتەك پاك ـ پاكىز بولمىسا ئەينەكنى ۋە ئەينەكتىكىنى كۆرەلمەيدۇ.

# ئۈرۈقنىڭ خاسىيىتى

ھەر دەرەخنىڭ كۆچىلى قايسى ئۈرۈقتىن، قايسى داندىن ئۈنسە، ئۇ ئۈنگەن ئۇ دەرەخنىڭ تالليرىدا، ياپراقليرىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ.
ئالما ئۈرۈقىدىن ئۈنگەن بولسا ئالما ياپرىقى يېتىشىپ چىقىدۇ.
خورمىدىن ئۈنگەن بولسا خورما مېۋىسىنى بېرىدۇ.

ئۇرۇق يەرگە چۈشكەندە تۇپراقتا جانلىنىدۇ، ئۈنىدۇ، بوي تارتىدۇ ۋە مايسا بولۇپ ئۆسىدۇ. بۇ ئالامەتنى، بۇ نازۇك سۆزلەرنى ئاڭلاپ سەنمۇ بىزگە ئەگىشىپ ئۆزۈڭدىكى كىبىرنى، شەخسىيەتچىلىكنى يوقاتساڭ بىز بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈپ، تۇپراقلارغا ئارىلىشىپ كېتىسەن.

# گۈل

گۈل، باھاردا ئۇ گۈزەللكلەرنى ئۆزنگە بەخش قلغاننى تونمسمۇ، بلمسمۇ، گۈزەللكنى بلەن بۇ گۈزەللكنى بېغشلغانغا شاھتلك قلدۇ.

گۈل دەيدۇكى: «مېنڭ جامالمغا، گۈزەللكمگە قاراڭلار. ئەلۋەتتە بۇلارنى ماڭا ئاتا قلغان برسى بار. مانا بۇ گۈزەللكنى ئاتا قلغان سزگمۇ ئۇ گۈزەللكنى بەخش ئەتكەن.»

# دېڭىز

ئىنتايىـــن چەكســـز كەتكـــەن، قىيالـــرى كۆرۈنمەيدىغـــان ئـــۇ دەھشـــەتلىك دېڭىزدىـــن مىڭلىغـــان بۆلەكلـــەر ئايرىلـــپ، ھەممـــە تەرەپكـــە رەھمـــەت دەريالـــرى ئاقـــدۇ.

ئـــۇ دەريـــالار مەرھەمىتـــى چەكســـز بولغـــان ئالالھنىڭ ياخشـــى ـ يامـــان پۈتـــۈن بەندىلىرىنـــڭ جـــان باغچىلىرىغـــا ئېقـــپ بېرىـــپ ھەر جاننى ســـۇغۇرىدۇ.

ئۇ ھېچكىمنى سۇدىن مەھرۇم قىلمايدۇ.

# شۈك بولۇش

ئەي شۈك بولۇۋالغانلار! مېنىڭ ئۆزۈم سەن. سۆيگىنىمنىڭ پەردىسىمۇ سەن. شۈك بولۇۋېلىشنىڭ ئەڭ لايىق ئىلتىپاتچىسى، ئىنسانلاردىكى قورقۇنىڭ، يالۋۇرۇشنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدۇر. ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئالدىدا جىم تۇرسا، شىكايەت قىلمىسا، ئۇنىڭدا يا قورقۇ بولمايدۇ يا يالۋۇرۇش.

# مەنىۋىي شاراپ

مەنىۋىي جەھەتتىن كۆككە يۈكسەلگەنلەر، ئاللاھنىڭ مېھمىنى بولغانلار، پەرىشتىلەر بىلەن ئوخشاش قەدەھتىن شاراپ ئىچىدۇ.

يەر يۈزىدە ياشىغان ئىنسانلار ئىچىدىكى ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزگەن، ساۋاب قازانغان پەزىلەتلىك كىشىلەرگە شاراپ كۆك يۈزىدىن سۇنۇلىدۇ.

# داپ پەرياتتا، نەي ئىڭرىماقتا

بىز ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي دۇنيا ئىشلىرىغا بېغىشلىدۇق.
بىرمۇنچە ئىستەكلەر، مەنسەپلەرنىڭ پېيىغا چۈشتۇق.
دائىم دۇنيا ئۈچۈن ئىشلىدۇق، مال-مۈلۈك، شۆھرەت، يۇقىرى مەرتىۋىگە ھېرىسمەن بولۇپ يۈردۇق.
بۇ سەۋەپتىن جاپا-مۇشەققەتتىن، غەمدىن قۇتۇلالمىدۇق.
غەم-قايغۇلاردىن، جاپا-مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستلار بىلەن ئويۇن-تاماشاغا بېرىلدۇق.
ئەي داپ! سەن بىزنىڭ بۇ ھالىمىزغا جاندىن، كۆڭۈلدىن پەريات قىل!
نەي، سەنمۇ يىغلا، ئىڭرا!

# لەۋلىرىڭنى كىرلەتمە

سۆيۈملىكىڭنىڭ لەۋلىرىدىن تەسۋىرلىگۈسىز زوق ئالماقچى بولساڭ، لەۋلىرىڭنى ھەر سۆيۈشكە ئۇزاتما، كىرلەتمە، ھەر تاماق بىلەن ئۇنى بۇلغىما!

مۇشۇنداق قىلغاندىلا سېنىڭ لەۋلىرىڭدىن باشقىسىنىڭ پۇرىقى كەلمەيدۇ.

ئۇ لەۋلىرىڭ پەقەت ۋە پەقەت ئىشقىنىلا تىترىسۇن.

ھېچقانداق بىر لەۋگە تەگمىگەن. پاك ـ پاكىز بىر ھال بىلەن تەڭداشسىز ھالغا كەلسۇن.

# ئۇ تەرەپ

ھەممسدن يوشۇرغان ئەيپلرم، گۇناھلرم، سېنك ئشقلك بلەن يەنە مەيدانغا چقتى. تامدن، يەنى ئۇ تەرەپتن، كۆك يۆزدن باشقا بر قۇتۇلۇش شوتسنى ئەۋەتكنكى، ئۇ ئارقلق گۇناھلار بلەن يوشۇرۇنغان بۇ يەر يۆزدن قۇتۇلاي، يۇقرىلارغا چقپ پاكلناي.

مەندن: «تام، يەنى ئۇ تەرەپ قايسى تەرەپتە؟» دەپ سوردى.

مەن: «ئۇ تەرەپ جانلار بار تەرەپتە، جاننڭ كەلگەن تەرپى.

ئۇ تەرەپ، بەدنمز ھەر كېچە ئۇيقۇغا كەتكەندە روھلارنڭ كەتكەن تەرپدۇر.

سەھەردە يەنە ئۇ تەرەپتن كېلپ بەدنمزگە كرپ بزنى ئويغتدۇ.» دەپ جاۋاپ بەردم.

# يوشۇرۇن دوست

ئەي قوللىرىمىزغا ئىشلەش ئاچقۇچلىرىنى تۇتقۇزغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئىشىكلىرىنى ئاچتۇرغان دوست!

سەن دۇنيايىمىزدىن يوشۇرۇن تۇرسەن، كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيسەن، ئەتراپىمىزدىكى كۆرۈپ تۇرغان گۈزەللىكلەرنى، گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقۇچى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا بولغان ھەيرانلىق تۇيغۇمىزنى كىم سەۋەبىدىن ھېس قىلمىمىز؟

كۆرمەي تۇرساقمۇ يەنە سېنى نېمە ئۈچۈن سۆيىمىز؟

ئەي يوقتەك كۆرۈنگەن ئەزىز بارلىق!

بىز بىرەر سايە، بىز ھەم بار ھەم يوق.

بار بولغان، ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىنى ھېس قىلدۇرغان ئەبەدىي ۋە مەڭگۈلۈك بارلىق پەقەتلا سەن!

# پەزىلەتلىك ئادەم

مـاددى مەۋجۇتلۇقـلۇق بىلـەن، بەدىنىـڭ بىلـەن يـەر يۈزىگـە باغلىـق سـەن.
بـۇ يـەردە دۇنياغـا كېلىـپ تۇغۇلـدۇڭ. بـۇ يـەردە يـەپ ئىچىـپ يۈرىسـەن.
پەقەت سەن يەر يۈزىدە ياشاۋاتىسەن.
ئەممـا مـاڭا نىسـپەتەن كۆكتـە ياشـىغانلار بىلـەن ئوخشـاش تۇرىسـەن.
ھەقىقىي ئېتىقادىڭ ئۈنچىلەر تىزىلغان يىپتەك.
پۈتۈن گۈزەللىكلەر، خۇشاللىقلار سەندە مەۋجۇت.

# سىنىك ئىلتىپاتىك

سىنىك ئىلتىپاتىك، ياخشىلىقىك بولمىسا ھېچكىم ھېچنىمە قىلالمايدۇ.

دۇنيادا كۆرۈنگەن پۈتۈن مەۋجۇداتلار، ئىنسانلار، ھايۋاناتلار، بىلىقلار، قۇشلار، ھاشارەتلەر، ئىشقىلىپ كۆزىمىزگە كۆرۈنگەن بارلىق شەيئىلەر سىنىك ئىلتىپاتىك، سىنىك ئىشقىك بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ھەتتا ئانىلارنىك بالىياتقۇلىرىدىكى بوۋاقلارمۇ سىنىك ئىلتىپاتىك بىلەن ئوك ـ سولغا ھەرىكەت قىلىدۇ.

# تەبئەتتىكى ھەممە نەرسە جانلىق

ساڭا ئىشىكى ئېچىلغان ئۇ گۈل باغچىسى شۇنداق بىر باغچىكى، ئۇ يەردىكى دەرەخلەر، ياپراقلارمۇ جانلىق.
بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ.
شۇنى ياخشى بىلگىنكى ھەممە نەرسە جانلىقتۇر.
جانى بولمىغان باغنى ئادەممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.
ئۇنداق باغ ئادەمنىڭ جېنىغا جان قوشالمايدۇ.

# تىرىك ئۆلۈكلەر

مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە ھەققە ئاشىق بولمىغانلار، ياراتقان ئەسەرلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ يارىتىش كۈچىنى ۋە ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلمىغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمىگەن ئادەملەر ئۆلۈكتەك ياشايدىغانلاردۇر.

ئاللاھقا ئىشەنمىگەن ئادەملەر بىر جانلىق جىنازىدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ، يەيدۇ، ئىچىدۇ، نەسىل قالدۇرىدۇ، بىراق ئۇلار ئەسلىدە تىرىك ئۆلۈكلەردۇر.

# ئىشق بىباھا

ئاللاھ پۈتمەس-تۈگىمەس مەرتىلىكى بىلەن ماڭا ھەددى-ھېسابسىز مال-مۈلۈك ئاتا قىلسا، قانچىلىغان قىممەتلىك خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىمغا قويسا، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سەجدە قىلىپ يۈزۈمنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەيمەن: «ئەي ئاللاھىم! مېنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئىشقىڭ پۈتۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىممەتلىك.»

# روھ ۋە تەن

بەدەن جان بىلەن بىللە بولغانلىقى، پاراڭلىشىپ يۆرگەنلىكى ئۆچۆن گۆزەل يۆزلۆك، خۇشخۇيلۇق ئەمەسمۇ؟
بىچارە بەدەن جاندىن ئايرىلىپ قالدىغان بولسا قانداق ھالغا چۆشۆپ قالاركىن؟
گەپ قىلالمايدۇ، يېيەلمەيدۇ، ئىچەلمەيدۇ، شۇنداقلا سېسىق پۇراشقا باشلايدۇ.

ئەسلىدە روھ كېلىپ بەدەنگە كىرگەن، بەدەن روھ تەرەپكە كەتمىگەن.
دېمىسمۇ ئوق كەتكەن تەرەپكە ياي كەتمەس.
ئاخىرى روھ بەدەندىن ئۇچۇپ كېتىش ئۆچۆن تېتىكلەشتى، چاچراپ چىقىپ كەتتى.
كالامپاي بەدەن بولسا يەرگە چۆشۆپ سوزۇلۇپ ياتتى.
كۆككە چىقالماي يەردە سېسىپ قالدى.

# جەننەتتىن ئايرىلما

قولمۇ بەدەندە بولغاچقا ھۆنەرۋەن بولىدۇ.

بەدەندىن ئايرىلدىمۇ بىر پارچە گۆشتەك بولۇپ قېلىپ ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ.

جەننەتتىن قوغلانغان ئىنسان بەدەندىن ئايرىلغان كېسىك قولدەك بولۇپ قالدى.

ئىش ـ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولدى. كىچىك بىر گۆش پارچىسىدەك مۇشۇككە لوقما بولدى. بۇ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك پالاكەت، قانچىلىك كەمسىتىش؟

جەننەتتىن ئايرىلىپ قېلىش نېمە دېگەن بەختسىزلىك ھە!

# جان شارابى

قەدەھسىز ھالدا ئىچكەن ئۇ مەنا شارابى ئۆزۈمدىن ياسالغان شاراپلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ جان شارابىدۇر.

ئۇ جان شارابىدىن بىر يۇتۇم ئىچسەڭ ئۇ بىر يۇتۇم شاراپ يالغۇز ئەقىل ۋە پىكرىڭنى يوقىتىپلا قالماي يەنە ھىلە، يالغانچىلىق ۋە غەيۋەتتەك ئەسكى خۇيلارنىمۇ يوقىتىپ تاشلايدۇ.

# سەن بىر ئالتۇن كان

ئىنسانلىق يولىنىڭ ئالدى ئارقىسى قان بىلەن ھۆل بوپتۇ.
تېپىلىپ كەتمە، دىققەت قىل!
بۇ زاماندا ئادەم ئوغرىلىرى ئالتۇن ئوغرىلىرىدىن كۆپ.
دۇنيا ئالتۇننىڭ كويىدا. ئەمما سەن بىر ئالتۇن كان تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن خەۋىرىڭ يوق.

ئەي ئادەم ئوغرىلىرى، خەزىنە تاپالىشىڭ مۇمكىن، ئەمما ئۆمۈرنى تاپالمايسەن.
سەن تىرىشىپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن تاپ، ئۆزۈڭدىكى خەزىنىنى ئىزدە.
چۈنكى بۇ خەزىنە ساڭا باقىۋەندە ئەمەس، قولدىن بېرىپ قويىسەن.

# تەقدىر

قۇل تەدبىرلىك بولىدۇ، بىراق تەقدىرنى بىلەلمەيدۇ.
ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئالدىدا تەدبىر كارغا كەلمەيدۇ.
قۇل تەپەككۇر قىلىدۇ، بىراق مەيداندىكىنىلا كۆرەلەيدۇ.
ھىلىلەرنى ئويلىيالايدۇ، ئەمما تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

# «سەن» ۋە «مەن» دەپ ئايرىلمايدۇ

بۇ دۇنيادا نەپسىنىڭ دەردىگە چۈشكەنلەر، پەقەت يېيىش-ئىچىشنىلا ئويلايدۇ. ئاخىرى ئۆكۈز ۋە ئېشەكلەردەك ئۆلىدۇ. مەن سەن بولدۇم، سەنمۇ مەن بولدۇڭ! مەن تەن بولدۇم، سەن جان بولدۇڭ. شۇنداق بىر هالغا كەلدۇقكى، بۇندىن كېيىن هېچكىم «سەن ئايرىم، مەن ئايرىم» دېيەلمەيدۇ.

# نەپسىڭدىن قاچ

ئەگەر سەن بىر نەرسىدىن قاچماقچى بولساڭ، يىلاندىن، چاياندىن، ئارسلاندىن، قاپلاندىن قاچماي بەلكى بەدىنىڭدىن ئۇرغۇپ چىققان نەپسانىي ئارزۇ ۋە ھەۋەسلىرىڭدىن قاچ. چۇنكى بېشىڭغا كەلگەن بارلىق بالالار، تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلەرىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئاشۇ قۇرۇق ھەۋەسلەردىن مەيدانغا كەلگەن.

# ئۇ تەرەپ

يىراق يېقىن مۇساپىلەر، يېزىلار، شەھەرلەر، دۆلەتلەر، ئىقلىملار، ھەرتۈرلۈك تىللار بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەر تۈرلۈك رەڭدىكى، ھەر تۈرلۈك دىندىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بۇ تەرەپتە. دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە يا شەھەر يوق، يا ئىقلىم يوق ياكى دۆلەت ۋە ياكى ئىنسان يوق.

# يۇلتۇزنى دورا

ئەي پەقەتلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان كىشى! يۇلتۇزلارنىڭ خۇيىدىن ئال.

قاراپ باق قۇياش چىقىپ پارلىغاندا يۇلتۇزلار يوق بولىدۇ.

سەنمۇ پەقەت ئاللاھقا كۆڭۈل بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا بىر نەرسە كۆزۈڭگە كۆرۈنمەس بولسۇن.

# كائىناتقا تۈز قارا

پۈتۈن جانلار بىر، بىر يەردىن كەلگەن!

كۆرۈنۈۋاتقان ھەربىر نەرسە كائىناتنىڭ ئىگىسى، كائىناتنى ياراتقان ئۇلۇغ بىر بارلىقنىڭ بارلىقنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەگەر ئەقلىڭ بولسا ئەلەس كۆزۈڭنى تۈزلەپ كائىناتقا تۈز قارا!

# سەن ئۈستۈن مەۋجۇدات

تىلەمچىدەك ئۇدۇل كەلگەن ئىشكنى قاقما.
هەر ئىشىكتىن بىر نەرسىنى تاما قىلما.
ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ كۆكنىڭ ئىشىكنى قاق، يەر ئىشىكنى قاقما .
قورقما، سەن ئۈستۈن بىر مەۋجۇدات.
قولىرىڭ كۆكلەرگە يېتىدۇ.

# كۆڭۈلسىز ئۆي

ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن ئايدىڭلانمىغان كۆڭۈل ئۆيلىرى بار.

بۇنداق كۆڭۈل ئۆيلىرى گۆردەك تار ۋە قاراڭغۇ بولىدۇ.

ئۇ كۆڭۈل ئۆيلىرى ئاللاھنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى سېغىنىش روھىدىن مەھرۇمدۇر. بۇنداق بىر كۆڭۈلدىن مازارلىق مىڭ ياخشىدۇر.

# ئىنسان قەدىرلىك

ئىنسانلارنىڭ ھەقىقى قىممىتىنى ئۆيلىسام ئىچىم كۆيىدۇ.

مىڭ ئەپسۇس، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمىدى، ئۆزىنى ئەرزان باھادا ساتتى.

ئىنسان شۇنچىلىك قىممەتلىك بىر ئەتلەس تۇرۇقلۇق ئۆزىنى جەندىگە ياماق قىلدى.

# ئىككى خىل ئىنسان

مەيلى ئايال مەيلى ئەر بولسۇن ئىككى تۈرلۈك ئىنسان بار :

ئىچكى دۇنياسىنى بايقاپ ئۇنى ئىزدىگەنلەر ۋە ئىچكى دۇنياسىدىن ھېچ خەۋىرى يوق، پەقەت ماددىغا ئاشىق بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇرىغا بېرىلىپ كەتكەنلەر.

# ھەسرەت چەكمە!

ھەسرەت چەكمە!
پۈتۈم سۇندى دەپ ھەسرەت چەكمە.
تەڭرى سەندىن ئالغان پۈتنىڭ ئورنىغا بەلكىم قانات بېرىدىغاندۇ.
قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىم دەپ ھەسرەت چەكمە.
يۈسۈپنىڭ قۇدۇقتىن قۇتۇلۇپ مىسىرغا ۋەزىر بولغانلىقىنى ئۇنۇتما!
ئارزۇ قىلغان ئىشىڭ ئەمەلگە ئاشسا بىر ياخشى ئىش، ئەگەر ئاشمىسا مىڭ ياخشى ئىش دەپ بىل.
بىر ئىشىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان بولسا بەلكىم تېخىمۇ ياخشى ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر ۋە ياكى سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشمىغاندۇر.

شۇ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا قاراپ باق!
ئۇلار ھېچنەرسە تېرىمايدۇ ياكى ئورىمايدۇ....
ئۇلارنىڭ رىزىقىغا كاپالەتلىك قىلغان تەڭرى ساڭا كۆڭۈل بۆلمەي قالارمۇ!
سەن قانداق ئىستەشنى بىلسەڭلا كۇپايە...

بالا ـ قازالار تۇيۇقسىز ياققان شىددەتلىك يامغۇردەك ياغىدۇ.
پەقەت بېشىنى ئۇنىڭغا تۇتالىغانلار ئاشىق ھېساپلىنىدۇ.

نەلەردىــــن غــــەم كارۋانلــــرى كەلســــمۇ ئاشــــق بالا ـ قــــازا يوللىرىدىكــــى مۇئەييــــەن بىــــر مەنزىلــــدۇر.
ئىشق دەردىدە بولغان ئادەم باشنىڭ دەردىدە بولمايدۇ.

ھەسرەت چەكمە!

ياساش ئۆرۈلگەندىن بولىدۇ.
تۈزەش بۇزۇلغاندىن بولىدۇ.
غايە غايىسىزلىقتىن بولىدۇ.
بارلىق يوقلۇقتىن بولىدۇ.
ئىتىپاقلىق چېچىلاڭغۇلۇقتىن بولىدۇ.

ھەسرەت چەكمە!

نېمە دېگەن يامان ھە!
ئادەم ئەقىل بىلەن يۈرەك ئارىسىدا چارىسىز قالسا،
نېمە دېگەن يامان.
زامانىنىــــڭ بىــــر مىنۇتتــــەك يېقىــــن، بىــــر ئەســــىردەك ئــــۇزاق بولۇشــــى.
بىلەمسەن؟ ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرىنى سۆزلىيەلمەسلىكىنى،
نېمــــە دېگــــەن ئېچىنىشــــلىق «مــــەن» دەپ قويــــۇپ جىمــــپ كېتىشــــى، «ســــەن» دەپ يىغــــلاپ كېتىشــــى.

ئەگــــەر ســــەن ھەقىقــــەت يولــــىدا بولســــاڭ يولــــۇڭ ئوچــــۇق، ئاســــان بولىــــدۇ.
ئەگــــەر ھەقنىــــڭ مەۋجۇدىيىتــــى ئىچــــىدە يــــوق بولســــاڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇققا قايتىســــەن.

مەنلىكتىن قۇتۇلساڭ شۇنچىلىك چوڭىيسەنكى ئالەمگە پاتمايسەن.
مانا ماشۇ چاغدا سىنى ساڭا سەنسىز كۆرسىتىدۇ.

ھەسرەت چەكمە!

ئىنسانلار سېنىڭ كۆڭلۈڭنى رەنجىتكەن بولسا ھەسرەت چەكمە!
ئۇلۇغ ئاللاھ «مەن سۇنۇق كۆڭۈللەردە» دەپ بۇيرىمىدىمۇ؟
ئۇنداقتا يەنە نېمىگە ھەسرەت چېكىسەن، ئەي جان؟
كۇندۇزدەك يورۇق بولۇشنى ئويلىساڭ كېچىدەك قاپقاراڭغۇ نەپسىڭدىن قۇتۇل!

«دەردىم بار» دەيسەن، دەرت ئىنساننى ھەققە ئاپىرىدىغان ئۇلاقتۇر. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟
بۇ دەرت پەقەت مەندىلا بار دەپ ئويلاپ قالما.
سەندىكى دەرتلەرنى نېمەت دەپ بىلىدىغانلارمۇ بار.
ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، يۈسۈپنى ئويلا.
دەرت نەدە بولسا داۋا ئۇ يەرگە بارىدۇ.
يوقسۇللۇق نەدە بولسا نېمەت شۇ يەرگە بارىدۇ.
مەسىلە نەدە بولسا جاۋاپمۇ ئۇ يەردە بولىدۇ.
كىمە قاياقتا ماڭسا سۇمۇ شۇ ياقتا بولىدۇ.

سۇنى ئىزدە، ئۇسسۇزلۇقىڭنى نامايەن قىل، سۇلار ھەر يەردىن ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىسۇن.
بۇ دۇنيا ماللىرى تەڭرىنىڭ تەبەسسۇمىدۇر. ئۇنىڭغا قارا! ئەمما ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما.

ھەسرەت چەكمە!

دەريا دېڭىزغا، دېڭىز ئوكيانغا سىڭمەيدۇ.
ئاشــىق بولمىغانلارغــا سۆزلىســەڭمۇ «مــەن»، «ســەن»نى بىلمەيــدۇ.
ھەققە يۈزلىنىدىغان يولدۇر دېسەڭ ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.
كۆڭلىدە زەررىچىلىك نۇر بولمىغان كۆيمەيدۇ، كۆيەلمەيدۇ.

ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ئىنسانغا قاراپ بولىدۇ.
ئەسلىدە ھەقىقەت ئالىمى بىر.
بۇ ئالەم بىر چۈشكە ئوخشايدۇ.
پەرەزگە ئىشىنىپ قالما ئەي جان!
چۈشۈڭدە قولۇڭ كېسىلسە قورقما! قولۇڭ جايىدا.
دۇنيــا بىــر چــۈش بولســا بېشــىڭغا كەلگــەن بــۇ پالاكەتلــەر ئۆتكۈنچىــدۇر.
ئۇنداقتا يەنە نېمىگە ھەسرەت چېكىسەن؟

ھەممــە بالا ـ قــازا بېشــىڭغا كېلىــپ چىدىغۇچىلىــك ھالىــڭ قالمىغــان يەرگــە كەلگەنــدە ھەرگــز بــەل قويۇۋەتمــە. چۈنكى ئاشــۇ يــەر يولۇڭنىــى داۋاملاشــتۇرۇش ئۈچــۈن ئــات ئالماشــتۇرىدىغان جايــدۇر.
ســەن بولســاڭ بــۇ ئالەمنىــڭ، بــۇ كائىناتنىــڭ كىتابىــى. ســەن ئــۇ كىتابنىــى ئىچىــپ ئۆزۈڭنىــى ئوقــۇ ئــەي جــان!

كائىناتنىــڭ ئــەڭ ئــۇزاق يەرلــرى ســېنىڭ ئىچىڭدىكــى كىچىك بىــر نۇقتــا. ئەممــا ســەن بۇنــى بىلمەيۋاتىســەن. دەرتلىرىــڭ نېمــە بولســا بولســۇن ھەرگــز قورقما!

پەقەت ئۈمىدىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ بولسۇن!

ھەر كىم بىر نەرسىگە ئىشىنىدىغان بۇ زاماندا سېنىڭ ئىشەنچىڭ ئاللاھ بولسۇن.

ھېچبىر گۇناھ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ شەپقىتىدىن يۇقىرى ئەمەس، شۇنداقتىمۇ سەن يەنە گۇناھ ئىشلىمە!

ھەسرەت چەكمە!

دەرتلىرىڭ قانچىلىك بولسا بولسۇن پاكىز يۇيۇنۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ ۋە پاكىز بىر ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا جايىنامازنى سېلىپ ئولتۇر ۋە يىغلا، ھېچ گەپ قىلمىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ...

ئۇنىڭ، سېنىڭ دەرتلىرىڭنى سەندىن ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئۇنۇتما.

دۇئا قىلغاندا ئۇنىڭغا سۇنۇق بىر كۆڭۈل بىلەن قولۇڭنى كۆتۈر.

چۈنكى ئاللاھنىڭ شەپقىتى ۋە ئېھسانى كۆڭلى يېرىم كىشىگە قاراپ ئۇدۇل ئۇچىدۇ.

تاياق بىلەن كىگىزنى ئۇرۇشتىكى مەقسەت كىگىزنى ئۇرۇش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىكى توپا-چاڭلارنى چىقىرىش.

ئاللاھ توپا-چاڭلارنى تازىلاۋاتسا يەنە نېمىگە ھەسرەت چېكىسەن ئەي جان!

ھەرگىز ھەسرەت چەكمە!

بولۇپمۇ بۈگۈن! بۈگۈن بىزگە بايرام!

# جالالىدىن رۇمىنىڭ شېئىرلىرىدىن دۇردانىلار



# ئۇخلىما

بۇ كېچە دوستلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇخلىما،
كېچىنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ تۇرغۇز ئۇخلىما.
«ئۇخلىغان ئىغۋاچى ياخشى» دېگەن گەپ بار،
ئىغۋاچى بولماي ئويغاق تۇر گۈزەللەش ئۇخلىما.

ئەي كۆڭۈل كۈنلەپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىما،
ئايدەك قۇياشنىڭ ھەسرىتىدىن ئۇخلىما.
قاراڭغۇ قۇدۇقتىكى چېلەك بولساڭ،
بەلكى قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە چىقارسەن ئۇخلىما.

# يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن، يا كۆرۈنگىنىڭدەك بول

سېخىيلىقتا ۋە ياردەم سۆيەرلىكتە ئاقار سۇدەك بول،
شەپقەت ۋە مەرھەمەتتە قۇياشتەك بول،
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشتا كېچىدەك بول،
غەزەپ ۋە ئەسەبىيلىكتە ئۆلۈكتەك بول،
كەمتەرلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكتە تۇپراقتەك بول،
سەۋرچانلىقتا دېڭىزدەك بول،
يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن، ياكى كۆرۈنگىنىڭدەك بول.

# سۆزلىمەك كېرەك

ھەر كۈنى بىر يەردىن كۆچمەك قانداق ياخشى،
ھەر كۈن بىر يەرگە قونماق قانداق گۈزەل،
بۇلغانماي، توختىماي ئاقماق قانداق خوش،
تۈنۈگۈن بىلەن بىللە كەتتى جان ـ جىگەرىم،
قانچىلىك سۆز بولسا تۈنۈگۈنگە ئائىت،
ئەمدى يېڭى نەرسىلەر سۆزلىمەك لازىم.

# قاچان

قاچانمۇ بۇ ھېساپ ـ كىتاب قىلىشتىن ۋاز كېچىمىز ، قاچان؟
جان مەجلىسىنىڭ ھوزۇرىغا قاچان ھەممىمىز كىرىپ ئولتۇرىمىز ؟
لەۋلىرىمىزگە يالغۇز قەدەھنى تەگكۈزمەستىن ،
قاچان بۈيۈك دوستىمىزنىڭ ھوزۇرىدا جان شارابىنى ئىچىمىز ؟
قاچان ئىچىمىز ، قاچان؟
قاچان دەيمىز جان ساقىسىگە ئۈزات قولۇڭنى دەپ ،
بىز بۇ تەرەپكە كۆچتۇق ئەمدى .
ساڭا ھەدىيەلەرنى ئەكەلدۇق ،
قاچان دەيمىز جان ساقىسىگە نېمىگە تۇرىمىز ؟
باغلىنىپ قالدۇق ، قولۇڭغا چۈشتۇق .
غۇربەت ئەللەردە مۇزلىدۇق ، تونگلاپ قالدۇق .
سالام بەر ، ئەھۋالىمىزنى سورا ، قۇچاق ئاچ ، ئىسسىت بىزنى ،
بىزگە قىزىل شاراپ سۇن .
قاچان بىزگە جاۋاب بېرىدۇ ئۇ ، قاچان؟
قاچان دەيدۇ نېمەم بولسا ھەممىسى سىزنىڭ .
قېنى ئافىيەت بولسۇن .

# يۈتتىرىپ قويدۇق

تۇپراقتا ئۈنگەن گۈللەر يوق بولۇر،
كۆڭۈلدە ئۈنگەن گۈللەر مەڭگۈ قالۇر.
بىز ئۆگەنگەن ئۇ تاتلىق بىلىملىرىمىز،
باغقا پەقەت ئۈچ دەستە گۈل بولۇر.

باغچىنىڭ ئىشىكىنى ئۆزىمىز ئېتىپ قويۇپ،
ئۇ ئۈچ دەستە گۈلدىن قانائەتلىنىپ قالدۇق.
ئىست، مۇشۇنداق باغچىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى،
نەپسىنىڭ كويىغا چۈشۈپ يۈتتىرىپ قويدۇق.

# روشەن کۆز بەردىك

باي تۇماق بەردى،
سەن ئەقىللىق باش بەردىك.
ئۇ تون بەردى،
سەن ئىگىز بوي بەردىك.
ئۇ قىچىر بەردى،
سەن مىنىدىغان ئەقىل بەردىك.
ئۇ شام بەردى ماڭا،
روشەن كۆزنى سەن بەردىك.

# باھانە تاپما

ئەي يىگىت! باھانە تاپما،
ئارتما ئۆز گۇناھىڭنى باشقىسىغا.
گۇناھىڭنى كۆر، بۇرۇلۇپ ئۆزۈڭنى،
سايەڭدىن ئەمەس، كۆرگەنلىرىڭ ئۆزۈڭدىن.

نېمە قىلىپ ساڭا بۇرۇلۇشنى كۆرمىدىڭ؟
نېمە تېرىدىڭ، ھوسۇلنى يا يىغمىدىڭ؟
قىلمىشلىرىڭ روھىڭدىن، بەدىنىڭدىن،
چىڭ تۇتىدۇ كېلىپ بالاڭدەك پېشىڭدىن.

# بىر ـ بىرىدىن خاپا

كۆڭلۈم تىلىمدىن خاپا،
تىلىم كۆڭلۈمدىن.
كۆڭلۈم ھېسلىرىنى ئاڭلىتالمىغاچقا،
رەنجىگەن ئۇدى تىلىمدىن.
كۆڭلۈم ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن نەرسىلەرنى ئويلىغاچقا،
تىلىم كۆڭلۈمدىن خاپا.

# كەل

ئۇنۇڭنى چىقارما! باھار كەلدى، گۈل ۋە تىكەن كەلدى.
بۇ باھاردا گۈللەر، رەڭمۇ ـ رەڭ چېچەكلەر،
مايسىلار تۇپراقتىن باش كۆتۈرۈپ، غەيىپ ئالەمدىن كەلدى،
بىز تەرەپكە كەلدى، بىزگە ئۇ تەرەپتىن تەكلىپ كەلدى.

كەل، مەن مەنسىز، سەن سەنسىز بولايلى،
شۇ ئاشىق دەرياسىغا باش چۆكۈرەيلى.
چۈنكى قۇرۇقلۇقتا، يەنى يەر يۈزىدە،
زۇلۇمدىن ۋە ھەقسىزلىقتىن باشقا نېمە بار؟

# ئۆلاردىن خەۋەر بار

گۈل سۆيگۈسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ «ئەي بۇلبۇل» دېدى،
نېمىگە سايرايسەن؟ نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ ياكى مېنىمۇ؟
ئەجەبا سەن بىر خىيالنىڭ كويىدىمۇ؟ مەنمۇ يوق، گۈل باغچىسىمۇ يوق.
پەقەت ۋە پەقەتلا ئۇ بار. ئۇنىڭ گۈزەل يۈزى بار!
دۇنيادا سەندىن باشقا بىرىسى بارمۇ؟ دەپ،
كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قارايمەن.
سەندىن باشقا كىم بار؟
سەندىن باشقا يەنە كىم بار؟
كۆرگەن ھەر نەرسە، ھەر زەررىچە،
تىلسىز، لەۋسىز، ئەمما، ئۆلاردىن يەنە خەۋەر بار،
خەۋەر بار.

# مەرسیە

کۆز غەمنىڭ نێمە ئێکەنلکنی بلسە ئدی،
کۆك یۊزی بۇ هجران دەردنی تارتسا ئدی،
پادشاھ بۇ دەرتلەرنی تۇیسا ئدی،
کۆز کێچە ـ کۊندۊز تننمای یغلایتتی.
کۆك، قۇیاش، ئای، یۇلتۇزلار،
کێچە ـ کۊندۊز یغلایتتی.
پادشاھ قارایتتی ئالدغا،
تاجسغا، تەختگە، دۇبۇلغغا، کەمرگە،
کێچە ـ کۊندۊز یغلایتتی.

گۊلستان کۊزنىڭ کێلشنی تۇیسا ئدی،
ئۇچار قۇش ئوۋلنندغانلقنی بلسە ئدی،
توي کێچسی بۇ سێغننشنی کۆرسە ئدی،
گۊلستان هەم گۊلگە، هەمدە تالغا یغلایتتی.
ئۇچار قۇش ئۇچۇشتن ۋاز کێچەتتی.
توي کێچسی سۆیۊشۊشکە، قۇچاقلششقا یغلایتتی.

زال ئوغلی بۇ زۇلۇمنی کۆرسە ئدی،
ئەجەل بۇ پەریاتنی تۇیسا ئدی،
جاللاتنىڭ یۊرکی بولسا ئدی،
زال ئوغلی سوقۇشقا، یگتلککە یغلایتتی.
جاللاتنىڭ یۊرکی تاش بولسمۇ یغلایتتی.

پاختەك بېشغا كېلىدىغانلارنى تۇيسا ئىدى،
تاۋۇت ئىچىگە كىمنىڭ كىرىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى،
هايۋانلاردا بىر پارچە ئەقىل بولسا ئىدى،
پاختەك ئورماندىن ئايرىلىپ يىغلايتتى.
تاۋۇت ئۆلۈككە كېتىشۋېتىپ يىغلايتتى.
ئۆكۈزلەر، ئاتلار، مۈشۈكلەر يىغلايتتى.

ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقلىرىنى تېتىدى تاتلىق جان،
باشلىدى مانا شۇنداق يىغلاشنى،
بولغۇلۇق بولدى، كەتتى دوستۇم مېنىڭ.
شۇ دۇنيا كۆمتۈرۈلۈپ كەتسمۇ يەنىلا يېرى بار،
ئەنە ئاشۇنداق تۇپراققا كۆمۈلۈپ قاپتىمەن.

# باشقا بىر كۈن بار

بۈگۈن يۈزۈڭ باشقىچە گۈزەل،
بۈگۈن لەۋلىرىڭ باشقىچە تاتلىق،
بۈگۈن بويۇڭمۇ باشقىچە ئېگىز،
بۈگۈن قىزىل گۈلۈڭ باشقا بىر تالدىن.

ئايىڭ كۆك يۈزىگە پاتماپتۇ بۈگۈن،
كۆكلەردەك مەيدەڭ باشقىچە كەڭ.
قايسى تەرىپىڭدىن قوپتۇق بۇ سەھەر، سۆزلە،
سېنىڭ سەۋەبىڭدىن دۇنيا باشقىچە.

بىز سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن كۆردۇق،
ئارسلانلارغا جەڭ ئېلان قىلغان كىيىكنى.
باشقا بىر يايلاقتا ئۇ كىيىك بۈگۈن،
ئىككى جاھاننىڭ سىرتىدا.

سۆيگەن ئىنساننىڭ ئاياقلىرىمۇ يوق،
مانا ئۇ ئۆلۈمسىزلىك دۇنياسىغا ئۇچتى.
ئىزدىمە، كۆزلەر دېڭىزىدا ئۇ يوق،
ئۇ ئۇنچە باشقا دېڭىزغا چۆكتى.

قارىساڭ بۈگۈن سۆيەر بۇ يۈرەك،
ئەتە بەلكى سۆيىلەر.
يۈرىكىمنىڭ ئۆزىدە،
باشقا بىر كۈن بار.

# بىر كېچە

ئۇخلىما، نە بولۇر بىر كېچە،
ھىجران ئىشكىنى قاقما بىر كېچە.
بىر كېچە دوستلارنىڭ كۆڭلى بولسۇن،
ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇز بىر كېچە.

كۆزلىرىمىز ئايدىڭ بولسۇن بىر كېچە،
كۆر بولسۇن شەيتان بىر كېچە.
ھەر يەر ئەنبەر پۇرىقى، ئۆيلەردە قاندىل،
دەستىرخاندىكىلەر جانلانسۇن بىر كېچە.

ئۇخلىما، نە بولۇر بىر كېچە،
ھىجران ئىشكىنى قاقما بىر كېچە.
بىر كېچە ئاتقا مىنىپ مەيدانغا كەل.
كۆڭۈللەر راھەت، كۆكسلەر مەيدان بولسۇن.

يېڭى كىيىملەر كېيەيلى بىز قۇللار،
مۇسادەك سەن تاياق ئال قولۇڭغا.
تاياق بىردىنلا قولۇڭدا يىلان بولسۇن.
سۇلايماندەك چۈمۈلىلەرنىڭ يېنىغا بار،
چۈمۈلىلەر بىردىنلا سۇلايمان بولسۇن.
بىر كېچە ھىجران ئىشكىنى قاقما، نە بولۇر.

# بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىكەنسەن

ئاڭلىسام بىزنى تاشلاپ كېتىشكە بەل باغلاپسەن، ئەتمە.
باشقا بىر يار، باشقا دوستقا مايىل بولۇپسەن، ئەتمە.
سەن ياتلار دۇنياسىدا نېمە ئىزداۋاتىسەن، مۇساپىر.
قايسى كېسەل كۆڭۈللۈكنى قەستلەۋاتىسەن، ئەتمە.

ئوغرىلىما بىزنى بىزدىن، بىزدىن ئايرىلىپ كەتمە ئۇ ئەللەرگە.
ئوغرىلانغان باشقىلارغا نەزەر سېلىۋاتىسەن، ئەتمە.
ئەي ئاي، پەلەك خاراپ بولۇپ، ئاستىن ـ ئۈستىن بوپتۇ سەن ئۈچۈن.
بىزنى ئەنەشۇنداق خاراپ قىلىپ ،ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋاتىسەن ،ئەتمە.

ئەي ماكانى بار بىلەن يوقنىڭ ئۈستىدە بولغان كىشى،
سەن مەۋجۇتلۇق ساھەسىنى تەرك قىلىۋاتىسەن، ئەتمە.
سەن يۈز ئۆرىسەڭ ئاي قاپقارا بولىدۇ غەم ـ غۇسسىدىن،
ئاينىڭ ئۆيىنى چېقىشقا قەست قىلىۋاتىسەن، ئەتمە.

بىزنىڭ لەۋلىرىمىز قۇرۇيدۇ، ئەگەر سەن قۇرۇساڭ،
كۆزلىرىمىزنىمۇ ياشقا تولدۇرۇۋاتىسەن، ئەتمە.
ئاشىقلار بىلەن ھەپىلىشىشكە كۈچۈڭ بولمىسا،
ئاشىققا نېمە دەپ ھەيران بولىسەن، ئەتمە.

ئەي جەننەت، جەھەننەمنىڭ قولىدا بولغان كىشى،
بىزگە جەننەتنى جەھەننەم قىلىۋاتىسەن ئەتمە.
شېكەرنىڭ ئىچىدىكى زەھەر زىيان بەرمەيدۇ بىزگە،
ئۇ زەھەرنى ئۇ شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋاتىسەن، ئەتمە.

بىزنى خۇشال قىلىۋاتىسەن، ھوزۇرىمىز قاچىدۇ شۇنداق،
ھوزۇرىمىزنى بۇزۇپ بىزنى ۋەيران قىلىۋاتىسەن، ئەتمە.
ھارامغا يۇققان كۆزۈمنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئوغرىسى،
ئەي ئوغرىلىققا ئوغرىلىق قىلىۋاتىسەن، ئەتمە.
ئىسيان قىل دوستۇم، سۆز سۆزلەيدىغان ۋاقىت ئەمەس،
ئاشىقنىڭ بىھۇشلىقىنى نېمىگە مەشىق قىلىسەن، ئەتمە.

# ئەجەپمۇ كەتتىڭ

بۇ يەردىن شۇنچە ئازاپ، سىغىنىشتا كەتتىڭ،
كېيىن يالۋۇردۇڭ، مۇناجات قىلدىڭ ئەمما،
قولىغا چۈشكەن ئىدىڭ بىر قېتىم تەقدىرنىڭ،
نە پايدا سۆيگىنىم، نە پايدا.

ھەر تەرەپتىن چارىلەر ئىزدىدىڭ ئۆزۈڭگە،
بولمايدىغان ئىشلارنى قىلدىڭ ھەر ياندا.
تاپالمىدىڭ بىر ئامال، ئاخىرى كەتتىڭ،
نە پايدا سۆيگىنىم، نە پايدا.

قۇچاقلىرىڭ گۈللەر بىلەن تولاتتى سېنىڭ،
ئاينىڭ ئون تۆتىدەك يۈزۈڭ بار ئىدى.
ئايرىلىپ چەمبىرىكىدىن دوستلار مەجلىسىنىڭ،
ئۇ پەسكەش، ئۇ ۋەيرانە يەرگە سەن،
ئۇ چۆمۈلە، يىلانلارنىڭ يېنىغا،
نېمە بولۇپ، قانداق بولۇپ كەتتىڭ؟

قېنى ئۇ جاندەك سۆزلىرىڭ ئەمدى؟
قېنى ئۇ سىرلارنى يەشكەن ئەقىل؟
قېنى ئۇ گۈلىستانىغا ماڭغان پۇت؟
قولىمىزنى تۇتقان قول، ئەمدى قېنى؟

خۇش ئىدىڭ، گۈل ئىدىڭ، جورەڭ يوقتى سېنىڭ،
كىشىلەرنى دەرھاللا قولغا كەلتۈرەتتىڭ.
ئەمما قوپۇپ چىقتىڭ ئۇزۇن بىر يولغا،
ئىنسانلارنى يۇتقان تۇپراققا كەتتىڭ.

يىغلاپ ـ قاقشاپ سەن كەتتىڭ ئەمما،
كۆكلەرمۇ تۇرماي ئارقاڭدىن يىغلىدى.
پارچە ـ پارچە قىلدى يۈزىنى ئاي،
يۈرىكىم ئارقاڭدىن قان يىغلىدى.

ئەمدى قانداق قىلاي؟ كىمدىن سورايمەن سېنى؟
ياخشى ئادەملەر ئارىسىدىمۇ سەن ئۇ يەردە؟
يەنى دوستلارنىڭ مەجلىسىدىمۇ سەن؟
ياكى بۇلۇڭدا بويىنىڭنى قىسىپ قالدىڭمۇ؟

شۇنداق بىر يەرگە كەتتىڭكى بۇ قېتىم،
ئىزىڭنىڭ توپىسىمۇ ئېنىق ئەمەس.
شۇنچىلىك قانلىق ئىكەن كەتكەن يولۇڭ!
ئەجەپمۇ كەتتىڭ سۆيگىنىم، ئەجەپمۇ...

# قۇياشقا قۇل مەن

مادامكى مەن قۇياشنىڭ قۇلى،
قۇياشتىن سۆز ئېچىشىم كېرەك سىلەرگە.
مادامكى كېچە ئەمەس مەن،
مادامكى قاراڭغۇغا چوقۇنمايمەن،
ئۇنداقتا چۈشتىن سۆز ئېچىشقا نېمە ھاجەت.

مادامكى قۇياشقا شۇنچىلىك ئوخشايمەن،
قولۇمنى، پېشىمنى تارتاي ئۈستۈڭدىن،
راھەت، باياشاتلىق بولغان يېرىڭدىن.
مادامكى قۇياشقا شۇنچىلىك ئوخشايمەن،
تۇغۇلىشىم كېرەك ئوتتۇرىسىدا خارابىلىقنىڭ.

گەرچە بۈگۈن قۇرۇق ئالما مەن،
ئەمما قىممىتىم كۆچەتتىن ئارتۇق.
گەرچە مەست مەن، يىقىلدىم ئەمما،
توغرا سۆز قىلماقتا مەن،
يىگىتتەك سۆزلەۋاتىمەن.

مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ يۇرتى،
يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىدىن كېلۇر.
مەن ئۇ تۇپراقتىن ئىزا تارتىمەن،
ئىشقىلىپ بىر تال سۆزمۇ ئېيتالمايمەن،
سۇغا دائىر.

گۈزەل يۈزۈڭدىن قايرىغىن پەردىنى،
بۇنداق سۆزلەرنى ياراشتۇرما ماڭا.
تاشتەك قاتتىق بولسا سېنىڭ قەلبىڭ،
باق مېنىڭ قەلبىم كۆيۈپ چوغ بولدى.
بىر ياخشىلىق قىلىپ شىشىنى ئالساڭ قولۇڭغا،
بىردىنلا قارىساڭ قەدەھكە،
شاراپ مەندە زۇۋانغا كەلدى.

# مەھبۇس

ماڭ، جان كۆزۈڭنى ئاچ،
شۇ ئاشىقلارغا بىر باق.
قانداق ئىرماش ـ چىرماش،
خۇددى كۆكۈلگە ئوخشاپ قاپتۇ.
قانداق كەپتۇ جاندەك،
قولسىز، پۇتسىز ھالغا.
گۈلىستاندىنمۇ چىرايلىق،
ئەتتىرگۈلدىنمۇ شېرىن.
بىلىمداردىنمۇ دۇرۇست،
ئەقىلدىنمۇ ماھارەتلىك.
سەرۋى دەرىخىدىنمۇ ئەركىن.

ئابىھاياتتىن بەتەر ساپ، سۈزۈك.
ھەمىشە زەررىچىلەردەك ئويۇنچى،
قۇياش ئۇلارنىڭ كەمزۇلى.

لايغا ئاياق بېسىپتۇ،
باش قويۇپتۇ كۆكۈل تىزىغا.
قانلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپتۇ،
قان دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى ئارىسىدا.

پەشلىرى يەنە پاك ــ پاكىز،
ھېچ نەرسە يۇقماپتۇ پەشلىرىگە.
تىكەن ئارىسىدا، ئەمما گۇلدەك.
مەھبۇس، ئەمما شاراپتەك.
لاي ئىچىدە، ئەمما كۆكۈلدەك.
كېچىدە، ئەمما تاڭ سەھەردەك.

سەن ئۇلارنىڭ شاراپلىرىنى بىر ئىچىپ باق،
راھەتلىنىپ يورۇيدۇ كۆڭلۈڭ بىردىنلا.
ئۇنتۇيسەن ھەممە نەرسىنى بىردىنلا.
كۆزلىرىڭنىڭ ئىچى ئاجايىپ كۇلىدۇ بىردىنلا.

# ھىجران ئەتمە

ئاللاھىم، بۇ ۋىسالنى ھىجران ئەتمە،
ئاشىقنىڭ مەستلىرىنى نالە ئەتمە.
سۆيگۈ باغلىرىنى ياپىپشىل قوي،
بۇ ئاشىق باغلىرىنى ۋەيران ئەتمە.
تال ياپرىقىنى قاقما خازان پەسلىدەك،
خەلقىنىڭ بېشى قايغان ھەقىر ئەتمە.
قۇش ئۇۋىسى بار دەرەخنى ئۆرىمە،
قۇشلارنى دات ـ پەرياد ئەتمە.
قۇمنى ۋە شامنى ئارىلاشتۇرما،
دۈشمەنلەرنى كۆر قىل، شاد ئەتمە.
ئوغرىلار ئايدىڭلىقنىڭ دۈشمىنى،
ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان ئەتمە.
ئىقبال قىبلىسى پەقەت خەلق ئۈچۈن،
ئۈمىد كەبىسىنى ۋەيران ئەتمە.
بۇ چىدىر يىپلىرىنى ئۇنداق قاتلىما،
چىدىر سىنىڭدۇر ھەي سۇلتان! ئەتمە.
يوقتۇر دۇنيادا ھىجراندىن بەتەر ئاچچىق،
نېمە قىلساڭ قىل ـ دە، ئۇنى ئەتمە.

# سۇ دېدىكى

كۆڭۈل بۇغداي دانچىلىرىغا ئوخشايدۇ،
بىز بولساق تۈگمەنگە.
تۈگمەن نەدىن بىلسۇن،
بۇ ئايلىنىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

تۈگمەن تېشىغا ئوخشايدۇ بەدەن،
ئوي بىلەن قايغۇ سۇغا.
سۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى،
تاش كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىدى.

سۇ دېدىكى:
تۈگمەنچىدۇر سۇنى ئۆستەڭگە باشلىغان،
ئۇنىڭدىن سورا سەن بۇ ئىشنى.
ئەي نان يېگەن، دەيدۇ ساڭا تۈگمەنچى،
ناۋاي دېگەن قانداق قىلۇر،
ئەگەر بۇ تۈگمەن پىرقىرىمىسا؟

بېشىدىن ئۆتكەنلەر بەك ئۇزۇن،
ئۈزۈلمەس ئىشلارنىڭ ئاخىرى.
ئۇلۇغلۇقنىڭ سايىسىدە بىلىمدار تۈگمەن،

بىر ئوبدانلا داننى يانجىپ تالقان قىلۇر.
سورىساڭ ئۇنىڭدىن، دەيدۇ ساڭا ھېكمىتىنى.

تەبرىزلىك شەمسى دۆلەت قۇشى،
پادىشاھنىڭ قۇتلۇق ئاسمىنىدا،
قەھرىگە ئۇدۇل،
تىك قاڭقىپ ئۇچىدۇ...

# بار بولغانلار كېلىدۇ

ئەنە، مەستلەر كۆرۈندى،
شاراپخورلار بىربىرلەپ كېلىشكە باشلىدى.
گۈزەللەر ناز تارتىشىپ يولغا چىقتى.
ئۆزىنى تاشلاپ گۈلستانلىقتىن،
گۈل ياناقلىقلار كېلىۋاتىدۇ.

بىردىنلا ھەم بار بولغان، ھەم يوق بولغان،
بىردىنلا تېگىشىدىغان، يېڭىلىنىدىغان بۇ دۇنيادا،
يوقلار بىر ـ بىرلەپ تاشلاپ كېتىدۇ.
بار بولغانلار كېلىدۇ.

پەشلىرىنى تولدۇرۇپتۇ ئالتۇنغا،
ساپ ئالتۇندەك بوپتۇ.
داردىكىلەرگە بېرىدۇ.

كېسەللەر، ھارغىنلار، ئاۋاقلار،
ساقىيىپتۇ، قېنى قىززىپ جانلىنىپتۇ.
ئىشق يايلاقلىرىدىن كېلىۋاتىدۇ.

ياخشى ئىنسانلار ناخشىسى بىلەن،

تا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە،
قۇياشنىڭ نۇرىدەك چۈشۋاتىدۇ.
ياخشىلار يامغۇر دېمەيدۇ، قار دېمەيدۇ،
كۆز ئالدىدا قىيامەتتەك قىش، قوللىرى يۇمشاق،
يېڭى ـ يېڭى مېۋىلەر يېتىشتۈرۈپتۇ.

مەن شۇك تۇردۇم، دەستىرخان راسلاندى،
ئۇلار گۈلستاندىن يولغا چىقتى،
بىر گۈل باغچىسىگە ئۇدۇل قاراپ.

# باھار

سۆيگىنىم تۇتۇپتۇ چۇلغۇۋۇرىمدىن مېنى،
تۆگىلەردەك تۇرماستىن تارتىدۇ مېنى.
مەجنۇننىڭ تۆگىسى قەيەرگە ئاپىرىدۇ؟
قايسى كارۋان تەرەپكە تارتىدۇ مېنى.

ھەم جانىمنى چەيلىدى،
ھەم جىسمىمنى دەسسىدى.
ئۇ كۆڭلۈمنى باغلىدى،
ھەم چاقتى شىشەمنى.

نېمە كويغا سالماقچىدۇر تاڭ،
قەيەرگە ئاپىرىدىغاندۇ ئەمدى مېنى؟

سۆيگىنىم تاقار مېنى قارماق ئۇچىغا،
ئاتار مېنى بېلىقتەك قۇرۇقلۇققا.
سۆيگىنىم قۇردى كۆڭلۈمگە بىر توزاق.
ھەيدەپ ئاپىرىدۇ ئوۋچى يېنىغا.

تەبئەت باشلىدى بۈيۈك ئىشنى،
بۇلۇتلار كېلۇر ئۇزاقلاردىن.

قاتار ـ قاتار، توپ ـ توپ بولۇپ،
سۇغۇرىدۇ يەر ـ زېمىننى.
بۇلۇتلار يۇرىدۇ تاغ چوققىسىغا،
ئويغىنىپ تىكىدۇ كۆزىنى يەر يۈزىگە.
كۆكلەر چالىدۇ دۇمباقلىرىنى،
گۈللەر مەھلىيا قىلۇر تالنىڭ كۆڭلىنى.
ئەجەپمۇ مېزىلىك باھارنىڭ پۇرىقى،
ئۇرۇقمۇ بېرىدۇ نەسلىگە كۆڭلىنى.
دەرەخلەر تىنماي سۆزلەپ تۆكەر ئىچىنى.

# يېقىن كەل

يېقىن كەل، تېخىمۇ يېقىن كەل،
بۇ سەپەر نەگە قەدەر؟
بۇ جېدەل ـ ماجرا، جەڭ نەگە قەدەر؟
سەن مەن دېمەك، مەنمۇ سەن دېمەك.

نېمىشقا ئۇچرىشىمىز، نېمىشقا؟
نېمىشقا ئايدىڭدىن قاچىدۇ ئايدىڭلىق؟
ئوخشاش توپىدىن تۆرەلگەن ھەممىمىز.
نېمىشقا ئۇنداق ئەلەس بوپقالدۇق زادى بىز؟

باي گادايىنى خور كۆرىدۇ، نېمىشقا؟
ئوڭ سولغا يان قارايدۇ نېمىشقا؟
ئىككىلىسى سېنىڭ قولۇڭ، ئىككىلىسىدىن،
قايسى ياخشى؟ قايسى يامان دەپ باقە؟

توپىمىز بىر، گۆھەر بىز ئوخشاش.
بېشىمىز بىر، ئەقلىمىز ئوخشاش.
نېمىشقا ئايرىم پىكىردە بولۇپ قالدۇق؟
كۆك قۇببىنىڭ ئاستىدا بىز ئوخشاش.

سەن تۇرماستىن قۇرۇق پاراڭ سېلىپ تۇر قېنى،
ئېگىزگە بوي تارتىدىغان چىنارمۇ ئوخشاش،
بويى قەيەرگىچە بارىدىغاندۇ، قەيەرگىچە؟

شۇ بەش تۇيغۇدىن، ئالتە تەرەپتىن،
بار ـ يوقنىڭ ھەممىسىنى بىرلىككە قارات.
ئۆزۈڭنى بىلىپ، مەنلىكتىن چىقىپ، تۇر يىراق.
ئىنسانلارغا قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن بىرگە بول.
ئىنسانلار بىلەن بىرگە بولۇپ، كاندەك، دېڭىزدەك بول.
ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭ، بىر تامچە سەن، بىر تال سەن.

ئەركەك ئارسلان ئىستىگىنىنى قىلىدۇ، ئىستىگىنىنى.
ئىت ئىتتەك قىلىق قىلىدۇ، ئىتلىقىنى.
ساپ جان جانلىقىنى قىلىدۇ، جانلىقىنى.
بەدەنمۇ، بەدەنلىكىنى قىلىدۇ، بەدەنلىكىنى.

ئەمما سەن جاننى بىر بىل، تەننىمۇ بىر.
پەقەت سان جەھەتتىن ئۇلار ھەددىدىن ئارتۇق.
يەنى بادامدەك، بادامغا ئوخشاش.
ئەمما ھەممىسىدىن چىقىدىغان ياغ بىر.

دۇنيادا نۇرغۇن تىللار بار، نۇرغۇن تىللار،
ئەمما ھەممىسىنىڭ مەنىسى بىر.
سەن ئىدىشلارنى، كوزىلارنى چېقىپ باق،
سۇلار ئۆز يولىنى تېپىپ ئاقىدۇ قانداق.
قېنى ئىتتىپاقلىشىپ، جېدەل ـ ماجرا، ئۇرۇشنى توختات،
روھلار چېپىپ، بۇنى روھلارغا يەتكۈزىدۇ قانداق.

# دېمىدىممۇ؟

ئۇ يەرگە كەتمە دەپ ساڭا،
سېنى پەقەت مەنلا تونۇيمەن،
بۇ يوقلۇق يۇرتىدا، هايات دەرياسى،
پەقەت مەن دەپ، دېمىدىممۇ؟

بىر كۈن ئاچچىقلىنىپ ماڭا،
ئېلىپ كەتسەڭ بېشىڭنى،
ئايلىنىپ كېلىدىغان يېرىڭ،
يەنە مەن دەپ، دېمىدىممۇ؟

شۇ كۆرۈنگەنگە رازى بولما،
ساڭا لايىق چىدىرنى مەن تىكتىم.
چىرايلىق ياساپ ئىچ ـ تېشىنى،
بېزىگەنتىم دەپ، دېمىدىممۇ؟

ساڭا مەن دېڭىز بولىمەن،
سەن بولساڭ بىر بېلىق،
ئۇ سۇ يوق يەرگە كەتمە ھەرگىز،
سۈزۈك دېڭىزىڭ مەن دەپ، دېمىدىممۇ؟

قۇشلاردەك تۇزاققا كەتمە،
سېنىڭ ئۇچۇشىڭغا مەن كېپىل،

سېنىڭ قول ـ قانىتىڭ مەن،
سېنى يولدا ئاتىدۇ دەپ، دېمىدىممۇ؟

سېنى توشلىتىۋېتىدۇ دەپ،
مەن سېنىڭ ئوتۇڭ دەپ،
هارارىتىڭ مېنىڭدىن دەپ،
ئىسسىتقۇرۇڭ مەن دەپ، دېمىدىممۇ؟

هەر تۇرلۇك نەرسىلەرنى دەيدۇ ساڭا،
ئەسكى خۇيلارغا ئىگە بولسەن،
ئۆلمەسلىكىڭ مەنبەسىنى يوقىتىپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالسەن دەپ، دېمىدىممۇ؟

دەپ باقە! بۇلارنىڭ هەممىسىنى دائىم ساڭا دېمىدىممۇ؟

# ئەي يىپپىشقاق دۇنيا

سىنى بىلدىم ئەقلىمگە كىلىپ،
ئەي يىپپىشقاق دۇنيا.
بىشىمغا شۇنچە بالالار كەلدى،
شۇنچە جاپا، شۇنچە دەرت.
سىنى پەقەت بالادىن ئىبارەت كۆردۈم،
سەن پەقەت جاپا، دەرتتىنلا ئىبارەت.

ئەيسانىڭ يۇرتى ئەمەسقۇ سەن،
ئىشەكلەرنىڭ يايلايدىغان جايى سەن.
قەيەردە تونىدىم بىلمەيمەن سىنى،
نىمىشقا بىر پارچەڭ بولدۇم سىنىڭ.

بىر يۇتۇم سۇ ماڭا بەرمىدىڭ،
دەستىرخانىنى قوڭالتاق يايدىڭ.
پۇت ـ قولۇمنى باغلىدىڭ كەتتىڭ،
پۇت ـ قولۇمنىڭ پەرقىنى ئىنىق بىلىپ.

قويۇپ قوي دەرەخكە ئوخشاش،
يەر ئاستىدىن چىقىراي قولۇمنى.
سۆيگىنىمنىڭ ھاۋاسى بىلەن،
ئۆسۈپ كىتەي ئىرماش ـ چىرماش.

ئەي چېچەك، دېدىم چېچەككە،
دېدىم، بۇ كىچىك ياشتا سەن.
سورىدىم، قانداق بولدى بۇ ئىش؟
نېمشقا قېرىپ كەتتىڭ بۇ قەدەر؟

باللىقتىن قۇتۇلدۇم، دېدى چېچەك،
سەھەر شاملىنى تونۇغىلى،
دائىم يۇقىرىغا قاراپ چىقىدۇ،
يۇقىرىدىن كېلىدۇ بىر دەرەخ شېخى.

شۇنىمۇ سۆزلىدى يەنە چېچەك،
مادامىكى ئەسلىمنى تونىدىم،
مادامىكى يەرسىزلىك ئالىمى ئەسلىم.
پەقەت ئەمدى مەن قىلىدىغان بىرلا ئىش،
ئېگىزلەپ ئەسلىمگە كەتمەك.

بولدى بەس! يېتەر ئەمدى،
ماڭ يوقلۇققا قېنى،
يوقلۇقتا يوق بول،
بېرىپ يوقلۇقلار بىلەن تونۇش،
يوقلۇقتىن ئەمدى بار بول!

# كۆلەڭگىسى بول

ئەنە مەيخانە گۈزىلى كەلدى،
بىزنى ئېلىپ ئۆيگە ئاپىرىدۇ.
ئەنە كەلدى باھار بىلەن،
چىرايىمىزنى ئېچىلسۇن دەپ كەلدى.
كۆڭلىمىز ئېچىلىپ يايرىسۇن،
ياش ھەم يېپيېڭى بولايلى دەپ.

ئەنە خورجۇننى ئاچتى،
ئەنە بېلىنى باغلىدى.
ئەنە يايىنى بەتلىدى.
ئەنە كېرەچىنى تارتتى.
ئەنە يولىمىزنى قەستلىدى.
بىزنى يېيىش، يۇتۇش ئۈچۈن،
ملىڭ دەريادىن سۇ باشلاپ،
بىرمۇنچە ھىلىلەر ئىشلىتىپ.

ئەمما تۇرماستىن يۈرسەن.
كۆلەڭگىسى بول ئۇنىڭ بويىغا.
ئالدى ـ كەينىدە يۈگرەپ، دوملا.
ئاخىرىدا يۇمران مايسدەك،
يىلتىزىمىزدىن يۇلۇپ ئالدۇ بىزنى.
دىققەت قىل!

مەرمەردەك يۈرەك بولسا دوستۇم سەندە،
غەيرەت قىل!

يەنە كەلدى، ئەنە يەنە كەلدى،
ئەنە ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كەلدى،
سۇلتانلارنىڭ شاھى كەلدى.
يوشۇرۇن خەزىنە كەلدى.
جاھاننىڭ جانى كەلدى.
ئەنە قۇياش نەيزە بويى ئۆرلەپ،
كۈلگەن يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن،
ھاياتلىق دەرىخىنىڭ ئۈستىدە.

# ئەسلە

تاتلىق ئۆمۈردەك كېتىشنى قىلدىڭ نىيەت،
ھىجران ئېتىغا ئىگەر توقىدىڭ قەستەن.
ئەمما بىزنى ئۇنۇتما، ئەسلە.

ساڭا پاك دوستلار، ياخشى دوستلار، ماس دوستلار،
يەردىمۇ بار، كۆكتىمۇ بار.
كونا دوستلار بىلەن ئىچكەن قەسەمنى ئەسلە.

سەن ھەر كېچە تولۇن ئاينى،
بېشىڭغا ياستۇق قىلدىڭ يوللاردا،
تىزىمدا ياتقان كېچىلەرنى ئەسلە.

سەن سۇلتانلارنى ئۆزۈڭگە قۇل،
شېرىندەك گۈزەللەرنى مەپتۇن قىلدىڭ.
ئىشق ئوتىدا ياندىم پەرھاتتەك،
ھىجران تاغلىرىنى تەشكەندەك بولغىنىمنى ئەسلە.

دېڭىزدەك ئىدىڭ كۆزلىرىمنىڭ قىرغاقلىرىدا،
مەن ئاشىق تۈزلەڭلىكى ئىدىم كۆز ئالدىڭدا،
زەپەدەك، گۈللەردەك ئىرماش ـ چىرماش.
بۇلارنى ئۇنۇتما، ئەسلە.

ئەي تەبرىزلىك شەمسىددىن،
دىنىم ئاشىقتۇر مېنىڭ، سېنىڭ يۈزۈڭدىن ھەممىنى كۆردۈم.
مېنىڭ دىنىم سېنىڭ يۈزۈڭدە جۇلالىنىدۇ، ئەي سۆيگىنىم.
بۇنى ئۇنۇتما، ئەسلە!

# بەردىم جانىمنى ئۈنىڭغا

قەيەردە بىر توپ ئادەمنى كۆرسەڭ، ئەي دەللال،
ھېچ تۇرماستىن ۋارقىرىغىن:
«قاچقان بىر قۇلنى كۆردۈڭلارمۇ ھەي ئادەملەر،
مىزىلىك پۇرايدىغان بىر قۇل؟
ئاي يۈزلۈك، ئۈستى ـ بېشى پىتنە.»

ئۇرۇش ۋاقتى تىز ئۆتۈپ كېتىدۇ،
تىنچلىق ۋاقتى نورمال بولىدۇ، دېگىن دەللال.

قەيەردە بىر توپ ئادەملەرنى كۆرسەڭ، دەللال،
ھېچ تۇرماستىن ۋارقىرىغىن:
«ئۇزۇن بويلۇق، كۈلەر يۈزلۈك، تاتلىق سۆزلۈك،
چاققان، چەبدەس بىر قۇل كۆردۈڭلارمۇ؟
ئۈستىگە پەرەڭ پەرەنجە كېيىۋالغان.
قولىدا راۋاپ، دولىسىدا ئوقيا بار.
چالىدۇ دائىم گۈزەل، ئىللىق ھاۋالاردا.»

قەيەردە بىر توپ ئادەملەرنى كۆرسەڭ، دەللال،
ھېچ تۇرماستىن ۋارقىرىغىن:
«ئۇنىڭ بېغىدىن مېۋە توپلىغان بارمۇ؟ ئەي ئىنسانلار.
ئۇنىڭ گۈل باغچىسىدىن بىر باغلام گۈل ئۈزگەن بارمۇ؟»

بىرىسى كېلىپ بەرسۇن خەۋەر ئۇنىڭدىن ماڭا،
بىرى چىقىپ ئوتتۇرىغا سۆزلىسۇن ئۇنىڭدىن ماڭا.
سۆزلە، بەردىم جېنىمنى، كەتتى ئۇنىڭغا، دەللال،
بەردىم جېنىمنى ئۇنىڭغا، كەتتى.

# باش باھار

سەن باش باھار، سەن ھەر دائىم كۆلگەن گۈزەل،
يولىمىزنى، يۈرتىمىزنى يوقلىمىدىڭ.
ماكانسىزلىق ئالىمىدىن كېلىپ،
بىر خەۋەر بەر، بىر خاتىرە سۆزلە.
تېمىسى مۇھەببەت توغرىسىدا بولسۇن.

# گۈل باغچىسىدا

گۈل باغچىسىدا سۆيگىنىم بىلەن ئىدىم ئۇ كۈن،
بىردىنلا نەزىرىم چۈشكەنتى ئۈستىگە گۈلنىڭ.
نازلىنىپ: «ئىزا تارت، يۈزۈم يېقىنكەن بۇنچىلىك،
سەن گۈلگە باقتىڭ» دېدى ئۇ خاپا شۇنچىلىك.

كۆڭلۈمدە ئېچىلغان گۈل چىرايىڭدەك،
نۇرلاندى كۆزۈم كۆزلىرىڭنىڭ زوقىدىن.
«سەندىن ئۇزاق بولسۇن يامان كۆزلەر» دەيتتىم،
ئەي جان، يامان كۆز مىگەركى مەن بوپتىمەن.

«گۈل پەسلى ئىشق بىلەن» دەپسەن، «باغقا يۈگۈر،
دىلبەرنى كۆر. ھەممىسى چېچەكتەك خوش!».
ئەگەر سەن ئۇ يەردە بولمىساڭ، ھەممىسى ھېچ،
ئەگەر سەنلا بولساڭ يېتەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خوش.

# باھار ھەسرىتى

گۈل ئېچىلسىمۇ مەندە بىر باھار ھەسرىتى بار،
ھەر كۆزدە باشقا بىر ۋىسال لەززىتى بار.
باق تالدىكى ۋە ياپراقتىكى مىدىرلاشقا،
ھەر لىڭشىشىنىڭ پەرقى ۋە بىر ھېكمىتى بار.

ياقۇت لەۋلەر كۆڭلۈمنى ھەسرەت ئەيلىدى،
بىھۇش ئۇ گۈزەللەر مېنى مەست ئەيلىدى.
روھىمدا ھەر دائىم باھار ھېكايىسى،
گۈل باغچىلىرى قەلبىمنى خوش ئەيلىدى.

بىرىنچى مۇھەببەت بىلەن ئاتقاندا تاڭ،
بىردىنلا ئۇچۇپ كېتىدۇ تەندىن بۇ جان.
بىر مەرتىۋىدۇر ئۇ ھەر نەپەس ئالغۇچە،
كۆزسىز كۆرىدۇ، قولسىز تۇتىدۇ ئۇ يەردە ئىنسان.

# بىز گۆزەل، سەنمۇ گۆزەللەش

بىز گۆزەل، سەنمۇ گۆزەللەش،
سەن بىزنىڭ خۇيىمىز بىلەن خۇيلان.
بىزگە يېقىنلاش، باشقىسىغا ئەمەس...
قېچىردەك بولماي بول دېڭىزدەك،
مادامىكى دېڭىزنى سېغىندىڭ،
قېچىردەك بولۇشتىن ئەبەدىي قۇتۇل.

# مۇھەببەتسىز كۆڭۈل خوشلۇقى بولماس

مۇھەببەت بولمىسا كۆڭۈل خوشلۇقى بولماس،
مۇھەببەت بولمىسا كىم ۋۇجۇدنى گۈزەل دەيدۇ؟
دەريا قۇيۇلسا تامچا بولۇپ بۇلۇتتىن،
مۇھەببەت جۇشقۇنى بولمىسا ئۇنچە بولماس.

كۆرمەكتىمەن ئىشقىنىڭ ئەڭ نازۇكلىقىنى،
بۇدۇر يولىمىز ئەكەلگەن بىزنى ئەڭ ئالدىغا.
ھەممىسى قىينالماقتا، كەلدى قىش پەسلى،
بىر جۇۋىغا ئىگە بولالمىدۇق تېخىچە ئەمدى.

بۇ مۇھەببەت پادىشاھتۇر، بايرىقى كۆرۈلمەس،
تەڭرىنىڭ قۇرئاندۇر، ئايەتلىرى بىلىنمەس.
ھەر ئاشىق بۇ ئوۋچىدىن بىر ئوق يېگەن،
قانلىرى ئاقار، بىراق يارىسى كۆرۈنمەس.

بىر كۈن بارسەن ئۇ كۆڭۈل ئالغانىغا،
بىر كۈن ئاپىرىدۇ سېنى جانىنىڭ جانانىغا.
قول ئۈزمە ھەرگىز بۇ دەرتنىڭ پېشىدىن،
بىر كۈن ئۇ غېمىڭ دەرمان بولۇر ساڭا.

ئالەمنى يورۇتقان قۇياشتۇر ئۇ يار،
ئاشىق ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسۇلنى باشلار.
ئىشقىنىڭ لەرزان شاملى چىقسا،
باھاردا ئوينايدۇ ھۆل سۆگەت تاللار.

بىر كۈن ئۇچىدۇ كۆكلەرگە ئەلۋەتتە بۇ جان،
تۇپراق بولىدۇ جىسمىم ۋە زەررەم پەرىشان.
قەبرە تېشىغا ياز «ئورنىڭدىن تۇر» دەپ،
تۇرۇپ قايتىدىن ئۇچىرىشىدۇ جىسمىم بىلەن جان!

# تۈي ئەگەر كۈچۈك بولسا

تۈي ئەگەر كۈچۈك بولسا، گۈزەلدۇر تۈيماق،
جاندىن كەچمىسەڭ جانانغا يەتمەك بەك ئۇزاق.
شۇك تۇرماق لازىم، ئەمدى نەزەر سىلش ئالمى بۇ،
سۆز سۆزلەشتۇر ئۇ يەردە پەقەت نەزەر تاشلىماق.

تاشسام كۆپۈپ «شۇك تۇرۇشنى بىل» دېدى،
شۇك بولسام «بولمىدى جۇشقۇنلاش» دېدى.
جۇشقۇنلاشتىم، «ياق، ئۆزۈڭنى بېسۋال» دېدى.
ئۆزۈمنى بېسۋالسام، يەنە «كۆپسەن» دېدى.

# قاناتسىز قۇش

كۆتۈرۈپ دەريانى قۇيساڭ ئەگەر،
بىر ئۈلۈشتىن كۆپ ئالماس ئىدىشىڭ.

تويماس ئاچكۆز ئادەمنىڭ كۆزى،
قانائەتكار سەدەپنىڭ باردۇر ئۈنچىسى.

ھېچ بولمىسا ئاشىق ئۈچۈن يىرتىلسا كۆينەك،
بالاغا قالماس ئادەم پەقەت ئېزىتقۇ تاما بىلەن.


ئەي قانماس ئاشىقىمىز، سەن بەختلىك بول،
چۈنكى سەن چارىسىز ھەر دەرتكە يول!

ئەرشكە چىقار ئاشىققا يول ئالغان بەدەن،
تاغمۇ ئاشىق بولسا دەس تۇرۇر ئورنىدىن.

مەنمۇ بولسام ئەنە ئاشۇنداق سىرداش،
سورىمىسىمۇ ئاڭلىتىمەن نەيگە ئوخشاش.

ھەر كىمنىڭ يوق ئاشىققا ئائىت نەرسىسى،
ئۇ قاناتسىز قۇشتۇر، ئۇچماس بۇندىقى.

# جالالىدىن رۇمىنىڭ رۇبائىيلىرىدىن دۇردانىلار



# رۇبائىيلار

بۇ ئۆمۈر ئۆلۈم بىلەن تۈگىسە ئەگەر،
ئاللاھ يەنە ئۆمۈرلۈك ھايات بېرۇر،
ئاشىق دېڭىزىغا شۇڭغىساڭ گەر،
ھەر تامچىسى بىر ئۆمۈر ھايات بولۇر.

قەدىھەڭدىن بىر يۇتۇم بەرسەڭچۇ يار،
دەردى ئىشقتىن بەك قانايدۇ يارام.
قېنى كۆڭلۈك سىنىڭ ئىشقىڭ ھالال،
تىلىمەك ئىشقتىن ھوزۇر، بىلكى ھارام.

بىر يات بىلەن سۆزلەشسەڭ مىڭ ھالى بولۇر،
توغرا تۈي، ئال خوش خەۋەر، دوست لالە بولۇر.
ئۆي ۋە ھەرە ساندۇقنى ياتلاردىن پاكلىساڭ ئەگەر،
ئۆي بىلەن ھەرە ساندۇقۇڭ تەلتۆكۈس بالغا تولۇر.

تاش ئات، ماڭ خۇيسىز كىشىنىڭ كومزىكىگە،
ئالمىنى تاپ، سۆيگۈ بىلەن ئېسىل دائىما قولىغا.
ئەينەكنى «دات باستى» دەپ ئاتتىڭمۇ سۇغا...

دېڭىزنى بىر كومزەككە تولدۇرساڭ،
پەقەت كۆندىلىك ئېھتىياجىڭچىلىك تولۇر.
ئاچ كۆزلەرنىڭ كۆزلىرى تويمىدى،
قانائەتچان سەدەپ ئۈنچە بىلەن تولۇر.

تىكەن تىكسەڭ يوق ئۈمىد گۈلدىن يەنە،
گۈل تىكسەڭ كۈلۈمسەر گۈلدەك ساڭا.
بىر تۈگمەندە ئۆگۈتتەك يەنچىلسەن،
ئۇن ئەمەس، ئەلبەتتە تۇپراق بېرىدۇ يەنە.

ئادەمزاتنىڭ ئەقلى چەكسىز دېڭىزدەك،
بۇ دېڭىزغا ئەي ئوغۇل بىر دولقۇن كېرەك.
شەكلىمىز دېڭىزدا لەيلىگەن ساندۇقتەك،
ئىچى قۇرۇق لەيلەيدۇ، سۇ تولسا چۆككىدەك.

سۇئال بىلىمدىن تۇغۇلدۇ، جاۋاپمۇ.
تىكەن تۇپراق بىلەن سۇدىن ئۈندۇ، گۈلمۇ.
ئەسكىلىك بىلەن ياخشىلىق بىلىمدىن بولۇر،
ئاچچىق بىلەن تاتلىق هورلاندۇرۇشتىن بولۇر.

ئېچىلغان ئانار بوستاندا گۈلدەك تۇرۇر،
ئەرلەر بىلەن بولساڭ سۆھبەت ئەردەك بولۇر.
قاتتىق تاش مەرمەر دەپ كېسىلسىمۇ يەنە،
ياخشى كۆڭۈلگە ئۇلاشسا ئۈنچە بولۇر.

يول بىز، شۇنچىلىك ئۇزاق بىزدە،
جان بىز، يوقتى بەدەن بىزدە.
ئىھسان قىلىپ، ھەق بىزنى كەچۈرسە،
بار بولىدۇ جان يېڭىدىن بىزدە.

ئۇيقۇنى نۇر قاپلىدى، قەندىل سەۋەپتىن،
قەيەردە ھەق دوستى ئەي دوست، بىل سەۋەپتىن.
بارىدىغان يەر ئاخىرى رەببىل ئالەمدۇر،
قۇل تارتىدۇ مىڭبىر بالا تىل سەۋەبىدىن.

سۆيگىنىم، كەتسە ھەركىم نە بولۇر سەن كەتمە،
ساقلا دەرت دوستۇم، ساقلا ئولتۇر، سەن كەتمە.
گۈل ـ شېكەر ئۆرنىكى، تولدۇر قەدەھكە ساپ شاراپ،
بۇ بەزمىدە قالسۇن ئىزىڭ، گۈزىلىم سەن كەتمە.

كەل، كەل، كەل نېمە بولساڭ يەنە بىزگە كەل،
كاپىر، بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەس بولساڭمۇ كەل.
بىزنىڭ دەرگاھىمىز ئۈمىدسىزلەر دەرگاھى ئەمەس،
يۈزمىڭ قېتىم تەۋبە بۇزغىنىڭمۇ يەنە كەل...

سۆيگىنىم پۈتۈن جاھاندىن يوشۇرۇن،

تۈيغۇدىن، ھەممە گۇماندىن يوشۇرۇن.
ئاشكارا كۆڭلۈمدە خۇددى بىر ئايدەك،
جان تەندە، تەن ۋە جاندىن يوشۇرۇن.

مەن مەنمۇ، سەن سەنمۇ، مەن سەنمۇ؟
مەن مەن، سەن سەن، ئەلبەتتە سەنمۇ مەن.
ھەي مەڭگۈلۈك يار، سېنىڭدىن مەن خۇش،
سەن مەن، مەنمۇ سەن، گۇمان قىلما سەن.

شەپەرەڭ قۇياشتىن خوش بولسا ئەگەر،
مەلۇمكى ئۇ قۇياش، قۇياش ئەمەستۇر.
شەپەرەڭ قۇياشتىن نەپرەتلەنسە مەگەر،
بىلگىنكى ئۇ قۇياش ھەقىقى قۇياشتۇر.

مەن ئۆلسەم ئەكېلىپ تاۋۇتۇمنى،
تاپشۇرۇپ يارىمغا، قايغۇرماڭلار.
سۆيسە يارىم لەۋلىرىمگە ئېگىلىپ،
تىرىلسەم قورقۇپ قېچىپ يۈرمەڭلار.

جېنىڭدا بىر جان بار، ئۇ جاننى ئىزدە،
بەدەن تاغلىرىدىن گۆھەر كاننى ئىزدە.
يۈگۈرەك سوپىغا يېتىشەلىسەڭ يۈگۈر،
سىرتتىن ئەمەس، ئىزدىگىنىڭنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە.

ئەي ئوغۇل باغلانماي ھۆر بولۇشقا باق،
قاچانغىچە ئالتۇن ـ كۆمۈشكە قۇل بولىسەن؟
دەريادىن بىر ئىدىشقا سۇ ئېلىشنى ئويلىساڭ ئەگەر،
پەقەت بىر كۈنلۈك ئېھتىياجىڭچىلىك سىغار ئىدىشقا.

كائىنات تۈگمەن تېشىدەك چۆرگىلىمەكتە،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ئىڭرىماقتا.
مادامكى كائىناتتا ئاشىققا ھوزۇر يوق،
ئەي كۆڭۈل! يۈلتۈزلاردەك پىرقىرا ساڭا راھەت يوق.

ئۆردەك خىرىس، خوراز بولسا شەھۋەت،
توز بولسا كۆز ـ كۆز قىلغۇچى، ماكامغا ھەۋەس.
قاغا نەپسىڭدۇر، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى كەس،
ئاندىن بولۇرسەن كامىل ئادەم، باشقا يوللارنى ئەت.

قەيەردە بىر دەرت بولسا شىپا ئۇ يەرگە كېتەر،
قەيەردە بىر يوقسۇل بولسا رىزىق ئۇ يەرگە كېتەر.
قەيەردە بىر قىيىن سوئال بولسا جاۋاپ ئۇ يەرگە كېتەر.
قەيەردە بىر كېمە بولسا دېڭىز ئۇ يەرگە كېتەر.

سۆيگىنىم جانىمسەن مۇھەببىتىم ھالا،
بىر قەدەمچىلىك تۇپراق بوپتىمەن ساڭا.
مەزھىبىم ئاشىق، سەندىن كۆردۈم ئالەمنى،
سەن ئەلبەتتە جان كۆزۈم بىر ماڭا قارىغىنا!

ئاشىق يولۇچىسىنىڭ كۆڭلى پاتماس كېمىگە،
جاندىن چاپان كىيگەننى دۈشمىنىم دېمە.
چوڭقۇر دېڭىز، تېگى يوق قەدەھتۇر دەپ ئويلىماي،
سۆز ئۇنىڭ، نام ئۇنىڭ، ھەرگىز ئەمدى سۆزلىمە.

سەل باستى بۇ ئۆمۈر خارابىسىنى،
تولماقتا قەدەھ،ئىشت جانىنىڭ نىداسىنى!
بىر ھامالدەك بۇ تىز ئۆتكەن ۋاقىت،
تاشلايدۇ ئۆمرۈڭنىڭ بوش خانەسىنى.

بولما ئەي دوست، بولما دۇنيادىن تىرىك،
تارت ئىزا، كۆڭۈلدىن ھەم تەندىن جان تىرىك.
ئاشىقسىز بولمىساڭ گەر يوقتۇر ئۆلۈم،
ئاشىق بول، جان قالىدۇ ھەرۋاقىت تىرىك.

باشتا بىر ئاشىقسىزلىققا ساتتى مېنى،
كېيىن مىڭ دەرتكە تىزلا قاتتى مېنى.

سۆيگۈ لەرزان ئويناپ، تۇردى شۇنچە،
تامامەن ئۆلدۈم، پىرقىرتىپ ئاتتى مېنى.

شۇ كۆڭۈل بىلگىنكى سېنىڭ خانەدۇر،
جاننى سورىساڭ، ساچىنىڭ ئويناشىدۇر.
سۇ ئىچسەم ئەگەر، بىلمەن ئەينەك نېمىدۇر،
يۈزىدۇر سۆيۈملۈكنىڭ ياي قاشىدۇر.

تىكەن تىكسەڭ يوق ئۈمىد گۈلدىن يەنە،
گۈل تىكسەڭ كۈلۈمسەر گۈلدەك ساڭا.
بىر تۈگمەندە ئۆگۈتتەك يەنچىلسەن،
ئۇن ئەمەس، ئەلۋەتتە تۇپراق بېرىدۇ يەنە.

گەر جىسمىڭدا ئوتقا چوقۇندىغان نەپس بولسا،
قۇياشمۇ ئۇنىڭ پەرمانىنى رەت قىلىدۇ، بۇلۇتمۇ.
كۆڭۈل چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ، يورۇتۇشنى بىلسەڭ،
قۇياشمۇ سېنى كۆيدۈرەلمەي ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئەنجۈر ساتقانغا قايسى ئىش ياخشىدۇر سۆيگىنىم؟
ئەنجۈر ساتقان ئاھ جان قېرىنداشىم مېنىڭ.
مەست ياشاپ، مەست ئۆلەيلى ئاھ جانىم مېنىڭ،
مەھشەرگە مەست يېقىلىپ قوپۇپ كېلەيلى ئاھ سۆيگىنىم.

باشتا مىڭلارچە ئىلتىپات بىلەن ماختىدى مېنى،
ئاخىردا مىڭلارچە دەرت بىلەن ئېرىتتى مېنى...
سەۋداسىنىڭ شىشخالىدەك ئوينىدى مەن بىلەن،
پۇتۇنلەي ئۆلگەندە مەن، تۇتۇپ پىرقىرتىپ ئاتتى مېنى.

بۇ ئاشىق ئوتى پىشۇرۇپ يېتىشتۈردى بىزنى،
ھەر كېچە مەيخانىگە چاقىرىدۇ بىزنى.
مەيخانىدىن باشقا يەر بىلمىسۇن، كۆرمىسۇن،
پەقەت مەيخانىدىكىلەر يېقىتىپ قوپقۇزسۇن بىزنى.

بىر لېۋەنىنىڭ نىزامى قول پۇلاڭلاتتى ماڭا،
كۆچسىز، ئەقىلسىز، جانسىز قىلىپ قويدى مېنى.
ئاخىرى كۆڭلى كۆڭلۈمنى مەھلىيا ئەيلىدى،
ئۆز ئىستىكى بويىچە شۇ ھالغا كەلتۈردى مېنى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولى ئاشىق،
ئاشىقنىڭ ئاللىرى بىز، ئانىمىز ئاشىق.
ئەي بەدەن كىيىمگە يوشۇرۇنغان ئانا،
ئەسكى خۇيىمىزدىن يوشۇرۇنغان ئاشىق.

زامان شۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى بىردىنلا كېسەر،
ئۆلۈم بۆرىسى پادىنى ۋەيران قىلسا ماللار كېتەر.

ھەر كىمنىڭ بېشىدا بىر ئۇلۇغلۇق باردۇر،
ئەمما ئەجەلنىڭ قىلىچى ھەر كاللىنى كېسەر.

كۆڭلۈمنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇ، تېشىدىمۇ ئۇ،
جىسمىمنىڭ جانى ئۇ، تومۇردىكى قانىمۇ ئۇ.
بۇ يەرگە ئىمانسىزلىق ۋە ئىمان قانداق پاتىدۇ،
بارلىقىمنىڭ ماھىيىتى پۈتۈنلەي بولدى ئۇ.

بۇ باش باھار ئەمەس باشقا بىر پەسىل،
بۇ كۆزنىڭ مۇگدىشى باشقا ئۇچرىشىشتىن.
پۈتۈن تال-چىۋىقلار ئۇسۇل ئوينىماقتا، ئۇسۇل،
ئەمما ھەر تالنىڭ ئوينىشى باشقا سەۋەپتىن.

بۇ ئاشىق پادىشاھتۇر، بايرىقى كۆرۈلمەس،
تەڭرىنىڭ قۇرئانىدۇر، ئايەتلىرى بىلىنمەس.
ھەر ئاشىق بۇ ئوۋچىدىن بىر ئوق يېگەن،
قانلىرى ئاقار، بىراق يارىسى كۆرۈنمەس.

ئەي يۈسۈپ، داداڭنىڭ يېنىدا ئەمىن سەن،
ئوۋ ۋە قېرىنداشلىرىڭ ئۆلۈمدەك خەتەر.
چىلبۆرە بىلەن ئەپلەشمە، ھەسەتخور بىلەن دوست،
ھەسەتخورنىڭ ھەستى، چىلبۆرىدىن بەتەر.

ئەتراپىڭدا ئايلانغىنىمدا ساقمۇ بار،
شاراپمۇ بار، قەدەھمۇ بار ھەردەم.
ئىلتىپات قىلسىپ كۆرۈنگىنىڭدە ئەي جان،
ئىمران ئوغلى مۇسادەك گاڭگىراپ كېتەر.

دوست ئۈچرىشىش ئىشكىنى ئەتتى ماڭا،
كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ رەنجىدى سۇندى.
مادامكى دوست سۇنۇق كۆڭۈلنى سۆيىدۇ،
كۆڭلۈم سۇنۇق ئولتۇرىمەن ئىشىك ئالدىڭدا.

قەيەرگە باش قوي، سەجدە ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر،
ئالتە تەرەپنىڭ ئىچىدە ھەم سىرتىدا ئۇدۇر.
باغۇ ـ بوستان، گۈل ـ گۈلستان، ساما سەۋداسى،
بۇلار باھانە، مەقسەت دائىم ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

ھەق بىزنىڭ بالدۇر ئايرىلدىغانلىقىمىزنى يازدى،
ئۆزئارا ۋەھشىلىك، دەھشەتلىك ئۇرۇشلار نېمىدىن؟
مەن ئەسكى بىرى بولسام، جاپادىن قۇتۇلدۇم،
ياخشى ئادەم بولسام سۆھپىتىمىزنى سېغىنغىن!

كۆڭلۈمنى بالا ـ قازا ئۆتكۈچى يولغا قويدۇم،
ھەمدە ئۇنىڭ ئىزىدىن كۆڭلۈمگە قەدەم ئاتقۇزدۇم.
شامالدىن بۇگۈن ماڭا سېنىڭ پۇرىقىڭ كەلدى،

شۈكۈر قىلىپ مەن ئۇنى كۆڭۈل شاملىمغا سۇندۇم.

ئاشىق نازۇكتۇر، گۇناھى بۇمۇ،
گۈزەلدۇر، خوشتۇر گۇناھى بۇمۇ.
قايسى كەمچىلىكنى كۆرۈپ قاچتىڭلار،
كەمچىلىكتىن خالى بولغان گۇناھمۇ؟

ئاشىق يىل بويى مەست ۋە پەرۋاسىز بولسۇن،
جۇشقۇن، پەرىشان، ئاشىق دىۋانە بولسۇن...
يېشىلگەندە بىز ھەممىنىڭ غېمىنى يەيمىز،
مەستلىكتە پەرۋايىم پەلەك دەپلا ئۆتىمىز.

كۆڭۈل بىر كۈنى ۋىسالىڭغا يەتكۈزىدۇ،
جان بىر كۈنى سېنى سۆيۈملىكىڭگە يەتكۈزىدۇ.
سەنمۇ دەرت تارتىشتىن زىنھار ۋاز كەچمە،
ئۇ دەرت بىر كۈنى سېنى دەرمانغا يەتكۈزىدۇ.

مەن بۇ ھاياتتا قۇرئاننىڭ بەندىسى مەن،
مەن مۇھەممەدنىڭ ئايىغىنىڭ توزى مەن.
بىرى مېنى بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئوخشاتسا،
ئۇنىڭدىن، ئۇ سۆزدىن بىزار، شىكايەتچىدۇر مەن.

ھايات لەيلى بىلەن ئۆتەر ئەمما،

كۆڭۈل ھەر زامان مەۋلانى ئىستەر.
لەيلى بەلكى بىزنى تاشلاپ كېتەر ئەمما،
بىز مەۋلادىن، ئۇ بىزدىن ۋاز كەچمىگەي.

ئالتۇن نېمە، جان نېمە؟
ئۈنچە ـ مارجان زادى نېمە؟
مۇھەببەتنى دەپ جاپا چەككەندىن،
سورا مۇھەببەتكە ئۆزىنى پىدا ئەيلىگەندىن.

بىر تېپىشماقتۇر ئاشىق،
بىرىنىڭ ۋىجدانىغا ئېتىلغان تاش،
بىرىنىڭ يوقسۇل كۆڭلىگە سۇنۇلغان ئاش،
بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشتۇر، ئاشىق.

دىل ۋە جانمۇ يوشۇرۇن ئۆتتى ھەر نەرسە بىخەۋەر سەندىن،
جاھان زاتى بىلەن تولغان ئىكەن، جاھانمۇ بىخەۋەر سەندىن.
قانداق تاپسۇن سېنى جان ۋە كۆڭۈل، سەندىن ئىبارەت ئىكەن،
كۆڭۈلمۇ، جانمۇ سېنىڭ، ھەتتا جانمۇ بىخەۋەر سەندىن.

سەن بەرگەنسېرى دوست كۆرۈنگەن كۆپ بولۇر،
ئەمدى كۆر، ھەممىسى بىردىنلا يوق بولۇر.
سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭگە يېتىدىغانلىقىڭنى بىل،
پۈتۈن دۇنيانىڭ مىلىغا كۆڭلۈڭ توق بولۇر.

بىلگەنلىرىڭنى سۆزلە، ئەمما ئۆزۈڭنى ئەقىللىق بىلمە،
سۆزلىگەنلەرنى ئاڭلا، ئەمما ھەممىسىنى توغرا دېمە.
جىم تۇرۇش، بىر نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقنى بىلدۈرمەس،
كۆپ سۆزلىگەننى كۆپ بىلىدىكەنغۇ دېمە.

شۇنداق بىر مۇھەببەتكى مۇقەددەس يار كۆرۈنمەس،
بىر جاھان ئەمەلىيەتتە بار، بار بولغان كۆرۈنمەس.
مەۋجۇت بوران، باغلار ۋەيران، ھەر يەردە توزان،
جۈملە تاللار پۈلاڭلايدۇ، ئەمما شامال كۆرۈنمەس.

ئىچىڭ يىغلىسا كىم تۇيار سېنى؟
جىسمى تېشىدا بولغانلارنى؟
لەيلىنىڭ يۈزىنى كۆرگەنلەر بىلىدۇ،
مەجنۇننىڭ قەلبىگە پاتقان تىكەننى.

ئۇ ساما شاھى ئۆينار ھەر كېچە بىر باشقا ساما،
ئۇكى گۈل باغچىسىنىڭ شاملى بىر باشقا ئەسەر.
ساما شاۋقۇنىغا قانماس بۇلبۇل، قۇشلار ئەمما،
بۇ سامادا تال ـ چۈنقلار ئاشققا يېپپېڭى ئەسەر.

ئەيپلەيمەن ئەي كۆڭۈل،
ھال بىلمەي، ھال سورايسەن.
يېنىڭدا بۇلبۇل تۇرسا،
قاغىدىن گۈل سورايسەن.

شۇنچىلىك مەست بولدۇق بۇ ئاخشام يار بىلەن،
كۆڭلىمىزدە ئاھ نەلەر چەكمەكتە بىز.
مۇھەببەت گۈللىرىنى تۇرماستىن تەرمەكتە بىز،
بىر قۇمۇشلۇقتا دائىم شېكەر تىكمەكتە بىز.

سۆيگۈگە قۇرۇلغان باق شۇنچىلىك تۇزاق،
ساڭا بولسۇن ئامانلىق، يامان كۆزدىن ئۇزاق.
جانى سەن يەر يۈزىنىڭ ھەمدە كۆك يۈزىنىڭ،
سېنىڭ بولسۇن بۇ ھوزۇر، كەيپىڭگە باق.

دائىما رۇبائىي سۆزلەر، ئاشىق ھەر زامان،
سۆز كېرەك ئەمەس يارى سېغىنار ھەر زامان.
يا «توزاق، يەم» قىسسىسى كەلسۇن زۇۋانغا،
يا ۋاز كەچسۇن ئۆي ـ ۋاقى، جان ۋە ماكان.

ئىستىسەڭ ھەققە يەتمەكنى،
ھۈنەر ئەيلە كۆڭۈل ئالماقنى.
ئويلىما سارايدا مەرمەر بولماقنى،
تۇپراق بول، ئۈستۈڭدە گۈللەر ئېچىلسۇن!

# جالالىدىن رۇمىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى



- كىم ياخشى كۆرۈشنى بىلسە، ئۆزىمۇ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.
- كۆڭۈل ئېلىشنى بىلمىگەنگە كۆڭۈلنى ئامانەت ئەتمە.
- «ياخشى ئەمەس» دېيىشكە ھەددىڭ نېمە؟ «شۈكرى» دەيلى ھالىمىزغا.
- ئەدەپسىز پەقەت ئۆزىگىلا ئەسكىلىك قىلىپ قالماي، بەلكى يەنە ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ئوتقا ئىتتىرىدۇ.
- تەڭرى قورقۇسىدىن ئەندىشە قىلمىغان باشقىلارنىڭ مېلىغا كۆزىنى تىكىدۇ.
- تىلىڭنى تەربىيىلەشتىن ئاۋۋال يۈرىكىڭنى تەربىيىلە، چۈنكى سۆز يۈرەكتىن كېلىپ تىلدىن چىقىدۇ.
- بىلگىنكى كائىنات ئەدەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرلۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر گۇناھسىز، پاكتۇر.
- قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشى، ھەقنىڭ يورۇقلۇقى ئالدىدا ھازازۇللارنىڭ ھەقسىزلىقى، ئەخلاقسىزلىقى سەۋەبىدىندۇر.
- ئاشىقنى قانداق شەكىلدە چۈشەندۈرسەممۇ ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.
- تىل تەپسىرگە ئاشنادۇر. ئەمما تىلسىز ئاشىق تېخىمۇ گۈزەلدۇر.
- تۈلكە ئايلىنىپ يۈرۈپ تېرىسى سەۋەبىدىن جېنىدىن ئايرىلىدۇ.
- يۈرەك چارچىسا تەر كۆزدىن ئاقىدۇ.
- ئۆتمۈشنى ياخشى بىلسەڭ كەلگۈسى ئۈچۈن پۇختا قەدەم باسالايسەن. قەيەردىن كەلگەنلىكىڭنى ئۇنۇتمىساڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا قايمۇقۇپ قالمايسەن.

- تىكەندىن گۈل ئۈنسە قىشمۇ باھاردەك بولىدۇ. چىنارنى ئەركىن ئۆستۈرگەنىنىڭ جاپاسىمۇ خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ.
- ھەرگىز ئۆتمۈشنى ئويلاپ ياشىما. ئەمما ئۆتمۈشتىن دەرس ئال!
- گۈل تىكەنىنىڭ جاپاسىغا چىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇشبۇي پۇرايدۇ.
- غەزەپ بورانغا ئوخشايدۇ. بىردەمدىن كېيىنلا توختايدۇ. ئەمما بىرمۇنچە تاللارنى سۇندۇرىۋېتىدۇ.
- يالغاچ كەلدۇق، كىيىندۇق، يەشتۇق، كەتتۇق.
- گۈل ياشايدۇ تىكەنىنىڭ ھىمايىسىدە.
- تىكەنىنىڭ قىممىتى گۈلنىڭ سايىسىدە.
- ئۈمىد بولسىلا ھەر بىر كۈن يېڭى بىر باشلىنىشتۇر.
- نادانىنىڭ يېنىدا كىتابتەك جىم تۇر.
- بۇ جاھاننى تاغ دېسەك، بىزنىڭ ھاياتتا قىلغان ئىشلىرىمىزنى ئاۋاز دېسەك، تاغدىن كەلگەن ئەكس سادا يەنىلا شۇ بىزنىڭ ئۆز ئاۋازىمىزدۇر.
- ھەر ۋاقىت قەلب پەيزى بىلەن قارىغان كۆز، روھنىڭ ھوزۇرى بولغان ئىلاھىي ئاشىققا باقىدۇر.
- دائىم پاك ۋە ئەبەدىي بولغانغا ئاشىق بول. سىررىڭنى ئۇ نۇر بىلەن بىرلەشتۈر.
- سەن ئۆز نەپسىڭگە چوغ تارتساڭ، دېمەككى سەن ھەقىقەتتىن يىراق سەن. شۇڭا ھەقىقەتكە يېقىنلاش!
- گۈل تۇزىسا، گۈلىستانىنىڭ پەيزى بىلەن بۇلبۇلنىڭ نالىسى بولمايدۇ.
- ئۆتمۈشنى ياخشى بىلسەڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىڭ پۇختا بولىدۇ.

- قەيەردىن كەلگىنىڭنى ئۇنۇتمىساڭ، قەيەرگە باردىغانلىقىڭ توغرىسىدا بېشىڭ قاتمايدۇ.
- ئىنسانلارنى كىتاب دەپ بىل. ئەمما تاشلىرىغا قاراپ ئالدانما، ئىچىنى ئېچىپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئاندىن بىلىسەن.
- سېنىڭ بۇ ھاياتتا بىرمۇنچە دوستلىرىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە دۈشمەنلىرىڭمۇ بولىدۇ. ئەمما ئىمتىھان دېگەن ئەنە شۇكى، باشتا دۈشمەنلىرىڭ ئەمەس، بەلكى دوستلىرىڭ سېنى ئۇرىدۇ.
- سەندە سەندىن باشقا بىر سەن يوشۇرۇنغان.
- كۆڭلى ياخشى بىرىسىگە قۇل بولۇش، پادىشاھقا تاج بولغاندىن مىڭ ياخشى.
- دۇنيانى قانچىلىك كۆرسەڭ شۇنچىلىك، چۈشىنىڭ كۆزى قانچىلىك بولسا دېڭىزمۇ شۇنچىلىك.
- ئايرىلىش باغرىمنى پارە-پارە قىلسۇنكى، ئاشىق دەردىنىڭ قانداق بىر دەرت ئىكەنلىكىنى باشقىلارمۇ بىلسۇن!
- ھەركىم مەشۇقىدىن ئۇزۇن بىر مۇددەت ئايرىلغان بولسا ئىدى، ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن بولاتتى.
- نەينىڭ ساداسى ئاتەشتۇر، ئۇنى يەل چاغلىما، بۇنداق ئاتەش بولمىغانلارغا مىڭ ئەپسۇس!
- ھەركىم ئاشىق بىلەن كۆيۈپ تۇتاشمىسا، ئۇ ئۇچالمايدىغان قاناتسىز قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.
- ھەق يولىدا كىم ئەخلاقسىزلىق قىلسا ھەسرەت قايىنىمىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.
- تەۋەككۇلدىن باشقا بىر تاپاۋەت يوقتۇر. چۈنكى ھەق كۆڭۈللەرنىڭ دوستىدۇر.
- قولۇڭ سۇنغان بولسا ئۆزۈلمە، بەلكى رەببىڭ ساڭا قانات بېرەر.

- زىرائەتنىڭ ياخشىسى ئۇرۇقتىن بولسا، ئىنساننىڭ ياخشىسى قەلبتىن.
- ئىنسان دۇنياغا ھۆكۈمدار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى ئۇ يەنىلا كىچىك بىر يۈرەككە ئەسىردۇر.
- ھېچكىم ساڭا قارشى ئەمەس، ھەركىم ئۆز تەرىپىدە تۇرىدۇ.
- ھايات بىر ئۇيقۇدۇر، ئۆلگەندە ئويغىنىدۇ ئىنسان. سەن بالدۇراق ھەرىكەت قىلىپ، ئۆلمەستىن بۇرۇن ئويغان.
- كۆڭۈل ئەينىكى پاكىز بولمىغان كىشى ھەقىقى گۈزەل بىلەن سەتنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.
- ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلگەننىڭ يېنىدا قىممەتلىكتۇر.
- ئەسكى خۇيلۇق، چىرايلىق يۈزلۈك ئادەم يالغان پۇلغا ئوخشايدۇ.
- ئىنساننى بىر دەرەخ دېسەك، يىلتىزى ئىنساننىڭ ۋەدىسىدە تۇرغانلىقىغا ئوخشايدۇ.
- ئىنساننىڭ سۆزى ھېكمەت، قاراشلىرى ئىبرەت، جىم تۇرۇشلىرى ئۆلگە بولۇشى لازىم.
- سېنىڭ دېرىزەڭ مەينەت بولسا، مېنىڭ گۈلزارلىقىم ساڭا ئەخلەت ـ چاۋا كۆرۈنىدۇ.
- كىمنىڭ كۆڭۈل ئىشىكى ئېچىلسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە مىڭ قۇياش چاقنايدۇ.
- يۈرىكىڭىز بىلەن قىلغان ياخشىلىق چوقۇم ئۆزىڭىزگە ياندۇ.
- بەخت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلمىغان سۆيگۈنى، يۈرىكىڭدە توشۇپ، ئۆزۈڭگە يۈك قىلما.
- كۆڭۈل ئېلىشنى ئويلىساڭ، سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقىنى تەر. جەننەتكە كىرىشنى ئويلىساڭ، يوللارغا تىكەن تېرىشتىن ۋاز كەچ.
- توزدەك قاناتلىرىڭغىلا قارىماي، پۇتۇڭغىمۇ قاراپ قوي.

- دېرىزەڭدىن يا ئاينىڭ يا كۈننىڭ يورۇقى چۈشمىسە، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاي بىلەن قۇياشتىن كۆرمەي، بەلكى كۆزۈڭنى تورىغان پەردىدىن كۆرگىن.

- شام بولۇش ئۈنچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئەتراپىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ كۆيۈشۈڭ كېرەك.

- ھەقتىن باھارنىڭ خەۋىرى كەلمىگىچە، تۇپراق ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ.

- كۆڭلى ئوچۇق بولمىغانلارغا كۆڭۈل بەرمە.

- ئەرلەرنىڭ گۈزەللىكى تىللىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

- دۇنيادا داۋاملىق يازلا بولۇپ، باغ ـ بوستانلىقلارغا قۇياشنىڭ ئىسسىق نۇرى داۋاملىق چۈشكەن بولسا، تۇپراق تۇپراقلىق خۇسۇسىيىتىنى ئاللىبۇرۇن يوقاتقان بولاتتى.

- باشتا چاشقاننى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن بۇغداينى ئامبارغا ئەكىرگىن.

- نادانلار باش بولغان يەردە، دانالار ئۆزىنى يوشۇرىدۇ.

- نادانلار ھۆكۈم سۈرگەن يەردە يىلان بىلەن چايان يامراپ كېتىدۇ.

- يالغۇزلۇقنىڭ ئەڭ يامىنى، ئۆزىنى چۈشەنمىگەنلەرنىڭ ئارىسىدا قېلىش.

- ھېس ـ تۇيغۇلار ئەقىلگە، ئەقىل روھقا ئەسىر.

- سۆيگۈنىڭ يەنە بىر ئىسمى سەۋر.

- «قۇرۇپ كەتتى» دەپ ئويلاپ قالماڭلار! بىز يەنە بىر باھار ئۈچۈن ياپراقلىرىمىزنى تۆكتۇق.

- تۈنۈگۈن پاراسەتلىك ئىدىم، دۇنيانى ئۆزگەرتمەكچى بولدۇم. بۈگۈن ئەقلىمنى تېپىپ، ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىۋاتىمەن.

- خۇيلارنى ياراتقاننىڭ خۇيى بىلەن خۇيلان.
- كۆزلىرىڭگە قاراپ ئۆزۈڭنىڭ گۈزەللىكىنى كۆر. سۇنۇق ئەينەكلەرگە ھەرگىز قارىما.
- كىمگە قانداق قارىساڭ ئۇ ساڭا شۇنداق قارايدۇ.
- ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرىدىغان كىشى، ئۆزىگە كۆر كۆز بىلەن قارايدۇ.
- كۆڭۈل بۆلمە، دۇنيادەك بالا كەلسىمۇ بېشىڭغا، ئەلۋەتتە بىر كۈن سەۋر ئەڭ چوڭ قورالىڭ بولۇپ قالىدۇ.
- ئەگەر ھەقنىڭ ياردىمى بولىدىغان بولسا، بىر تال پاشىمۇ نەمرۇتنى ئۆلتۈرەلەيدۇ.
- كۆڭۈل سۇ بولسا يۈرەك كومزەكتۇر.
- كۆكلەرگە قاراپ ئۆسىمگەن مېۋە كۆچەتنى مېۋە بەرمەيدۇ.
- دوست بىزنى بىر سۆيسە، بىز ئۇنىڭغا مىڭ قېتىم سەجدە قىلىمىز.
- تامچىلار ئۆز ۋەتىنى بولغان دېڭىزدىن ئايرىلىپ، قايتىدىن چۈشكەندە سەدەپكە ئۈنچە بولۇپ تىزىلىدۇ.
- دەريا سۈيىنىڭ ئۈستىدىن ئاياق ئىزىنى ئىزدىمە.
- ئاشىق ئوتىدا روھ بەختىيار.
- ئەقىل روھتىن ھۈنەر ئۆگىنىدۇ.
- سۆزنى بەدەن دېسەك، مەنا بولسا تاتلىق جاندۇر.
- كۆڭلۈڭنى كىردىن، زەئىپلىكتىن خالى قىلمىساڭ، ھەقنىڭ نۇرى ئۇ يەردە پارلىمايدۇ.
- پەيغەمبەرنىڭ «مۆمىن ئىككى قېتىم ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلمايدۇ!» دېگەن سۆزى ماڭا يول كۆرسەتكۈچى بولدى.

- بۇ دۇنيادا بىر بالادىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر بالاغا تۇتۇلىدىغان، يىلاندىن قېچىپ ئەجدىرھانى پاناھ قىلىدىغان ئىشلار كۆپ.
- بەزىدە ھىلەڭ ئۆزۈڭگە بالا بولىدۇ. جان دەپ بىلگەن نەرسە ساڭا قان قۇستۇرغۇچى دۈشمەن بولىدۇ.
- بىلىش ئارقىلىق پىكىر دولقۇنلىرى زاھىر بولغاندا، ئاۋاز ۋە سۆز سۈرەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، سۈرەتسىزلىكتە سۈرەت كۆرۈنىدۇ.
- ئىنسان ئۈچۈن ھەر نەپەستە ئۆلمەك ۋە تىرىلمەك باردۇر.
- ئىنساننىڭ ئۆمرى دەريا سۈلىرىدەك تەكرار-تەكرار يېڭىلىنىپ ئاقسىمۇ، ئۇ داۋاملىق بىر خىلدەكلا كۆرۈنىدۇ.
- زالىملارنىڭ زۇلۇمى قاراڭغۇ بىر قۇدۇققا ئوخشايدۇ.
- بۇ دۆلەت، بۇ سەلتەنەت ئۆتكۈنچىدۇر. ئۇنداقتا ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلانما، بۇ كىبىرلىك زادى نېمە ئۈچۈن؟
- پىلە قۇرتىدەك ئۆزۈڭنىڭ ئەتراپىنى قورشىما. بەزىدە ئۆز ئەھۋالىڭنى دەڭسە.
- سەن پىل بولساڭمۇ قارشى تەرەپنى ئاجىز چاغلىما. تەڭرى ئەبابىل قۇشلىرىنى ئەۋەتىدۇ.
- يەردە بىر مەزلۇم رەھىم تىلىسە، كۆكلەردە مالايىكىلەر ھەرىكەتكە كېلىدۇ.
- سۇلايماننىڭ قۇدرەتلىك ئۈزۈكى ۋە تامغىسىنىڭ سىرى بىلىمدە.
- پۈتۈن ئالەم شەكىل بولسا، بىلىم جاندۇر.
- ئىنسانىيەت بىلىم بىلەن ئىتىبار قازىنىدۇ. دېڭىزلار، چۆل-باياۋانلار، تاغ-دەريالارنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرى بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.
- تەڭرىدىن بىلىم ئىستە. ئۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن شەيئىلەرنى پەرق

ئەتكۈچى ۋە بىلگۈچى بولسەن.

- دەسلەپتە ئەقىل مۇئەللىمدۇر، كېيىن ئەقىل ئۇستاز بولغاندا روھقا شاگىرت بولىدۇ.
- زەئىپ چۈشەنچىگە ئىگە ئىنسانلارنىڭ ھالىغا ۋاي. ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ ئىش قىلمىسا بەربات بولىدۇ.
- يول تۈز، ئەمما ھەممە يەر توزاقلار بىلەن تولغان.
- سىر ساقلىغاننىڭ بوينى پۈكۈلمەيدۇ.
- پۇلۇڭنى، مەزھىپىڭنى، ماڭغان يولۇڭنى مەخپىي تۇت. بىلگىنكى بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ دۈشمىنى كۆپ. ئەمما يوشۇرساڭ ئىزدىگەن، سورىغان بولماس.
- سىرىڭنى بىرقانچە كىشىگە ئېيتقان بولساڭ، ئەمدى ئۇنى سىر دېمە. چۈنكى ئىككى كالپۇكتىن ئاشقان سىر يېيىلىدۇ.
- پاكىز، يالتىراق ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ غەيۋەت قىلساڭ، ئاشۇ سۈرىتىڭنى كۆرسەتكەن ئەينەكمۇ مەينەتلىشىدۇ.
- سەندىكى ئەسكىلىكلەر ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقسا، شۈبھىسىزكى ئۆز ـ ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولىسەن.
- ئەي باشقىلارنىڭ يۈزىدە يىرگىنىشلىك «مەن»نى كۆرگەن، ئۇ «مەن» بولسا مەڭ ئەپسۇس سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ئەكسىدۇر.
- ۋاقىتسىز چىللىغان خورازنىڭ ئۆمرى قىسقا.
- ئەدەپلىك كىشىنىڭ ھەربىر ئىشى گۈزەل بولىدۇ.
- ئاللاھقا يۈزلەنمىگەننى قۇرۇق قۇم دەپ بىل. ئۆزلۈكسىز ئۇ ئىنساننىڭ ئۆمۈر سۈيىنى قۇرۇتىدۇ.
- ئۆتنۈپ قالاي گۈل توغرۇلۇق سۆزلىمە، گۈلدىن ئايرىلغان بۇلبۇلدىن سۆز ئاچ.

۞ باھار مەۋسۇمىدا زىرائەتتىن خەۋەرسىز كىشىنىڭ ئالدىدا پەسىلنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ.

۞ دائىم ھەقنى باشپاناھ قىلىش كېرەك. چۈنكى روھلار ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

۞ ئېغىزىڭدىن چىققان سۆز يايدىن چىققان ئوققا ئوخشاش.

۞ ئېتىلغان ئوق ئارقىغا قايتماس. ئۇدۇلدا كىم بولسا شۇنىڭغا تېگىدۇ.

۞ بۇ جاھان قاراڭغۇ پاختىزارلىققا ئوخشايدۇ. پاختىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوت بولامدۇ؟ ئەگەر نەمرۇت بولساڭ ئوتتىن ئۆلگىدەك قورق. ئوتقا كىرمەكچى بولساڭ ئەگەر، ئالدى بىلەن ئىبراھىمدەك بول.

۞ كامىل كىشى تۇپراقنى تۇتسا ئالتۇن بولىدۇ. خام كىشى ئالتۇننى تۇتسا كۈل بولىدۇ.

۞ ئىككى ھەرە ئوخشاش بىر چىمەنلىكتە ئوزۇقلانسىمۇ، ئەمما بىرىسىدىن زەھەر، بىرىسىدىن ھەسەل چىقىدۇ؛ ئىككى ئوخشاش جەرەن بىر يەردىن سۇ ئىچىپ، ئوخشاش ئوتتا ئوتلىسىمۇ بىرىسىدىن ئېپار چىقسا، يەنە بىرىسىدىن نىجىسلىك چىقىدۇ؛ ئىككى قومۇش ئوخشاش سۇدا ئۆسسىمۇ بىرىسىدىن شېكەر چىقسا، بىرىسىدىن ھېچ.

۞ تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق (ئاچچىق) سۇ ئوخشاشمۇ؟ بۇنى سۇنى ئىچكەن ئادەم بىلىدۇ.

۞ مايمۇنلار ئىنسانلاردا نېمىنى كۆرسە، شۇنى دوراپ زوقلىنىدۇ. ئۇ «مەنمۇ ئىنساننىڭ قىلغىنىنى قىلدىم» دەپ ئويلايدى-يۇ، ئەمما ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

۞ مۇناپىق دېگەن سۆز دوزاق دېگەن سۆزدىن كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭدا دوزاقنىڭ تەمى بولمىغان بولاتتى.

۞ سۆزنىڭ ئەسكىلىكى ھەرىپتىن ئەمەس، دېڭىز سۈيىنىڭ ئاچچىقلىقى

ئېلىنغان قاچىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس.

- ئاچچىق ۋە تاتلىق سۇلۇق دېڭىزلار بار. ئارىسىدىكى پەردە سەۋەبىدىن بىربىرلىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. دېڭىز ئىككى، ئەمما ماھىيىتى بىر. سەن ئىككىدىن ۋاز كېچىپ ماھىيەتكە ئېرىش.
- بىرىسىنىڭ ئاغزىدا چۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىغىچە راھەت بولالمايدۇ.
- ئېسىل تاماقلىرىڭدا بىر تال قىل بولسا، ئۇ سېنى بىئارام قىلىدۇ.
- دۇنياغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ يەرگە شوتا بولسا، ئاخىرەتكە بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ كۆكلەرگە شوتا بولىدۇ.
- بەدەندىكى راھەتسىزلىكنى ئەمچىدىن سورا. ئەگەر ئۇ روھى جەھەتتىكى راھەتسىزلىك بولسا ھەزىتى مۇھەممەتتىن سورا.
- ئىنسان شەكلىدىكى نۇرغۇن شەيتانلار بار. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەر قولغا ئېسىلما.
- مەرت ئىنسانلار توغرا يوللۇق، بەختلىكتۇر. ئەسكىلەر بولسا ھىلە ـ مىكرىلىك ئەرۋاھتۇر.
- تەكەببۇرلۇق قىلىپ باشقىلارنى مەنسىتمىگەنلەر، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە نېمە پايدا!
- زاماندىكى ئەڭ داڭلىق ئالىم بولساڭمۇ، شۇنى بىلگىنكى ئالەمنىڭ زامانى يوق.
- كۆڭۈل ئىگىلىرىنىڭ ئىلىملىرى پايدىلىق بولىدۇ. بەدەن ئەھلىگە ئىلىمنىڭ ئۆزىمۇ يۈك بولىدۇ.
- ھەرقانداق پىكىر ۋە سادانىڭ جەلپ قىلغۇچىسى بولسا ئىلھام ۋە سىرنىڭ مەنبەسى بولغاندۇر.
- قۇياشنىڭ نۇرى پاسكىنىچىلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشسە كىرلەشمەي

يەنىلا چاقناپ تۇرىدۇ.

- ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ روھ غەيىپ ئالەمنىڭ بىر ھەدىيەسى بولۇپ، ئاقار سۇدەك ئاقىدۇ.
- قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى ئىماندىن كېلىدۇ.
- ئىمانى زەئىپ بولغان كىشى ئۈمىدسىز كېلىدۇ.
- ئىشلىرىڭنى مەيلى توغرا قىل مەيلى خاتا، زىنھار ھەقنىڭ يولىدىن ئايرىلما.
- بارلىقنى ھەقنىڭ بارلىقى ئىچىدە يوق قىل.
- گۈلنىڭ گۈزەللىكىدىن تىكەننى كەچۈرۋېتىمىز.
- كۈندۈزدەك يورۇق بولۇشنى ئويلىساڭ، كېچىگە ئوخشايدىغان بارلىقنى ئوتقا ئات!
- كېچە كۈندۈز نەپسىڭگە دىققەت قىل، نەپسىڭنىڭ ھىيلىسىدىن ھەزەر ئەيلە.
- بىز ۋە مەن داۋاسى بىزگە ئەسقاتمايدۇ. مۈلك مۈلكىنىڭ ئىگىسىگە لايىقتۇر.
- ئاپپاق سۈتتىكى قارا قىلدەك كۆڭۈلدىكى ئويلىغان سىرلىرىڭ ئاشكارە بولىدۇ.
- سۈرەتتىكى كىبىر ۋە ئاداۋەتتىن كەچكەن كۆڭۈل، غەيىپ ئالەمنىڭ گۈزەللىرى ئۈچۈن ئەينەكتۇر.
- نادان بىلەن ئولتۇرۇپ بال يېگەندىن، ئالىم بىلەن ئولتۇرۇپ قۇرۇق نان يېگەن ياخشى.
- بۈيۈكلۈكنىڭ ئالامىتى ئىھساندۇر.
- مەرتلىك يوقسۇلغا موھتاج، يوقسۇل ئۇنىڭغا.
- يوقسۇلنىڭ كۆڭلى سېخىينىڭ ئەينىكىدۇر.

- بىر نەرسىنىڭ ئەتىۋارلىق بولۇشى ئۇنىڭ يوقلۇقى بىلەن ئوڭ تاناسىپتۇر.
- ھەق يولىدىكىلەر مەرت كېلىدۇ.
- ئۆزىدە نۇر بولمىغاننىڭ باشقىلارنى نۇرلاندۇرىشى مۇمكىن ئەمەس.
- قارىغۇ تۇرۇپ قارىغۇنى داۋالايمەن دېگەن كازىزاپتۇر.
- ساقايماس بىر كېسەل ساغا تاتلىق تۇيۇلسا، ئۆلۈمنى ھەق ساغا تاتلىق قىلىدۇ.
- ھاياتى تاتلىق بولغاننىڭ ئۆلۈمى ئاچچىق بولىدۇ.
- يايلاقتا ئوتلىغان قايسى قوي سەمرىسە ئۇنى ئەكىلىپ بوغۇزلايدۇ.
- شۈكۈر ـ قانائەت جاننى نۇرلاندۇرىدۇ.
- مال ـ دۇنيا باشتىكى تۇماققا ئوخشايدۇ. پەقەت تاز كىشىلەر تۇماققا يوشۇرۇنىدۇ.
- قىسىلغان ئاياغنى كىيىپ ماڭغاندىن يالاڭ ئاياغ ماڭغان ياخشى.
- ئىتنىڭ رەسمىگە ئۇستىخان تاشلىما.
- ئىبرەت ئىگىسى ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدۇ. بولمىسا ھالى باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت بولىدۇ.
- جامائەت رەھمەتتۇر.
- پۈتۈن دانىشمەنلەر پەيغەمبەرنىڭ پىكرىگە موھتاج بولغان چاغدىمۇ، ئۇ «ئۇلار بىلەن كېڭەش» دېگەن بۇيرۇقنى ئالدى.
- ئارپا تارازىدا ئالتۇن بىلەن يولداش بولىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئارپىنىڭ ئالتۇندەك قىممىتى بار دەپ قالما.
- كۈلگەن ئارسلانغا ھەرگىز ئىشەنمە.
- دۇنيا مېلى ئارسلاننىڭ تەبەسسۇمىدۇر.

- كاملىنىڭ ئالدىدا قەلبىڭدىكىگە دىققەت قىل.
- دەرگاھتا «بىز ۋە مەن» دىن سۆز ئاچقان قوغلىنىدۇ. شاھنىڭ ئالدىدا ئەتىۋارى بولمايدۇ.
- ئەقىللىق كىشى ئالدىرىماي تۇرۇپ، ۋەسىيەتلەرنى ئاڭلاپ، باشقىلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئالىدۇ.
- يىڭنىدىن ئىككىگە ئايرىلغان يىپ ئۆتمەيدۇ.
- گۈزەل يۈز ئەينەككە ئاشىقتۇر. جانىنىڭ جۇلاسى كۆڭۈللەرنىڭ تەقۋاسىدۇر.
- رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىنغان تەسەللى كېسەلگە دۈشمەن.
- ئىبادەت قىلىۋاتقان كۆرمىگەن ئىنسان بار. ئەمما ساداقەت بولمىسا ساۋاپ يوق.
- يانغان ئوتتىن ھەزەر ئەيلە. گۇناھ ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ.
- قىياس بىلەن ھەقنىڭ ھوزۇرىغا چىققان كىشى شەيتانغا ئوخشايدۇ.
- ئەسكىلىكتىن ساقلانغان پاك روھ ھەممىدىن ئۇلۇغ.
- قۇشنىڭ ئاۋازىنى دورىغان بىلەن مەنىسىنى ھېچ چۈشەنمەيسەن.
- نام ئابروينىڭ كەيپى خىيالدۇر.
- ئىسمىنى بىلسەڭ ئىسمىنى قويغاننى تاپ.
- ئەينەكنى سۈرت، ئۇنىڭدا پاك بارلىقنى كۆر.
- لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭكىدەك كۆز بولۇشى كېرەك.
- كۆڭۈللەر پاك ـ پاكىز بىر ئەينەكتەكتۇر. ئۇنىڭدا چەكسىز شەكىللەرنى كۆرەلەيسىز.
- غايىپنىڭ سۈرەتسىزلىكى سۈرىتىنىڭ بەلگىسى، مۇسانىڭ قويىندا

كۆرۈلگــەن كۆڭــۈل نۇرىــدۇر.

- پاك ـ پاكىــز كۆڭــۈل قانــداق بۇيــرۇق بەرســە، تۇيغــۇلار شــۇ بويىچــە ھەرىكــەت قىلىــدۇ.
- قــول ـ پــۇت كۆڭۈلنىــڭ بۇيرۇقنىــى ســاقلايدۇ. خــۇددى مۇســانىڭ قولىدىكــى ھاســىغا ئوخشــاش. كۆڭــۈل خالىســا قــول دۈشــمەنگە يــلان، دوســتلارغا دوســت بولىــدۇ.
- كۆڭۈللــىرى پــاك بولغانــلار رەڭلەردىــن، پەردازلاردىــن ۋە ھەرخىــل پۇراقلاردىــن خالــى بولىــدۇ.
- سەن دائىم ھەقنىڭ ياخشىلىقىغا كۆڭۈل بەرگىن.
- ئەســكىلەرگە يۇمشــاق كۆڭۈللــۈك بىلــەن نەســىھەت قىلىســاڭمۇ تــاش كۆڭۈللەرگــە تەســىر قىلمايــدۇ.
- پاســكىنا نەرســىلەر پاســكىنا بولغانــلار ئۈچۈنــدۇر. ئەســكى ئەســكىگە دوســت ھــەم ســىرداش.
- قاراڭغۇلۇقتــا تىمىســقلاپ يۈرگەنلەرنىــڭ ھــەر بىــرى باشــقا ئارزۇنىــڭ يولىــدا ماڭىــدۇ.
- كۆزى كېسەل بولغان قۇياشقا ئاشنا بولمايدۇ.
- ھازىــر بولمىغــان ئۈچــۈن قىلىنغــان زەررىچىلىــك نەرســە، ھازىــر بولغانغا قىلغــان مىڭ ئىشــقا بــەدەل.
- كېچىنىــڭ قاراڭغۇلىقىــدا كۈندۈزنــى ئىســتە. قاراڭغۇلۇقلارنــى يوقاتقــان ئەقىلنــى ئۆزۈڭگــە
- رەھبەر قىل.
- ســاڭا كىملەرنىــڭ دۈشــمەن ئىكەنلىكىنــى بىلمەيســەن. ھالبۇكــى ئوتتىــن تۆرەلگەنلــەر تۇپراقتىــن يارىتىلغانلارغــا ئــاداۋەت ســاقلايدۇ.
- ياقىدىغــان ئوتــۇن بولمىســا ئوتمــۇ ئۆچىــدۇ. گۇناھتىــن ســاقلانغان

شــەھۋەتنى يېڭــدۇ.

- روھ بولسا ئىلىم ۋە ئەقىلگە دوست.
- مــەن گــۈزەل بولســام، بۇنــى ئــۇ ئېھســان ئەيلــدى. ســەت بولســام شــەيتان مېنــى مەســخىرە ئەيلــدى.
- ئېنىقكــى ھەممىســى گۈزەلنــى ئىســتەر، گۈزەللــەر گۈزەلگــە نېســىپ بولــۇر، ھــەر جىنــس جىنســنى ئىســتەر، ئىسســىق ئىسســىقنى، ســوغۇق ســوغۇقنى.
- مەرىپــەت قۇياشــى پاتمايــدۇ. چۈنكــى ئــۇ ئەقىــل، روھ ۋە قەلبتىــن چىققــان.
- بەدەننىــڭ ھېسســى، زۇلمــەت غىزاســىغا ئەســىر. روھنىــڭ ھېسســىغا قۇياشــنىڭ ئــۆزى ئــوزۇق.
- بوۋاق تۇغۇلمىغىچە قان تاتلىق بىر سۈتكە ئايلانمايدۇ.
- باقــى نــۇر، رەزىــل دۇنيادىكــى پــاك ســۈتتەك بولــۇپ، قــان دەريالىرىنىــڭ يېقىنلىرىــدا. بــۇ يەرلــەردە بىــر قەدەمنــى خاتــا باسســاڭ، ئەســكىلىكلەر ئارىلىشــىپ ســاپ ســۈت قانغــا ئايلىنىــدۇ.
- ھەممــە نەرســەڭلارنى توغــرا نەرســىلەرگە ئــۈدۈل توغرىــلاڭلار. توغرىلارنىــڭ نۇرلــرى بــار يەرلەرنــى ۋەتــەن دەپ بىلىــڭلار.
- ھەرقانــداق بىــر ئــادەم توغــرا يولــدا ماڭمىغانــلار بىلــەن ئۆزىنــى سېلىشــتۇرۇپ ئۆلچىســە ھەمــدە ئــۇلار بىلەن دوســت بولســا، ئىشــلىرى خاتــا بولــۇپ، ئەقلــى ئادىشــىپ كېتىــدۇ. چــن دوســتلاردىن ئايرىلــىپ قالــدۇ. چۈنكــى تىكەنلــەر گۈللەرگــە دۈشــمەندۇر.
- ئالــم ئۇيقــۇدا شۈبھىســىز بىــدار (ھۇشــيار) دۇر. ۋاي ئىســت! ئــۇ نــادان، بىلىمســىزلەر بىلــەن دوســت بولغــان بىدارلارغــا.
- ئەقىــل بىلــەن ئەقىلنىــڭ دوســتلۇقىغا ئەســكى ئــش بىلــەن ئەســكى ســۆز توســقۇنلۇق قىلىــدۇ.

- ئەقىل، باشقا بىر ئەقىل بىلەن بىرلەشسە كۈچلىنىدۇ. تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يول تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. نەپسى باشقا بىر نەپس بىلەن قوشۇلسا تېخىمۇ قاراڭغۇ بولىدۇ، يول كۆرۈنمەيدۇ.
- ئەي ئوۋچى! سېنىڭ دوستۇڭ كۆزدۇر. ئۇنى ياخشى ئاسرا.
- تىل سۈپۈرگىسى بىلەن كۆزگە توپا چاچما.
- ياخشى ياخشىنىڭ ئەينىكىدۇر.
- دوست دائىم جاننىڭ ئەينىكىدۇر. دىققەت قىل، نەپسىڭ ئۇنى كىرلەتمىسۇن.
- كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرۇپ كۆڭلۈڭ خوش بولمىسا، بىلگىنكى قەلب كۆزۈڭ يۇمۇق دېگەن گەپ، ئۇنى ئاچ.
- ئاللاھ يولىغا باش قويۇپ ئۇلۇغلۇق قازان. سىركە بېرىپ شېكەرگە ئىگە بول. ئەينەك بېرىپ ئۇنچە ئال. سۈرمە بېرىپ، كۆز ئال. گۈزەل دارچىن دەرەخلىرىدەك تەلەيلىك بول.
- سەجدىگە باش قويغانلار گۈزەل خۇيلۇقلار بولۇپ، ئۇلار خۇددى قولى ئوچۇق دەريا سۈيىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار، نەپسىنىڭ ئارزۇسى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلۇغلۇق يولىغا قەدەم تاشلىغۇچىلاردۇر.
- بەزىلەرنىڭ خىرسى تاغدەك بولغىنى بىلەن تەلىيى سامانچىلىك.
- ھەققە يۈزلەنمىگەن كىشى خەلق ئىچىدە ئېتىبار قازىنالمايدۇ.
- ئەي ئاجىزلارغا ئىھسان قىلىدىغان رەببىم! بىزنى ئاچكۆزلۈكتىن، غەپلەتتىن ساقلا.
- رىزىق كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ئاستىدا تۇزاق بار.
- پاكىز سۇنى تاپقاندا ئىچمەي ئېشەكتەك ھاڭرىساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ.

- پاكىز سۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئېشەك، بېشىنىڭ ئورنىغا پۇتىنى سۇنىدۇ.
- رەڭلەر ئىچىدە رەڭسىزلىك تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى رەڭ بۇلۇت بولسا، رەڭسىزلىك ئايغا ئوخشاش. بۇلۇتتا بىر يورۇقلۇق، پارقىراقلىق بولسا، ئۇ يۇلتۇزنىڭ، ئاينىڭ ۋە قۇياشنىڭ نۇرىدىن بولغان.
- ئەگەر نۇرنى ئىستىسەڭ، نۇرغا مايىل بول. ئەگەر مال ـ دۇنيا ئىستىسەڭ نۇردىن يىراق تۇر.
- ئۈمىد ئىگىلىرى ئۈمىد ئىشىكىنى باشپاناھ قىلىپ ئىبادەت قىلسۇن.
- ئىستىقامەتتە تۇرۇپ، كۆزۈڭنى يۇمساڭ ھەممىنى جان دوست ئۆگىتىدۇ.
- ئەگەر بىر كەپتەر قۇۋۇلۇق قىلىپ كەكلىك ئوۋلىسا، ئۇ كەپتەر كەپتەردىن ئۆزگىرىپ ئاق بۈركۈت بولۇپ قالامدۇ؟
- نەمرۇت، بۈركۈت قاناتلىرى بىلەن قانچىلىك ئېگىز ئۇچسا، يەرگە شۇنچىلىك تېز چۈشىدۇ. چۈنكى جافەرى ـ تاييارنىڭ قانىتىدەك قانات ئۇنىڭدا يوق.
- تىكەن ئۇرۇقى چاچقاننىڭ ھويلىسىدا گۈل باغچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
- ئەت نەپسىڭنىڭ تىرىلىشىدىن ساقلان. ئۇ سېنىڭ جان دۈشمىنىڭ. ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ.
- دائىم باشقىلار ئۆلگەندە يىغلىماي، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئازراق ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ يىغلاپ قوي.
- دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپيېشىل ياشناپ تۇرۇشى، بۇلۇتلارنىڭ يىغىسىدىندۇر.
- تەقلىد ھەر شەرەپلىك ئىشقا ئاپەت بولىدۇ. تەقلىد بولغان يەردە

تاغمۇ سامانداەك بولىدۇ.

- مەنپەئەت ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەم، سامان ئۈچۈن كىتاب توشۇغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.
- ھەقىقەتنى بىلمەي تۇرۇپ، دوستلاردىن ۋاز كەچمە.
- ئەگەر سەدەپ بولمىسا، تامچىلار ئۈنچە بولالمايدۇ.
- تاماققا، ھوزۇرغا ۋە ساماغا ھېرىسمەن بولۇش، ئەقلىنىڭ بىلىش يولىنى توسىدۇ.
- مالغا مەيلى بار تارازا توغرا تارتمايدۇ.
- كىم تاماخور بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شادلىقتىن ئەسەر قالمايدۇ.
- كۆز بىلەن كۆڭۈل تاما بىلەن ئايدىڭلانمايدۇ.
- تاماخورنىڭ ھوقۇق ۋە مال ـ دۇنيا توغرىسىدىكى ئويلىرى، شۈبھىسىز كۆزنىڭ ئىچىگە كىرگەن قىلغا ئوخشايدۇ.
- ھەقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن، پادىشاھ بولسىمۇ كۆزى ئاچ بولىدۇ.
- راھەت بىر يەرنى ئۈمىد قىلساڭ، بىر تەرەپتىن بىر بالاسى چىقىدۇ.
- تۇزاقسىز بىر يەر يوق. بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ زىندان كوچىسى ھەر تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەم بىلەن تولغان. ئەمما ھەق ھەر ۋاقىت بىزگە باشپانا بولىدۇ.
- مەگەر بالا كەلمەكچى بولسا چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە مۆكۈنسەڭمۇ، مۈشۈك كېلىپ، قولى بىلەن ساڭا زەھەر ئىچكۈزىدۇ.
- گۈزەل خىياللار سەۋرنى تاتلىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ كۆڭلۈڭنى راھەتلەندۈرىدۇ.
- يۈسۈپ، قېرىنداشلىرىنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغىنى بىلەن،

ياقۇپنىڭ كۆزىنىڭ نۇرى ئىدى.

- سەن ماكاندا، ئەسلىڭ ماكانسىزلىقتا. ئۆزۈڭدىن كېچىپ، ئەسلىڭگە قايت.

- دەرتكە ھەقتىن بىر داۋا بولمىسا، ئۇ دەرمان ساڭا لايىق بولمايدۇ.

- بۇ جاھان، تەرەپسىز ئالەمدىن پەيدا بولدى. دۇنياغا ماكان، ماكانسىزلىقتىن كەلدى.

- يا رەب! بىزگە ئىسىل ئىلھاملار ئاتا قىل، ياخشىلىق قابىلىيىتىمىزگە يولداش بولسۇن.

- دۇئالىرىمىزمۇ، ئۇنىڭ قوبۇلىمۇ سەندىن. خاتىرجەملىكمۇ، قورقۇمۇ سەندىن.

- سۆزلىرىمىزنىڭ خاتاسىنى سەن تۈزەت. سەن خاتا سۆزنىمۇ، خاتا ئىشنىمۇ تۈزىتەلەيسەن.

- سۇ ۋە تۇپراققا ياخشى بىر خۇي ئاتا قىلدىڭ. ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ سۈرىتى گۈزەللىككە ئېرىشتى. ئۇنى جورىگە، ئۇرۇق-تۇغقانغا ئىگە قىلدىڭ. ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە غەم چۈشەنچىسىنى ئاتا قىلدىڭ.

- قۇياشنىڭ نۇرى تامغا بىر پارقىراقلىق ئاتا قىلغان بولسىمۇ، شۈبھىسىز بۇ پارقىراقلىق ئۆتكۈنچىدۇر. ئەي ئەقىللىق ئىنسان! كېسەك ۋە تاشقا كۆڭۈل بەرمە. باقى نۇرنىڭ ئىستىكىدە بول.

- ئەي ئەقىل بىلەن ئاشىق داۋاسى قىلغان! سۈرەتكە بېرىلگەنلەر بىلەن بىللە بولما.

- جانابى ھەق سېنى سەت يۈزلۈك ياراتقان بولسا، يۈزۈم سەت دەپ، ئەسكى خۇيلۇق بولما. خاتا ئىش قىلىشتىن ساقلان. بىكاردىن-بىكارغا خورلانغاننىڭ ئۈستىگە خورلانما.

- نەپسىڭنى دەپ ئۆلپەتلىرىڭگە ھەسەت قىلما. چۈنكى ھەسەت ئەسكىلىكنىڭ ئەسكىسى. كەمچىلىك ۋە ئەيىپنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولسا ھەسەت. شۈبھىسىز ئۇ ئەڭ كۈچلۈك زەھەر.

- شەيتاننىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرگەن ئىزاسى، قىيامەت بولغانغا قەدەر قۇيرۇقنى بالاغا باغلىدى. ئۇ ھەسەتخورلۇقتىن يۇقىرى مەرتىۋە ئىستىدى. ئەمما بۇ سەۋەپتىن قىيامەت كۈنىگىچە لەنەتلەندى.

- پۈتۈن جاھاننى كېزىپ، ياخشى مجەزدىن باشقا بىر ياخشى نەرسە كۆرمىدىم. ياخشى مجەزلىكلەر قۇتۇلىدۇ، ئەسكىلەر شىشىدەك چېقىلىدۇ.

- ھەقنىڭ نۇرىدا يەتمىش مىڭ پەردە بار. ئۇنىڭ يورۇقلۇقىدا نۇر ۋە زۇلمەت ئايدىڭلىشىدۇ. ھەر پەردە بىر قەۋمنىڭ ماكانى. ئۇ پەردە جامائەت ۋە ئىمام سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى سەپتىكىلەر كۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئالدىدىكىلەرنىڭ نۇرىغا قاراشقا پېتىنالمايدۇ.

- تۆمۈر كۈچلۈك ئوت ئىچىدە تاۋلىنىدۇ، ساپلىشىدۇ. ئۇ جاپا تارتقان يوقسۇلغا ئوخشايدۇ. ئوت ۋە بازغان بەختتىن بىشارەت بېرىدۇ.

- ھەقىقەتنى ساختىلىقتىن، شاراپنىڭ رەڭگىنى قەدەھنىڭكىدىن ئايرىغىن.

- باھار مەۋسۇمى كەلگەندە پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەر «بىز ئۆزلۈكمىزدىن كۆكىرىپ يايپىشىل بولدۇق. ھەممىدىن مەمنۇن بىز. خۇشال بىز. بەكمۇ گۈزەل بىز» دەيدۇ.

- ياز ئۇلارغا دەيدۇكى: «ئەي مەۋجۇداتلار، مەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھالىڭلارغا ۋاي!»

- شېكەردەك لەۋلەردىن، شەربەتتەك سۆزلەر تۆكۈلسۇن.

- ئەقىللىق ئاقىۋەتنى ئويلىشىدۇ. نەپسانىيەتچى ئاقىۋەتنى ھېچ ئويلىمايدۇ. ئەقىل نەپسكە بوي سۇنسا نەپسانىيەتچى بولىدۇ.

- تىل جان ئىشىكىنىڭ پەردىسىدۇر. ئەگەر ئۇ پەردە شامالدىن قايرىلسا، كۆز ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى سىرلاردىن خەۋەردار بولىدۇ. ئۆيدە ئۈنچە-مەرۋايىت بارمۇ ياكى بۇغدايمۇ؟ ئالتۇن خەزىنىمۇ ياكى يىلان بىلەن چايانمۇ؟ ئەگەر خەزىنە بولسا، يىلانچۇ؟ چۈنكى خەزىنىگە كۆزەتچى لازىم.

- ئۈنچىدەك سۆزلەردىن چاقنىغان ھەربىر نۇر ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدۇ. ئۇ ئۈنچىنىڭ نۇرى كۆزىمىزنىڭ نۇرى بولغان بولسا ئىدى، سوئالمۇ، جاۋابمۇ ئۆزىمىزدە بولاتتى.

- ئالغاي قارىساڭ، ئاي ئىككى كۆرۈنىدۇ. بۇنداق قاراش گۇمانلىق بىر سوئالدۇر. ئۇدۇل قارا، ئاي بىر كۆرۈنسۇن. ئىزدىگەن جاۋابنى ئاندىن تاپىسەن.

- پىكىردىن ئاغما، ياخشى قارا. بىلگىنكى ئۈنچىنىڭ نۇرى سېنىڭ ئوي-پىكرىڭدۇر.

- ھەر كىم ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى قارىيالمايدۇ. سەن مېنىڭكىگە قارايسەن، مەن سېنىڭكىگە.

- قورقۇنچاق كىشى ئەجىردىن، ياخشىلىقتىن قۇرۇق قالىدۇ. دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆكۈشنى ياخشى كۆرگەن ئۈنچىنى ئالىدۇ.

- قىلغان مەرتلىكنىڭ نەتىجىسى دەرھال كۆرۈلگەن بولسا، دۇنيادا قورقۇنچاق قالمىغان بولاتتى. مەرتلىك كۆزدىن بولىدۇ، قولدىن ئەمەس. غەلبە ئۈچۈن كۆز كېرەك.

- كۆرۈنىشى قانچىلىك گۈزەل بولسىمۇ، خۇيى ئەسكى بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى بىر تال ئارپىچىلىكمۇ بولمايدۇ.

- كۆرۈنىشى شۇنچىلىك ھەقىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولسا، ئۇ يەنىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. كۆرۈنگەن سۈرەت پانىدۇر، مەنا بولسا باقىدۇر.

- قاچانغىچە كومزەكنىڭ چىرايلىقىغا ئالدىنىسەن؟ كومزەكنىڭ زىننىتىدىن

ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇغا نەزەر سال.

◈ سۈرەت بولسا مەنا ئالىمىدە بىر پەردە. سەدەپنى ئويلىماي ئۈنچىنى قولغا كەلتۈر.

◈ شۈبھىسىز شۇنچە كۆپ سەدەپتەك قەلبلەر ئۇنىڭ دەريالىرىدا يېتىشكەن بولسىمۇ ۋە لېكىن ھەر سەدەپنىڭ ئىچىدە ئۈنچە بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىرىنىڭ ئىچىگە ئوبدان قارا. چۈنكى قىممەت باھالىق ئۈنچە ئاز ئۇچرايدۇ.

◈ كۆڭلىدە ئوي-پىكىر بولغان، ۋاقتى كەلسە جاھاننى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

◈ بىر قەۋمدە ئېھسان بولمىسا، ئۇ قەۋمنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ.

◈ تېشى بىلەن ئىچى بىر بولغان پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن يۈز مىڭلارچە ئەسكەر ئەگىشىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھەشەمەتلىك پادىشاھنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە بىر مەخپىي پىكىر يېتەكچىلىك قىلغان بولىدۇ.

◈ بىلىمسىزلىككە رازى بولۇپ، ئەقلىنىڭ دۈشمىنى بولما. ھەقنىڭ پەيزىدىن خەۋەرسىز دىۋانىدەك يۈرمە.

◈ سۈرىتىڭ ئادەم. ئەمما ئەقىل-ئىدراكىڭ يوق. پۈتۈن سىرىڭدىن بىخەۋەر بىخەستە ئېشەكتەك بولما.

◈ بىر كۈن ئۇ پىكىر ۋە ئويلار، قول قانات كېرىپ پەردىدىن چىقار ئالدىڭغا. ئۇ ۋاقىت ئۇ ئېگىز تاغلار پاختىدەك توزۇپ، كۆكۈم تالقان بولىدۇ. يۇلتۇزلار، ئاسمانلار گۇمران بولىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئىگىسى دائىم تىرىك ۋە يالغۇز بولغان ھەقتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمايدۇ.

◈ ئۆچكە نېمگە قوساق كۆتۈرسە شۇنى تۇغىدۇ. بارلىق ھىلە-مىكىر ۋە ھۈنەرلەر كارغا كەلمەيدۇ.

◈ ھەقنىڭ ھۆكۈمىگە يۈزلەنگەن كىشى، ھىلە-مىكىرلىق قىلمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

- دائىم تەدبىرلىرىڭنى ھەقتىن تىلە. ھەقىقىي تەدبىر ھەقتىن كېلىدۇ.
- ھەقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىش غەلبىلىك بولىدۇ. لېكىن نېمە تىكسەڭ شۇ ئۈنىدۇ.
- نېمە قىلساڭ ئۈنىڭ ئۈچۈن قىل. ئاشىق بولساڭ سۆيگۈنىڭنىڭ ئىستىكىگە ئەمەل قىل.
- يۇلتۇزغا يۇلتۇز يېقىن تۇرسا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.
- قۇياشقا ھەسەت قىلغان، ئۇنىڭ نۇرلىرىدىن راھەتسىز بولىدۇ.
- مەگەر سېنىڭ ئىچىڭدە مەمنۇنلۇق تەبەسسۇمى بولسا، سەندىن يۈز مىڭلارچە خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىدۇ.
- بىر ئىشتىن مەمنۇن بولغان يۈرەك، خۇددى مىڭلىغان قۇياشقا ئوخشايدۇ.
- قانچىلىغان سۈرەتلەر سېنىڭ يولۇڭنى توسىدۇ. سۈرەتتە قەست بار، ھەقتە ئىلتىپات.
- كۆز نۇرى ياغ ئىچىدە مەيدانغا كەلدى. كۆڭۈل نۇرى بىر تامچە قاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. خۇشاللىقنىڭ جايى كۆڭۈل. غەمنىڭ ماكانى جىگەردۇر. ئەقىل بولسا مېڭىنىڭ ئىچىدىكى شامغا ئوخشايدۇ.
- ئۇلۇغ روھ ئۆزىگە لايىق جاننى خۇشاللىق بىلەن خوش قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئۈنچە بىلەن زىننەتلەيدۇ.
- بۇ ھاياتتا ئىلگىرلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تاماخور كېسەكلەرنى بەدەن تامىلىرىدىن قومۇرۇپ ئاتمىغۇچە ھەققە يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئايەتتە «سەجدە قىلىپ يېقىنلاش» دېگەندەك، يېقىنلىششقا سەۋەپ بولىدىغان سەجدىگە ئوخشايدۇ.
- بەدىنىڭنىڭ تاملىرى ئېگىز بولغانسىرى، بېشىڭنى ئېگىش تەسلىشىدۇ. بۇ توپىدىن تۆرەلگەن بەدەندىن قۇتۇلمىغۇچە،

ئابىھايات سەجدىگاھىڭ بولمايدۇ.

❁ ھەقىقىي پادىشاھ —— پادىشاھلىق تەختىگە ئالدانمىغاندۇر.

❁ ئوتنىڭ ئەسكىلىكىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىساڭ، مەرھەمەت سۈيىنى ئۇنىڭغا سەپ.

❁ ياخشى ئىنسانلار مەرھەمەت سۈيىنىڭ بۇلىقى. ئابىھايات بولسا ئىھسان ئىگىلىرىنىڭ روھىدۇر.

❁ نەپسىڭ ئوت بولسا، ھەق ھېكمىتى سۇدۇر. ئوت ھەرۋاقىت سۇدىن قاچىدۇ. چۈنكى سۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ يوق قىلىدۇ.

❁ ئەي يولۇچى ۋاقىت ئۆتۈۋاتىدۇ. ھوشۇڭغا كەل. ئۆمۈر قۇياشىڭ پېتىشقا باشلىدى.

❁ كۆچ ـ قۇۋۋىتىڭنىڭ باردا، بۇ قىسقا ۋاقىتتىن ۋە ھاياتىڭدىن ياخشى پايدىلان. بىر ئىشنى «ئەتە قىلىمەن» دېمە. ئەتىلەر كېتىدۇ. ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

❁ مەرتلىك قىلىپ لەززەت ۋە شەھۋەتتىن يىراق تۇر. شەھۋەتنىڭ كەينىگە كىرسەڭ ھالاك بولىسەن.

❁ ئەسلىدە بۇ دۇنيا يوق، پەقەت كۆرۈنۈشلا بار. ئەسلى بار بولغان دۇنيا يوشۇرۇن.

❁ بىربىرىگە ئاشىنا بولسا ئات ئاتنى تونۇيدۇ. ئات مىنگەننىڭ ھالىنى مىنگەن كىشى بىلىدۇ.

❁ ھېسنىڭ كۆزى ئات. ھەقنىڭ نۇرى بولسا ئات مىنگۈچىدۇر. مىنۋالسىڭىزلا ئات ھېچ نىمە قىلالمايدۇ.

❁ ئاتلىرىڭ ئەسكى خۇيلۇق بولمىسۇن. ياخشى كۆندۇرۇپ، ئىسل تەربىيەلە. بولمىسا مەنزىلگە يېتەلمەيسەن.

❁ ئاتقا يول كۆرسەتكەن سېنىڭ كۆزۈڭدۇر. سېنىڭ كۆزۈڭ بولمىسا ئاتنىڭ كۆزى كارغا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاتنىڭ كۆزى پەقەت

ئوتلاقنى كۆرىدۇ. نەگە بارسا كۆزى يايلاق تەرەپتە بولىدۇ.

- ھېسسىنىڭ نۇرىغا ھەقنىڭ نۇرى مىنسە، روھ ئىختىيارسىز ھەق يولىغا ماڭىدۇ.
- ئات ئۆزلۈكىدىن يول تاپالمايدۇ. پەقەت ئاتقا مىنگەن يولغا باشلايدۇ.
- ئىخلاسمەن كىشىلەر داۋاملىق ئۆز نەپسىگە ئىگە چىقمىسا خەتەر ئىچىدە قالىدۇ.
- بەزىلەر ئىخلاسمەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن قەلبىدە ئىخلاس يوق. ھەقىقىي ئىخلاسمەن كۆڭلى پاك كىشىدۇر.
- مەۋجۇتلۇقتىن قۇتۇلساڭ بۇرھاندەك نۇر بولسەن. قۇللۇقتىن قۇتۇلساڭ سۇلتان بولسەن.
- ھەقنىڭ نۇرى ئايدەك. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق ھەيۋەتلىك سىنا تاغلىرىنىڭ تىلى تۇتۇلدى.
- يالغانچى شەيخلەر خەلقنى ئالداش ئۈچۈن دۇككان ئېچىپ ئولتۇرغان جازانىخورلارغا ئوخشايدۇ. بۇنداق شەيخلەرنىڭ ئۆلاردىن ھېچ پەرقى يوق. ھەتتا خانىقالىرى ئەخلاقسىزلىق قىلىدىغان جاي بولۇپ قالغان.
- ماكاندا بولغان ئەدەپسىز، ماكاندا بولمىغاندىن ياخشىدۇر. ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى ئەگرى بولغىنى بىلەن ئۇ ئىشىككە مىخلاغلىق.
- بەدەن كۆلچىكى، كۆڭۈل كۆلچىكىنى كىرلەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۆڭۈل كۆلچىكىنىڭ سۈيى بەدەننى پاكىز يۇيىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل كۆلچىكىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈر. نەسىھەتنى ئاڭلاپ، بەدەن كۆلچىكىدىن يىراقلاش.
- سۆيگۈنىڭ دەردىمۇ ئادەمگە شىپا بولىدۇ.
- سۆيگۈ زەھەرنى بال قىلىدۇ. مىسنى ئالتۇن قىلىدۇ.

- بۇ سۆيگۈ ئىلمىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەمما پەسلەرگە بۇنداق بىر ھوزۇر نېسىپ بولمايدۇ.
- نۇقسان ئىلىمدە ئەقىل پۈتۈن بولمايدۇ. نۇقسانلىق جانسىزلىق دېمەكتۇر.
- ئەقلىنىڭ كەملىكى ئىنسان ئۈچۈن ئىزتىراپتۇر، لەنەتلەشكە لايىقتۇر، ئەقىلسىزلىقتىن يىراقلاش.
- ئەي ئىنسان! سەن قانداق بولساڭ شۇنداق كۆرۈن ۋە ياكى قانداق كۆرۈنگەن بولساڭ شۇنداق بول!
- سۇئالمۇ بىلىمدىن مەيدانغا كېلىدۇ ھەم جاۋاپمۇ. تىكەنمۇ تۇپراقتىن ئۆسىدۇ گۈلمۇ ھەم.
- ھىلال ئاي ھەقىقەتەن نۇقسانلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. كۆرۈنۈشتىكى بۇ نۇقسانلىق كامالەتكە يېتىپ تولۇن ئايغا ئايلىنىش ئۈچۈندۇر.
- كۆكلەرگە نەزەر سال. كۆكلەردىكى ئاۋازلارنى ئاڭلا.
- قۇلىقىڭدىكى كىرلەرنى چىقار، پەلەكتىن كەلگەن نەغمىلەر ئاڭلانسۇن.
- كۆزۈڭدىكى گۇمان ۋە ئەيىپ قىللىرىنى چىقار، كۆزۈڭگە غەيىپ سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ باغچىسى كۆرۈنسۇن.
- بۇرنۇڭدىكى زۇكامنىڭ تەسىرىنى يوقۇتۇش كېرەك. ھەقنىڭ پۇرىقىنى بۇرنۇڭ پۇرىسۇن.
- بەزگەكتىن، سەپرالىقتىن تەل-تۆكۈس قۇتۇلغۇنكى، بۇ ئالەم ساڭا شېكەردەك تەملىك تۇيۇلسۇن.
- جان پۇتۇڭ، تەن قىياسى تەرەپكە ئاياق باسمىسۇن. ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان يېرىڭ مەجلىسىنىڭ ئەتراپىدا بولسۇن.
- بويۇن ۋە قول-پۇتۇڭنى باغلىغان خەسسىلىك زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلا. ئىززەت-ھۆرمىتىڭ ئاشسۇن.

- كۆڭلۈڭدە ئاچكۆزلۈكنى پەيدا قىلغان ھەر ئاۋازنى، ئىنسانلارنى يەپ پارچىلىغان ۋەھشىي بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرى دەپ بىل.
- سەۋەپ بولسا مەيدانغا كەلگەن ئەسەردىن ئۈستۈن. چاقماق ئۇچقۇندىن ئۈستۈن.
- ھۈنەرۋەن ئۇستا، كۆرۈنۈشتە نائەھلى بىرسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن.
- كۆچەت تىكىشتىكى مەقسەت مېۋە ئېلىشتۇر. ئۇنداقتا مېۋە ئالدىدا كۆچەت ئارقىدا تۇرىدۇ. ۋاقىت جەھەتتىن كۆچەت مېۋىنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەمما مېۋىنىڭ قىممىتى كۆچەتتىن يۇقىرى.
- بۇ دۇنيادا نېمە بولسا ھەممىسى يۇقىرىدىن كېلىدۇ. كۆزۈڭنىڭ نۇرىنىڭ پەيزى كۆكتىن كېلىدۇ.
- كۆزۈڭنى قانچىلىك قاماشتۇرسا قاماشتۇرسۇن. كۆككە قارىماقچى بولغان كىشىگە يەنىلا بىر ئايدىڭلىق كېلىدۇ.
- كۆزۈڭ نۇرنىڭ پارلىغان يېرى بولسۇن.
- ئاقىۋەتنى كۆرمەك نۇرنىڭ مەقسىدى. شەھۋەتلىك ھەۋەس سېنى كور قىلمىسۇن.
- نادان كىشىلەر تەكەببۇر بولىدۇ. تەكەببۇرلۇقىدىن ئۇستازلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.
- بېشىڭنى ساقلىماقچى بولساڭ ئاياق بول. پادىشاھ بولساڭمۇ ھەقنىڭ بۇيرۇقىدىن ئايرىلما.
- يا رەببىم! قەلبىمىزنى يۇمشات. پەريادلىرىمىزنى ياخشىلىق ۋە شەپقەتكە لايىق قىل.
- ئوغرى كۈندۈزدىن ۋاز كېچىپ، كەچ قاراڭغۇلۇقنى تاللايدۇ.
- مەن كېچە ئەمەسمەن. ھەر ۋاقىت كۈندۈزمەن.

- مـەن جاھانـــدا ھەقنىـــڭ تارازىســـغا ئوخشـــايمەن. كەمچىلىكنـــى ئارتۇقچىلىقتىـــن ئايرىيمـــەن.
- يالغانچىنىـــڭ قەســـىمىگە ئىشـــەنمە. يالغانچـــى قەســـىمنى ھـــەر ۋاقىـــت بۇزىـــدۇ.
- ســـەن ئەيســـانى تالالىمـــاي، ئىشـــەكنى تالالىدىـــڭ. ســـەنمۇ ئىشـــەكتەك تـــالادا قالدىـــڭ.
- ئىلىـــم ۋە مەرىپـــەت ئەيســـانىڭ بەختىـــدۇر. ئـــەي ئىشـــەك ســـۈپەتلىك ئىنســـان ئىشـــەكنىڭ بەختـــى قارىـــدۇر.
- شـــۇنچە يىلـــلار ئىشـــەككە قـــۇل بولـــدۇڭ، ئەمـــدى يېتـــەر. ئىشـــەككە قـــۇل بولغـــان ئىشـــەكتىن بەتـــەر.
- قۇش ئۆزىگە ئوخشاش نەسىلدىكىلەر بىلەن بىللە ئۇچىدۇ.
- نـــادان ئىپىقنىـــڭ نەســـلىدىن بولمىســـاڭ ئەگـــەر، ئۇنىـــڭ بىلـــەن ســـەپەرگە چىقما .
- ئەقىللىقلارنىـــڭ دۈشـــمەنلىكمۇ ئىنســـانغا ھاياتلىـــق بېرىـــدۇ. ئۇلارنىـــڭ زەھىرىمـــۇ جانغـــا شـــىپا.
- ئەخمەقنىـــڭ دوســـتلۇقى ئىنســـانغا زىيـــان بېرىـــدۇ. ئىنســـاننى ھالاكەتكـــە باشـــلايدۇ.
- نەپسىڭنى پەسلىتىپ، ئەقلىڭنى ئۆرلەت.
- بـــۇ شـــۇم نەپســـىڭنى ئەقلىنىـــڭ تارازىســـىدا تـــارت. بولمىســـا ئىشـــەكتەك دائىـــم يـــەم قايغۇســـىدا بولىســـەن.
- ئەقىـــل ئۇســـتۇن بولســـا نەپـــس ئاجىزلايـــدۇ. ئېغىـــر يـــۈك ئىشـــەكنى ھالســـىز قىلىـــدۇ. ئـــەي ئىشـــەك ســـۈپەتلىك ئىنســـان! ئەقلىڭنىـــڭ كەملىكىدىـــن بـــۇ قوتـــۇر ئىشـــەك ئەجدىرھـــا بولـــدى.
- سەن نۇر باغچىسىدىكى قۇياشتەك بول.

- ئارچا دەرىخىنى ئوت بىلەن سىنىماقچى بولسا، جاھان ئەندىشە ئىچىدە قالىدۇ.
- كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن ئەقىللىق كىشىنىڭ سالغان جاپاسى، نادانىنىڭ ۋاپاسىدىن مىڭ ياخشىدۇر.
- كۆپۈرنىڭ پۈرىقىدىن بۇ جاھان سېسىپ كەتتى.
- ئەقىلسىزنىڭ دوستلۇقى دۈشمەنلىكتۇر.
- ھەق توغرىسىدا قالايمىقان سۆز قىلىش، ئىنساننىڭ قەلبىنى ئۆلتۈرىدۇ.
- «تۇغمايدۇ، تۇغۇلمايدۇ» دېگەن سۈپەت ھەققە خاستۇر.
- تۇغۇش جىسىمنىڭ ماھىيىتىدۇر. تۇغۇلغان ھەر نەرسىمۇ جىسىمدۇر.
- سۆزدە خاتالاشسا بۇ ئۈنچىلىك قورقۇنۇشلۇق ئەمەس، مۇھىمى قەلبتۇر.
- شېھىتلار قان ئىچىدە بولسىمۇ، ئۇلار پاكتۇر. غۇسۇل بىھاجەت.
- سۇ شېھىت قانلىرىدىن ئۈستۈن ئەمەس.
- كەبىنىڭ ئىچىدە قىبلىنىڭ ئىشارىتى بولمايدۇ.
- ئاشىقلارنىڭ دىنى ۋە مەزھىپى رەب.
- ئەدەپ ئىگىلىرى باشقىچە بولۇپ، جېنى ئاشىق ئوتىدا يانغانىنىڭ قەلبى پاك كېلىدۇ.
- ئاشىقنىڭ باسقان ئىزلىرى باشقا ئىزلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاشىق بىر روھتەك يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەم ئالىدۇ. بۇ قەدەملەر خۇددى پىلنىڭ چامدىمىغا ئوخشايدۇ. بۇ قەدەملەر بەزىدە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلسە، بەزىدە بېلىقتەك سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇيدۇ.
- ھەقنىڭ مۇلايىملىقىدىن يەر يۈزىدە نۇرغۇن ئەسەر باردۇر.

ئەسكىلىكلەرنى گۈلىستان قىلىدۇ. ياخشىلىقى ئەسكىلىكلەرنى يېپىپ، ئۇلاردىن گۈللەر، باشاقلارنى ئۆستۈرىدۇ.

- ئېگىزلەشنى ئارزۇ قىلغان ھەربىر دەرەخقە نىسبەتەن، ئېگىزلەش ئۇنىڭ خۇيى. ئۆسۈشكە مەيلى بولغان گىياھتىمۇ ئۆسۈش كۈچى مەۋجۇت. ئەمما ئۇچى يەرگە ئېگىلگەندە قۇرۇشقا ۋە كىچىكلەشكە باشلايدۇ.
- روھنىڭ ئۇلۇغ ئالەمگە يۈزلەنسە، يەردە مولچىلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.
- پارقىراق ئاينى قاراڭغۇ كېچىدىن ئىزدە، سۆيگۈنى دەرتلىك كۆڭۈلدىن.
- كىم چەكسىز بىر بايلىققا ئىگە بولسا، بىلكى ئۇ بۇ ھالغا كېلىش ئۈچۈن كۆپ سەۋر قىلغاندۇر.
- يوقسۇلغا مەرتلىك قىلغانىنىڭ گۈزەللىكى ئاشىدۇ.
- زىندانغا تاشلانغانىنىڭ تارتقان جاپالىرى، ئۇنىڭ ھەۋىسىنىڭ بەدىلىدۇر.
- جەننەت ياخشى كۆرۈلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن يېپىلغان ۋە دوزاق شەھۋەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان.
- مۇشەققەت تارتمىغان راھەت كۆرمەس. ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان نىمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
- يېڭى بىر ئۆي سالماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئۇلىنى، پاكىز سۇ چىقىرىش ئۈچۈن قۇدۇقنى قاز.
- رەببىم قانغا تولغان كۆڭۈللەرنى كۆز ياشلار بىلەن يۇيۇپ، ئۇ يەرگە سىرلارنى يازىدۇ.
- قىيامەتتە ئۆلۈكنىڭ سىرى ئاشكارلىنىدۇ. مېۋىلەر ياپراقلىرىنىڭ سىرىنى دەيدۇ.

❁ ياخشى سۆز تاش كۆڭۈللەرنىمۇ شامدەك ئېرىتىۋېتىدۇ.

❁ ئاۋازىڭنىڭ سەتلىكىدىن غەم قىلما، مۇھىم بولغىنى كۆڭلۈڭنىڭ ساداسى.

❁ ئەگەر سەندە كۆرگۈدەك كۆز بولسا، ھەر يەردە ساڭا قۇرغان تۇزاقنى كۆر.

❁ ئەگەر كۆزۈڭ ياخشى كۆرسە ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىكى مۇسانى كۆر.

❁ ئوغرى قارىغۇنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىسا، قارىغۇنىڭ ئوغرىنى تاپالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئوغرى ھەر كۈنى يېنىدىن ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

❁ مەقسەت بىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش بولماي، بەلكى مەقسەت باشقا بولسا، ئۆگەنگەن ئىلىم رەزىل دۇنيانىڭ بىلىملىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

❁ بەزىلەر ئۆزىنى ئاۋام خەلققە قالتىس كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىدۇ. جاھىلىيەتتىن قۇتۇلماق ئەقلىگىمۇ كەلمەيدۇ.

❁ بەزىلەر چاشقاندەك ھەر تەرەپنى كېزىپ، ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتسىمۇ، نۇرلارنىڭ پارقىراقلىقىنى بايقىيالمايدۇ. ھەقىقىي نۇرغا ئېرىشەلمىگەچكە ئۆمرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەگەر تەڭرى ئۇنىڭغا ئەقىل قانىتى ئېھسان قىلغان بولسا، چاشقاندەك ئەمەس، بەلكى قۇش بولۇپ كۆكلەردە ئۇچاتتى.

❁ تۇپا يېمە، تۇپا ئالما. ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچ. تۇپا يېگەننىڭ يۈزى تاتىراڭغۇ كېلىدۇ. كۆڭۈل يېگەن ھەر ۋاقىت ياش تۇرىدۇ، رەڭگى-روھى نۇرلۇق بولىدۇ.

❁ تىل دېگەن بىر پارچە گۆش، ھەر ۋاقىت ھېكمەت سۈيى ئاققان دەريادا چۆمۈلۈپ تۇرىشى كېرەك.

❁ بەدەننىڭ بارلىق ئەزالىرى ئاغرىسا، بەدەن پۈتۈنلەي ئاجىزلايدۇ

ھەم ئادەمدە سەۋرمۇ قالمايدۇ.

- ئەي ئەخمەقلەر! ئۇ بىر شەكىلدۇر. ئەسلى مەسچىت بولسا ئىلىم ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈل ئۆيىدۇر. بۇ ھەقىقەتتۇر.
- رۇستەملەرنىڭ قوراللىرى بىلەن قوراللانساڭمۇ، سەن ئۇنىڭ ئەھلى بولمىساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈك دەپ بىل.
- پەرىشتىلەردەك «يا رەببىم! بىز سەن ئۆگەتكەندىن باشقىنى بىلمەيمىز» دېگىن.
- پىكىر دېگەن ئىنساننى بىر يولغا باشلايدۇ. ئۇ يول شۇنداق يولكى، ئۇ يولدا يولچى پادىشاھ بولىدۇ.
- پادىشاھ دېگەن خەزىنە ۋە ئەسكەرگە ئەمەس، پەقەت كۆڭۈل مەملىكىتىگە شاھ بولغاندۇر.
- ئەي ھېچبىر نەرسىسى بولمىغانلار! كۆڭۈل ئىگىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا گۇماندا بولماسلىق كېرەك.
- كامىل كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلساڭ ۋۇجۇدۇڭ شەھۋەت ئوتىغا ئوتۇن بولىدۇ.
- ھەقنىڭ نۇرى بىلەن يورۇمىغانلار ئۆزىنى قارىغۇلارغا گۇزەل دەپ كۆرسىتىدۇ.
- كۆزنىڭ نۇرى مۇھەببەتنى ئۇلغايتىدۇ. مۇھەببەت كۆز كۆرگەن نەرسىنى تېخىمۇ پەيزى قىلىدۇ.
- توغرۇلۇق ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ. ۋىسال ئىشتىياقى ھېسلارغا مايىل بولىدۇ.
- بىر تۇيغۇنىڭ تۇگۇنى يېشىلسە بارلىق تۇيغۇلار ئۆزگىرىدۇ، خۇشال بولىدۇ.
- بىر تۇيغۇدا ھېس قىلالماسلىق كۆرۈلسە، بارلىق ھېسلار غايىپ بولىدۇ.

- بىر قوي دەرياغا ئۆزىنى ئاتسا، ئارقىدىن بارلىق قويلار ئۆزىنى دەرياغا ئاتىدۇ.
- سەن ھېس قىلىشلىرىڭنى تونۇپ يەت. ئۇلارنى تەڭرى ئاتا قىلغان ياپپېشىل ئوتلاقلاردا ئوتلات. ئۇ يايلاقلاردىكى ھەر بىر ئوت باشاق ۋە رەيھاندۇر. ھەقىقەتنىڭ يولى ئۇ يەردىدۇر.
- تۇيغۇلار تۇيغۇغا تىلسىز ھالدا ھەقىقەتەن ئىشارەتلەردىن يىراق سىرلارنى ئاڭلىتىدۇ.
- تۇيغۇلار تۇيغۇغا خىزمەت قىلسا، كۆكلەرمۇ يولۇڭغا قارايدۇ.
- بەدەن ئېقىن، روھ يوشۇرۇن بولىدۇ. بەدەن چاپاننىڭ يېڭىدۇر، روھ يەڭنىڭ ئىچىدىكى قولدۇر.
- ھەرىكەت قىلغانلىقىڭغا قاراپ مەن ھايات دەيسەن. بىراق ئەقلىڭگە دائىر ئېنىق بىر ھۆكۈم بېرەلمەيسەن. ئىش - ھەرىكەتلىرىڭنى ئوبدان ئويلىمىغىچە مىسىمۇ ياكى ئالتۇنمۇ بىلەلمەيسەن.
- كىمنىڭ گۈزەل سۆز ۋە ياخشى ئىش - ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭدا ساپ بىر ئەقلىنىڭ بارلىقىنى بايقايسەن.
- بىر ئادەم يىراقنى كۆرەلمىسە، شاختىن - شاخقا قونىدىغان بىر تەنتەك بولسا، ئۇ توپىغا مىلىنىپ ياشايدىغان چاشقانغا ئوخشايدۇ. چاشقاننىڭ ياشايدىغان يېرى يەردۇر. چاشقان پەقەتلا يەرنىڭ ئاستىدىكى يولنى ئوبدان بىلىدۇ. چاشقاننىڭ يەيدىغىنىمۇ شۇ ئەسكى - تۈسكى غاجىلايدىغان نەرسىلەردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ يەيدىغىنى ئەقلىگە چۈشلۇقتۇر.
- ھەق ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا چۈشلۇق بەرگەن.
- بارلىقنىڭ باشلىنىشى ئېھتىياجدۇر. ئېھتىياجنىڭ مىقدارى ھەركىم ئۈچۈن بىر ۋاستىدۇر.
- دېڭىزنى مەينەت دېگەن دېڭىز يېنىدىكى كۆلچەك، بىر دولقۇن بىلەن يوق بولىدۇ.

جان ئۇنىڭدىن كەلدى، ئۇ جاندىن ئەمەس.

قۇياشقا قانداق رەڭلىك ئەينەك بىلەن قارىساڭ شۇنداق رەڭدە كۆرۈنىدۇ. ئەينىكىڭنى چېقىۋېتىپ نۇرنىڭ ئەسلىنى كۆرگىن.

نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇل. پاتقاققا پېتىپ قالغان ئېشەكمۇ ئۆزى يالغۇز بۇ يەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئىلىمدىن باشقا جانغا يول كۆرسەتكۈچى يوق. جاننىڭ ئايدىڭلىقى ئىلىم بىلەن كۈچىيىدۇ.

بىزدىكى روھ ھايۋان روھىدىن كۆپ ئۈستۈن. چۈنكى بىز ئىلىم بىلەن تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئاچىمىز.

ياخشى كىشىلەرنى قارىلىما، خاتالىقلىرى بار بولغان تەقدىردىمۇ. ئەي تۇپراقتا قالغان قۇش! قىزىل دېڭىز پاسكىنىچىلىقتىن قورقامدۇ؟

ياخشىلار كىچىك بىر كۆلچەك ئەمەس، شۇڭا بىر تامچە پاسكىنىچىلىق بىلەن ھەرگىز بۇلغانمايدۇ. ئىبراھىمغا ئوت زىيان سالالمايدۇ. پەقەت نەمرۇتقا مەنسۇپ بولغانلار ئوتتىن قورقسۇن.

ئەبابىل قۇشلىرىغا ياردەم قىلغان تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدۇر. بولمىسا قۇش قانداقمۇ پىللارنى يېڭەلىسۇن.

يول باشلىغۇچى، يولۇچىنىڭ چۆلدە ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن لازىم. مەنزىلگە يەتكەنلەرگە يول ۋە يولباشلىغۇچى كېرەك ئەمەس. بۇلارنىڭ كۆز ۋە يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

دادا پەزىلەت ۋە ئىلىم ئىگىسى بولسىمۇ، بوۋاق بالىسىغا كىچىك بالىلاردەك قىلىقلارنى قىلىدۇ.

ئوت ھەر ۋاقىت سۇدىن قورقۇپ ياشايدۇ. ئوت سۇنى مەڭگۈ يېڭەلمەيدۇ.

ياخشىلارغا ھەسەت قىلما، بولمىسا شەيتان يولدىشىڭ بولىدۇ.

- تەڭرىنىڭ ئىھسانى بىلەن ئوت ئىبراھىمغا نۇر بولۇر.
- ئۇستا بولماي تۇرۇپ دۇككان ئايرىما. كېمىچىگە قىرغاقتىن قارا.
- ئەگەر ئەسكى خۇي ۋاز كېچىلمەس ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا، نەسىھەت قىلغانغا ئاچچىقلايسەن.
- شەيتان كىبىر ۋە شۆھرەتنى ئۆزىگە خۇي قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆردى.
- چوڭچىلىق روھقا زەھەردۇر.
- ئەگەر سەن يوقلۇقنىڭ پانزەھەرىدىن نېسىپلەنگەن بولساڭ، يىلان بىلەن تولغان تاغدا بولساڭمۇ قورقما. چۈنكى سەن زەھەرلەنمەيسەن، ئىچىڭدە پانزەھەر بار.
- چوڭچىلىق كاللاڭ بىلەن يولداش. ئۇنىڭ بىلەن ھەم پىكىرداش بولساڭ، ئۇ سېنىڭ بېشىڭغا چىقىدۇ.
- ئەسكى خۇينى ئۆزىگە يۇقتۇرمىغان ئادەم، زىتىغا بىر ئىش بولسىمۇ تىرىكمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.
- ئۆلگەندىن كېيىن مازىرىمنى يەردىن ئىزدىمەڭلار، بىزنىڭ مازىرىمىز ئارىفلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە.
- ئۆلسەم، ئۆلدى دېمەڭلار. چۈنكى ئۆلۈك ئىدىم تىرىلدىم، دوست ئېلىپ كەتتى مېنى.
- پېتىشنى كۆرگەندىن كېيىن، چىقىشنىمۇ سەيلى قىل. قۇياش ۋە ئاينىڭ پېتىشىدىن ھېچ زىيان كەلمەيدۇ. ساڭا پاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇلار يەنە چىقىدۇ.
- تاشقى بىر سەۋەپ بىلەن ئەخلاقسىز ئىشلاردىن بىرى كۆپەيسە، ئىنسان ۋۇجۇدىدا كېسەل پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.
- دوستۇڭدىن ئۇستۇنلۇك تالاشساڭ دوستلۇق بۇزۇلىدۇ.

- سەن ئۆزۈڭنى ماڭا ئوخشاتما. ساڭا كىچە ۋاقتى ماڭا كۈندۇز. ساڭا زىندان، ماڭا باغچىدۇر.
- مەن يۈكسەكلەرگە ئۇچقان بىر قۇش. ئەندىشە چۈشەنگە خاستۇر. چۈشەن مەندەك ئۇچالامتى؟
- پۈتلىرى سۇنۇق بولغان ماڭا كەلسۇن دەپ، مەن تۆۋەندە تۇرىمەن.
- ۋۇجۇدۇم سۈنئىي ياسالغان قاناتتىن ئۇزاق.
- يېگەن ئەنجۈرلىرىڭ باشقىلارنى قىزغاندۇرسا، بولۇشىغا يە، زىيان قىلمايدۇ.
- بىر ئىلىم ئادىمىنىڭ قۇسقان لېگىنى ئۇنچىلەر بىلەن تولىدۇ.
- ئەگەر ئاشىقازىنىڭ يېگەن پاك نەرسىلەرنى مەينەت ھالغا كەلتۈرسە، ئۇ ھالدا سەن گېلىڭنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى تاشلىۋەت. يېگەن نەرسەڭ تەنىڭنىڭ نۇرى ھالىغا كەلسە، خالىغىنىڭنى يە، ھالال بولسۇن!
- ئاۋازنىڭ يېقىملىقى، شۈبھىسىز بىر مەشۇق ئاۋازى ئىكەنلىكىدىن بىشارەتتۇر.
- ئاللاھ ئىلھامىدىن مەھرۇم قالغانلار، نادانلىقىدىن يات ئاۋاز بىلەن مەشۇقىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.
- بىلىمسىزلەرنىڭ سۆزلىرى پەقەت ئىنكارچىلىقلا يارايدۇ.
- ھېكمەت بولسا مۆمىنىنىڭ يوقىتىپ قويغان مېلىدۇر. ئۇنى كىمدىن ئاڭلىسا ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلسۇن. ئۆزىنى ھېكمەت يېنىدا كۆرگەن ئېسىل ئىنسان قانداقمۇ ئۇ ئۆزىدىن گۇمان قىلسۇن؟
- ئەي قېرىنداشلار! ھېكايە بىر ئۆلچىگۈچتۇر. ئۇنىڭدىكى مەنا بولسا بىر داندۇر. ئەقىللىق كىشىلەر مەنىلىك دانلارنى ئالىدۇ. ھەرگىز ئۆلچىگۈچكە بېرىلىپ كەتمەيدۇ.

- كۆك قەھرىدە ئۇچ، چۈنندەك پەس ئۇچما!
- كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولغانلارنىڭ قوللىرىمۇ ئوچۇق بولىدۇ.
- ئەي ئوغۇل! ئۈزۈم شىرنىسى توڭلاپ قالغان ھالەتتىمۇ ئۇنى يېگەننىڭ جىگىرى قىزىيدۇ.
- بىلىملىكنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئەخمەقنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنىڭ بۆلۈنىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.
- تىل بىلگەن ئادەم جەرەن بىلەن قاپلاننىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ.
- ھەر دەۋردە تىنچلىقنى سۆيىدىغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان بىر سۇلايمان چىقىدۇ.
- ياخشى ئىنسانلارنىڭ نەپسى بىردۇر.
- ئۈزۈم ھەر خىل بولسىمۇ، مەجلىسا ھەممىسى ئوخشاش قىيام بولىدۇ.
- ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ياشلار كۆڭۈل ئەھلىلىرى بىلەن ھەمنەپەس.
- بىلىمسىز ۋە ئەسكى ئىنسانلارنىڭ كۆپلىكىدىن بىلىملىك ئەزىز كىشىلەر زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ.
- ھەر تەرەپتە يېيىلىپ، توزۇپ تۇرغان توپا، كوزىچى ئۇستىنىڭ قولى بىلەن كوزا ھالىتىگە كېلىدۇ.
- ئادەم ۋۇجۇت جەھەتتىن ھايۋان، روھ جەھەتتىن پەرىشتىدۇر. سېنىڭ تۇرار جايىڭ يەر يۈزى ھەمدە ئەرش. تۇپراققا ئائىت بولغان ۋۇجۇت يەردە قالىدۇ. روھلار ئەرشنىڭ زىننىتى.
- ئەرشنىڭ گۈلدۈرلىشىدىن نادانلارنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. ئۇلار بىلمەيدىكى ئۇ بۇلۇتلاردىن شىپالىق يامغۇر ياغىدۇ.
- ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان سۇغا تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ

يامغۇردىـــن ھوزۇرلىنىشـــنى ئەســـلا بىلمەيـــدۇ.

۞ ھەرۋاقــت ســەۋەبلەر ئۈچۈن ئــاۋارە بولىدىغانــلار، ئەلۋەتتە ســەۋەپلەرنى ئوتتۇرىغــا چىقارغاننــى كۆرەلمەيــدۇ. ئوتتۇرىغــا چىقارغۇچىنــى كۆرەلىگەن كىشــى دۇنيــا ســەۋەپلىرىگە كۆڭــۈل بۆلمەيدۇ.

۞ ئىنساندىن روھ ۋە كۆز قاراش ئۈزاقلاشقاندا تۇپراققا يەم بولىدۇ.

۞ ياپراقلار ۋە چېچەكلەرنىڭ ئوزۇقى ھەقنىڭ نىمەتلىرىدىن.

۞ ئەسكى خۇي ئەسكىلەرنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

۞ قۇيــاش، ئــاي ۋە يۇلتۇزلارنــىڭ پارقىرايدىغــان ئېگىــز ۋە يــورۇق ساماســى بــار.

۞ تاماخورلــۇق قۇلاقنــىڭ ئاڭلىماســلىقىغا ســەۋەپ بولســا، يامــان نيــەت كۆزنــىڭ كۆرۈشــكە پــەردە بولــدۇ.

۞ ياخشــى ئىنســانلارنىڭ ئارقىســدىن گــەپ تېپىــپ، غەيــۋەت قىلمــا. ئۇلارنــى كۆزىتىــپ، قوغــداپ تۇرىدىغــان ھەقنىــڭ ئىلتىپاتــى بــار.

۞ تاغدىــن ئالغــان تاشــنىمۇ جايىغــا قويمىســاڭ، تاغمــۇ بىــر كــۈن يــوق بو لىد ۇ .

۞ يىپــەك كىيگەنلەرگــە قــاراپ بــاق! يىپەكنىــڭ ئەقىــل ۋە پىكىرگــە بىــر پايدىســى بارمــۇ؟

۞ تاشــقى كۆرۈنۈشــنى چىرايلىــق ياســىغانلارنىڭ، ئىچــى چۈشــەنچىلەردىن پەريــاد قىلماقتــا.

۞ تاشقى كۆرۈنىشى ئەسكى بولغانلارنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى بالدەك.

۞ ئــەي خەلقنىــڭ قىنىنــى ئىچكەنلــەر! يېتــەر ئەمــدى، قولۇڭنــى تــارت. بولمىســا مەزلــۇم خەلقنىــڭ قانلىــرى ســەنلەردىن ئىنتىقــام ئالىــدۇ.

۞ خەلقنىڭ مېلى قېنىدۇر. قان كۆڭۈلگە ئەڭ يېقىندۇر.

۞ كۆڭلــى ئوچــۇق بىرىســگە قــۇل بولمــاق، پادىشــاھلارنىڭ بېشــىغا تــاج

بولغاندىـــن مىڭ ياخشـــى.

- بـــەزى ســـۆھبەتلەر شەمشـــەردەك ئۆتكـــۈر. بـــەزى ســـۆھبەتلەر باغـــۇ ـ بوســـتاننى قىشـــتەك ھـــالاك قىلىـــدۇ. بـــەزى ســـۆھبەتلەر بولســـا ئىنســـانغا ھـــوزۇر بېرىدىغـــان باھارغـــا ئوخشـــايدۇ.
- يېزىـــلار تۇپتـــۇز كەتكـــەن بىـــر يەرغـــۇ دەپ ئويـــلاپ غەپلەتتـــە بولمـــا. چۈنكـــى ھـــەر قەدەمـــدە بىـــر تـــوزاق بـــار. ئەگـــەر تـــوزاق، قىلتـــاق بولمىســـا يايلاقتـــا قۇيـــرۇق يېغـــى نېمـــە قىلىـــدۇ؟
- مازارلىـــق بىـــر ئىبـــرەت جايىـــدۇر. ئـــۇ يەردىكـــى ئۇســـتىخانلاردىن ئۆلۈكلەرنىـــڭ قىلمىشـــلىرىنى ســـورا.
- كۆزلۈك بولسا قارىغۇدەك يۈرمە. كۆر بولساڭ تاياققا تايان.
- ئېھتىيـــات قىلىشـــنى ۋە تەدبىـــر ئىشلىشـــنى بىلمىســـەڭ، ســـاڭا بىـــر رەھبـــەر كېرەك .
- ھـــەر قەدەمنـــى دىققـــەت بىلـــەن بـــاس. يولـــدا قـــۇدۇق بىلـــەن ئۆتتـــۈن ئېھتىيـــات قىـــل.
- تاغـــدا قـــۇلاق ۋە ئەقىـــل بولمىســـىمۇ ئۇنىڭدىـــن بىـــر ئـــاۋاز كېلىـــدۇ. ئەممـــا ســـېنىڭ ئاۋازىـــڭ توختىســـا ئۇنىـــڭ ئاۋازى تۈگەيـــدۇ.
- ئەتىقا بىر پارچە نان بەرسەڭ بوسۇغاڭدا كۆزەتچى بولىدۇ.
- سېنى ھەقتىن ئايرىغان نەرسە، زىيانىڭ ئۈستىگە زىيان سالىدۇ.
- ھـــەق ئىھســـان قىلغـــان نەرســـىلەردىن خـــوش بـــول. باشـــقا نەســـىلەر ســـاڭا ئاۋارىچىلىـــق تۇغدۇرىـــدۇ.
- غـــەم تېپىلمـــاس بىـــر بايلىـــق، مۇشـــەققەت بولســـا ئۇنىـــڭ مەنبەســـى. لېكىـــن بـــۇ ســـۆزنى كـــۆپ كىشـــىلەر چۈشـــەنمەيدۇ.
- مـــاڭ، بېرىـــپ كۆڭـــۈل سەھراســـىدا ئايـــلان. بـــۇ پاتقاقچىلىقتـــا بىـــر ئـــىش يـــوق ســـاڭا.

- ئەي دوستلار! كۆڭۈل ساداقەتنىڭ ماكانى. ئۇ يەردە سانسىزلىغان بۇلاقلار، گۈلىستانلىقلار بار.
- كۆڭۈلگە مايىل بول! كۆڭۈل يۇرتىنى كەز. ئورمانلار، ئاقار دەريالار ئۇ يەردە.
- ھەر ئادەم باشتا بىر سۈرەتتۇر. ئاندىن جان ئۇنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى بولىدۇ.
- ھەر مېۋىنىڭ ئاۋال شەكلى پەيدا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەم كىرىدۇ. بۇ تەم مەنادۇر.
- باشتا چېدىر تىكىپ ئاندىن مېھمان چاقىر. مەناسى مېھمان بولسا شەكلى چېدىر. مەناسى دېڭىز بولسا شەكلى قېيىق.
- مۇھتاجلىق ياخشىنى ياخشى، ئەسكىنى ئەسكىدىن بەتەر قىلىدۇ.
- ئاچلىق ئارسلانغا ئۆلۈك گۆش يېگۈزىدۇ.
- كىم «مەن سۇلتان دەرۋازىسىنىڭ قاراۋۇلى» دېسە ئۇنىڭغا مىڭلارچە ئىمتىھان بار.
- دۇنيادا ئەگەر ئىمتىھان قورقۇنچىسى بولمىسا ھەر نامەرت ئۆزىنى رۇستەم چاغلايدۇ.
- ئېشەكتەك بىرىسىگە ئىشەنسەڭ، ئۇ ئېشەك سېنى كۆر ۋە ساددا ئېشەك دەپ بىلىدۇ.
- مەشۇقۇڭ شەيتان بولسا، ئاللاھقا «ئاشىق مەن» دېيىش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.
- ئەقلىڭ بۇ يەردە بولسا ئۇ تەرەپتىن سۆز قىلما.
- ئەجىلىڭ كەلگەندە يالغاندىن جان تالاشما.
- مادامىكى سەن تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىڭنى بىلدىڭ، ئۇنداقتا تۇپراقتەك ئىنائەتچان بول.

- سۇ ئېگىزدىن پەسكە ئاقىدۇ. كېيىن تۆۋەندىن پار بولۇپ يۇقىرىغا يۈكسىلىدۇ.

- يەر يۈزى كۆكتىن قاچالمايدۇ، ئۆزىنى يوشۇرالمايدۇ. كۆكتىن يەرگە نېمە چۈشسە شەرتسىز قوبۇل قىلىدۇ. قوبۇل قىلماسلىققا ھېچ بىر ئامالى يوق.

- قۇياشتىن يەرگە ئوت ياغسا، يەر يەنە يۈزىنى كۆككە تۇتىدۇ. ئادەملەر يەرنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرگىز كۆكتىن يۈز ئۆرىمىسۇن.

- بۇغداي باشتا يەرنىڭ ئاستىغا كىرسە، كېيىن باشاق بولۇپ يۇقىرىغا ئۆسىدۇ.

- ھەر مېۋىنىڭ ئۇرۇقى ئاۋال تۇپراقنى ماكان تۇتىدۇ. ئاندىن كۆكلەرگە قاراپ بوي تارتىدۇ.

- ھەر نېمەتنىڭ ئەسلى كۆكتىن كېلىدۇ. تۇپراققا چۈشۈپ جان ئۈچۈن ئوزۇق بولىدۇ.

- بېلىقلار سۇدىن ئايرىلسا ئۈچار قۇشقا يەم بولىدۇ.

- شەكىلگە قارىمىغانىنىڭ ياشىغان يېرى گۈلىستان ۋە جەننەت بولىدۇ.

- باشتا ئۆزۈڭنىڭ شەكلىنى پاچاقلاپ تاشلىساڭ، ھەر نەرسىنىڭ سۈرىتىدىن ۋاز كېچىسەن.

- سۈرەتتىن قۇتۇلساڭ ھەزرىتى ئەلىدەك ھەيبەر قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىنى قومۇرۇپ تاشلىيالايسەن.

- دانىغا ئالدانغان قۇشتەك قىلتاققا چۈشمە.

- مال ۋە مەنسەپنى كۆرۈپ سەجدە قىلما. ئۇلار بوينۇڭغا سېھىرلىك مۇنچاق بولۇپ ئېسىلمىسۇن.

- مال ـ مۈلۈك ـــــ يىلاننىڭ زەھرىدۇر.

- ھېچ بىر ۋاقىت چاكال توزدەك بولالمايدۇ.
- مۇسا بىلەن ھارۇن خۇددى توزنىڭ قاناتلىرىدەك ئىدى. شۇڭا ئۇ قاناتلارنى كۆرگەن پىرئەۋن ۋەيران بولدى.
- قانىتىڭ بولمىسا ئۇچمەن دېمە. بولمىسا ئېگىزدىن موللاقلاپ يەرگە چۈشىسەن.
- ئەسكى بىرسى قانداق سۆزلىسە سۆزلىسۇن، ئۇنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.
- كومزەك ئالساڭ دەزلىرىگە قاراپ ئال. دەزلىرىنى كومزەكتىن چىققان ئاۋازدىن بىلىسەن. سۇنۇقنىڭ ئاۋازى باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى ئاۋاز ئۆز ھالىنى ئىزھار قىلىدۇ.
- يالغان سۆز خەلق ئىچىگە تاشلانغان ئوتقا ئوخشايدۇ.
- ياخشى بولغانلارغا ياخشىلىق يار بولۇر. ئەگەر يولدا ماڭماي دەردىڭنى توپتوغرا ئىزھار ئەيلە.
- ئەيىپىڭنى سۆزلىگىڭ بولمىسا سۈكۈت قىل. قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ھاياجانلانما.
- ھەر ۋاقىت دۇئادىن ئايرىلما. ھەق ھامان بىر كۈنى ساڭا ئىھسان ئەيلەيدۇ.
- ھېس كۆزى قولنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ، ئالقانغا پىلنىڭ پۈتىنى مۇمكىن ئەمەس.
- دېڭىزنى كۆرگەن كۆز باشقا، كۆپۈكنى كۆرگەن كۆز باشقا. كۆپۈكنى كۆرگەن كۆز بىلەن ئەمەس، دېڭىزنى كۆرگەن كۆز بىلەن قارا.
- كۆپۈكلەر كېچە-كۈندۈز ھەرىكەت قىلىدىغان دېڭىزدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئەپسۇس بەزى ئىنسانلار دېڭىزنى كۆرمەي كۆپۈكنى كۆرىدۇ.

- ئەسلىدە دېڭىزنىڭمۇ ئېقىنقان بىر دېڭىزى بار. روھنىمۇ چاقىرغان بىر روھ بار.
- خاتاسىز سۆز ئۇ پاك ھەق ئالەمدە. پەقەت ھەقتىن ئەبەدىي ھاياتقا ئىگە بولىسەن.
- سەندە پەردىسىز نۇرلارنى قوبۇل قىلىدىغان قابىلىيەت بولمىسا، ماڭ بىرىپ نۇرلار يوشۇرۇنغان ھېكمەتلەرنى ئاڭلا.
- مېۋە خام بولسا شاخقا چىڭ يېپىشىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. مەي بولۇپ پىشقاندا شاختا تۇرالماي يەرگە چۈشىدۇ.
- جاھان مۈلكىگە چىڭ يېپىشىۋېلىش خاملىقنىڭ ئالامىتىدۇر.
- ئۇلۇغلارغا جاھان مۈلكى سوغۇق كېلىدۇ.
- ئەي دوست! سەن يالغۇز ئەمەس. بەلكى بىر كۆك ياكى چوڭقۇر دېڭىز سەن.
- سەن سۆزلىمە روھىڭ سۆزلىسۇن.
- سۇ ئۆزۈشنى بىلسەڭمۇ يەنە نوھنىڭ كېمىسىگە چىق. نوھنىڭ ئوغلى كەنانىدىن ئىبرەت ئال!
- قۇرت يېگەن چىشنى يۇلۇپ ئات! چۈنكى ئۇ چىش ساڭا راھەت، ھوزۇر بەرمەس.
- بىر نەرسىنى ئىزدىگەن كىشى مەيلى ئاستا ئىزدىسۇن، مەيلى تېز، ھامان ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپىدۇ.
- ئىزدىسەڭ ھەر ۋاقىت ئىككى قولۇڭ بىلەن تەڭ ئىزدە.
- ئاغرىق قول ـ پۇتۇڭ بولمىسىمۇ ئىزدىگەن نەرسەڭ تەرەپكە توغرا يۈزلەن، ئۇنى تەلەپ قىل.
- ئىزدىگەن نەرسەڭنى ياقۇپ پەيغەمبەر يۈسۈپنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىزدىگەندەك ئىزدە.

- ئىزدىگىنىڭنى ئاغزىڭ بىلەن سوراپ سۈرۈشتۈر. قۇلىقىڭنى دىلىڭ تۇتۇپ تۇت ئەتراپىڭنىكىلەرنى ئاڭلا.
- قەيەردە بىر مىزلىك پۇراق بولسا پۇراپ، ئۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن شۇ تەرەپكە ماڭ.
- قەيەردە ئىلتىپاتچىنىڭ بىر ئىزنى كۆرسەڭ، ئۆزنى ئىزدە. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن.
- يوقسۇللۇق نىمىتى ئەسلىدە سائادەتنىڭ نىشانىدۇر.
- ئەي دوست! خەلقنىڭ غەزىپى ئەسلىدە تىنچلىق ئۈچۈندۇر.
- راھەتنىڭ يولى جاپا چەكمەكتۇر.
- شىكايەتمۇ ئاخىرى شۈكۈرگە يار بولىدۇ.
- يىلانچى يىلاننى ھوزۇر ئۈچۈن ئىزدەيدۇ.
- ئادەم غەمدىن قۇتۇلمەن دەپ، ئۆزىگە غەم تېپىۋالىدۇ.
- ئادەم ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. ئەتلەستەك تۇرۇپ ئۆزىنى ماتا دەيدۇ.
- ئەسلىدە ئادەمگە قانچىلىغان يىلان ۋە تاغلار ھەيران. يىلان يەنە ئەجدىرھاغا ھەيران.
- ئىنسان زاھىر تۇيغۇدىن قۇتۇلمىغىچە، غايىپ ئالەمنىڭ تەسۋىرلىرىنى كۆرەلمەيدۇ.
- ئەي ئادەم بالىسى، سېنىڭ ئۇ نەپسىڭ بىر ئەجدىرھادۇر! ئۆلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ھەر ۋاقىت تىرىكتۇر.
- سېنىڭ ئۇ نەپسىڭ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن قولىغا پۇرسەت كەلمىگەنلىكىدىن، غەمدە ئۇخلىغاندەك، توختىغاندەك بولۇۋېلىپ، ھەر ۋاقىت پۇرسەتنى ساقلايدۇ.
- كۆرۈنۈپ تۇرغاننى كۆرمىسەڭ، ئۆلۈم كۆچۈل كۆزۈڭنى بىردەمدىلا

ئاچىدۇ.

- پۈتـۈن ئالـەم قۇيـاش نۇرلـىرى بىلـەن يورۇپ يورۇغـان بولسـىمۇ، بـەزى ئادەمـلار كـۆردەك قاراڭغۇلـۇق ئىچىـدە ياشـايدۇ.
- كۆڭـۈل دېرىـزەڭ تاقـاق بولسـا، ئەلۋەتتـە ئـۇ نۇردىـن نېسـۋەڭنى ئالالمايسـەن.
- قاراڭغۇلۇقنى ئايدىڭلاتقان قاندىللاردۇر.
- ئۇۋچىنىـڭ چاچقـان دانلىرىغـا ھىلـە يوشـۇرۇنغان. نـەدە دان كۆرسـەڭ ئۇنىڭغـا يېقىنلاشـما، قول ـ قاناتلىرىـڭ قىلتاققـا چۈشـۈپ قالمىسـۇن.
- كىم قانائەتچان بولسا تۇزاققا چۈشمەيدۇ.
- ئالـەم مال ـ مۈلۈككـە ھـەۋەس قىلمايـدۇ. ئـۇ تەڭرىنىـڭ قـۇدرەت قولـى بىلـەن تۇتقـان قەلەمگـە ئوخشـايدۇ.
- يازغان چاغدا يازدۇرغاننى كۆرمىگەن، يېزىلغاننى قەلەمدىن كۆرىدۇ.
- ئـەي ئوغـۇل! ئەگـەر سـەن تىرىشـچان بىرسـىنى كۆرسـەڭ ئۇنـى دوسـت تـۇت ياكـى ئۇسـتاز. تالىپلارنىـڭ يېنىـدا تالىـپ بـول. غالىپلارنىـڭ سايىسـىدا سـەنمۇ غالىـپ بـول.
- سەت ۋە چىرايلىقىغا قارىما، مۇرادىڭغا قارا.
- نەپسـىڭنىڭ ئاجىـز، كۈچلۈكلىكىگـە قارىمـا. غەيرىتىڭگـە، ئەمگىكىڭنىـڭ مىقدارىغـا قـارا.
- قانداق بىر ھالدا بولساڭ بول ھىممەتتىن، تىلەكتىن ئايرىلما.
- دېرىزىسـى يـوق ئۆيلـەر دوزاققـا يېقىـن بولىـدۇ. ئەسـلىدە دىـن كۆڭۈلگـە ئېچىلغـان دېرىزىـدۇر. ئۇنىـڭ نـۇرى، سـاپ ھاۋاسـى دېرىزىدىـن كىرىـپ، جـان ئۆيىنـى ئايدىڭلىتـىپ، ھاۋاسـىنى پاكلايـدۇ. ئۇنىـڭ نۇرىنـى ھايۋانمـۇ كۆرىـدۇ.
- ئەي يىگىت! ئۇرۇش بىر ھىلىدۇر.

- پەقەت نەپسنى يەڭگەن مەزلۇم بىلەن زالىمنى ئايرىيالايدۇ.
- نەپسگە قۇل بولغان، مەزلۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.
- ئىت دائىم يۇۋاشلارنى چىشلەيدۇ.
- خوشنىسىنىڭ ئۆۋىنى ئوغرىلاش ئارسلان ئۈچۈن نومۇس. ئىت نومۇسنى بىلمەيدۇ.
- بەزى كىشىلەر ئىتقا ئوخشايدۇ. مەزلۇمنى تالاپ، زالىمغا قۇيرۇقنى ئوينىتىدۇ.
- ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئەقلى، ئەقلىنىڭ چەۋەندازىدۇر.
- ئەقىللىقنىڭ ئەقلى قاراڭغۇ كېچىنى ئاي نۇرى بىلەن يورۇتىدۇ.
- ئەقىلسىزنىڭ دوستى ئۆزىدەك بولىدۇ.
- ئىللەت ئىللەتكە يېقىندۇر.
- ئەخمەق، نادانلاردىن ئەيسا قاچقاندەك قاچ. ئۇلار بىلەن قىلىنغان سۆھبەت قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ.
- ھاۋا سۇنى قانداق ئاستا-ئاستا سۈمۈرگەن بولسا، نادانمۇ سېنىڭ پەزىلىتىڭنى ئاستا-ئاستا سۈمۈرۈپ تۈگىتىدۇ.
- سەن ئولتۇرغان سوغۇق تاش، قانداق ئىسسىقلىقىڭنى سۈمۈرۈپ كېسەل بولۇشۇڭغا سەۋەب بولسا، نادانمۇ ئىسسىقلىقىڭنى سۈمۈرۈپ سېنى شۇنداق كېسەل قىلىدۇ.
- جانانغا يار بولمىغان جان، مىڭ جان بولسىمۇ تىرىك ھېساپلانمايدۇ.
- ئۆلۈمنىڭ يولى سىرلىق. ئۇ سىرلىق يولنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ.
- ئەيىبنى كۆرمىگەن كۆز، كۆردۇر.
- ھەر نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭكىنى بىلمىگەن

ئېشـــەككە ئوخشـــايدۇ.

- بىــر ئەقىــل باشــقا بىــر ئەقىلگــە ھەقىقىــي دوســت بولســا، ئارىســىدا مۇھەببــەت ئاشــىدۇ.
- بىــر نەپســانىيەتچى ئۆزىدىــن بەتــەر نەپســانىيەتچىگە دوســت بولســا، ئوتتۇرىــدا ســۆيگۈ يوقايــدۇ.
- نەپسىنىڭ ئالامىتى ئىللەتتۇر. ئىللەت دوستلۇقنى بۇزىدۇ.
- ئەقلى بار ئەقىللىق بىلەن دوست بولىدۇ.
- ئىللەتتىن قۇتۇلساڭ، ھەر بىر ئەسكى سۆزمۇ ياخشى تۇيۇلىدۇ.
- يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا يىلاننىڭ بېشى يارىشىدۇ.
- يىــلان قۇيرۇقىــدا نــەدە بىــر بەخــت، نــەدە بىــر نېمــەت بولســۇن. يــا بېشــىدا راھــەت يــوق ۋە ياكــى بىــر لــەززەت.
- توشقاننىڭ قۇلىقى ئۆزىگە يارىشىدۇ.
- كــۆز بىلــەن كۆڭــۈل، كاتىپنىــڭ قولىدىكــى قەلەمــدەك ھەقنىــڭ ئىككــى بارمىقى ئارىســـىدا.
- نېمەتكە شۈكۈر قىلغاننىڭ نېمىتى كۆپىيىدۇ.
- ھەققە شۈكۈر قىلغان، نېمەتنىڭ ئوۋچىسى بولىدۇ.
- ھەقنىـــڭ نېمەتلىرىگـــە تويســـاڭ، تەكەببۇرلـــۇق ۋە ئاچكۆزلۈكتىـــن قۇتۇلســـەن.
- يىــلان پۇتۇڭنــى چاققانــدا، ئاغرىقنىــڭ نېمــە ئىكەنلىكىنــى ئاندىــن بىلســەن.
- ئىنساننىڭ مەقسىدى ئىلىم ۋە ھىدايەت.
- مال ـ دۇنيــا شــۈكۈرگە توســالغۇ بولىــدۇ. شــۈكۈر دەرت بىلــەن ھاسىــل بولىدۇ.

- ئاغرىق كۆڭۈللەرنىڭ دەرتلىرىنى ئاڭلا.

- دەرتمەننىڭ كۆڭلى خۇددى تۇمان بىلەن تولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولساڭ ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئاچ. سەن دەرتلىرىنى ئاڭلىساڭ، ئۆيدىكى ئاچچىق تۇماننىڭ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىسەن. ئاندىن دەرتمەنمۇ ئەركىن بىر نەپەس ئېلىۋالىدۇ.

- ھەق بىزنى بىر قىلتاقتىن قۇتۇلدۇرسا، بىز يەنە باشقا قىلتاققا چۈشۈپ قالىمىز. يولدا مىڭلارچە قىلتاقتا يەم بار. بىز خۇددى ئاچ ۋە تاماخور قۇشلارغا ئوخشايمىز.

- ھاكىم پارىخور بولسا، زالىمنى مەزلۇمدىن ئايرىيالمايدۇ.

- يۇسۇپنىڭ يۈزىدىكى نۇرنى دادىسى ياقۇپ كۆرگەن بىلەن قېرىنداشلىرى كۆرەلمەيتتى. ھوزۇرنىڭ داستىخىنى نانسىز، قۇرۇق بولسىمۇ ياقۇپنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچاتتى.

- يۈزىنى يۇمغانغا ھۆر-پەرىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەس.

- ياخشىنىڭ ئىقبالى ئەسكىنىڭ ئازابىنى ئارتىرىدۇ.

- روھلارنىڭ غىزاسى ئاشىق. بۇ سەۋەپتىن ئاچلىق جاننىڭ غىزاسى.

- ھەق بىرسىنىڭ ئويلىرىنى گۈل-گۈلىستان قىلسا، يەنە بىر باشقىسىنىڭ ئويلىرىنى جەھەننەمدەك قىلغان.

- ئەگەر ئويلار تۇغۇلغان يەرنى كۆرگىلى بولسا ئىدى، ئەسكى ئويلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

- ھەقنىڭ ئېھسان ئېتىكىنى تۇتقىن. ئەمادەك خاتا يولغا ماڭما.

- شامنىڭ نۇرى قۇياشنىڭكىگە يەتمىسىمۇ قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتالايدۇ.

- شامنىڭ يورۇقلۇقى قۇياش ئالدىدا كۆرۈنمىسىمۇ، ئۇ مەۋجۇت. ئۈستىگە نەرسە تۇتساڭ كۆيدۈرىدۇ.

- بىلىــــق دېڭىزدىـــــن ئايرىلمىغانـــــدەك، ھايۋانلارمـــــۇ قۇرۇقلۇقتىـــــن ئايرىلمايـــــدۇ.
- بىلىقنىڭ نەسلى سۇدىن، يەردىكى ھايۋانلارنىڭ نەسلى تۇپراقتىن.
- مۇسـتەھكەم قۇلۇپنىـڭ ئاچقۇچـى ھەقتـە. ھەققـە كۆڭـۇل باغـلاپ رازى بو ل .
- جان يولىدا جاننى بىل.
- ئەقىللىــق پەرىشــتىگە ئوخشــايدۇ. ھېكمەتــى بىلــەن ئىككــى ســۇرەتتە كۆرۈنــىدۇ. ھــەم ئــادەم ھــەم پەرىشــتە.
- پەرىشتىنىڭ قۇشتەك قانىتى بار. ئەقىللىق قاناتسىز ئۇچالايدۇ.
- ئەقىل قاناتتۇر.
- تۇيغۇسىز ۋە بىلىمسىزلەر يالغانغا ئالدىنىپ، ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ.
- چاقماقنىــڭ نــۇرى گــۈزەل كۆرۈنســىمۇ كۆزنــى چېقــىپ، كۆرمەســلىككە ســەۋەپ بولــىدۇ.
- ئەمەلىيەتتــە ئــوت قىزىــل كۆرۈنــىدۇ، بىــراق خەلــق ئۇنىــڭ قــارا ئىســلىرىدىن نەپــەس ئالالمــاي، تولغىنىــپ كېتىــدۇ.
- كۈمــۈش كۆرۈنۈشــتە ئايــدەك چىرايلىق كۆرۈنســىمۇ قــول ۋە كىيىملەرنى قاپقــارا قىلىــپ كىرلىتىدۇ.
- كۆڭلى قارىلارنىڭ سۆزلىرى رەزىل بولىدۇ.
- كۆڭلى ئۆلۈكلەر روھسىز بولىدۇ.
- ھــەر ســۆزنىڭ گۈزەللىكىگــە ئالدانمــا، كۆزۈڭنــى ئــاچ. ئۇنىڭــدا يامــان مەنــالار بولۇشــى مۇمكىن.
- پۇرىيالىغـــان كىشـــى شـــۈكۈر قىلمىســـا، بۇرنـــى دائىـــم ياخشـــى پۇرىيالمايـــدۇ.
- ھەقىقــەت يولىنىــڭ تۇپرىقــى بولــۇپ، ھەســەتخورنىڭ كۆزىگــە تۇپراقنــى

چا چ .

- دىققەت قىل، ھەسەتخور بىلەن يولداش بولما. ھەسەت بىر سۇلالىنى خاراپ قىلىدۇ.
- سەن بىر ئىنسانغا ھىلە ۋە ھەسەت قىلساڭ، روھىنىڭ ھوزۇرىدىن مەھرۇم قالىسەن.
- ھەسەت گېلىڭگە ئېسىلمىسۇن. چۈنكى شەيتان ھەسەت سەۋەبىدىن لەنەتلەندى .
- ئۇ ھەسەت سەۋەبىدىن ئادەمگە سەجدە قىلمىدى ۋە يەنە شۇ ھەسەتتىن سائادەت بىلەن جىدەللەشتى .
- قۇش ئاسماندا ئۇچقاندا سايىسى يەردە ئەكس ئېتىدۇ.
- ئەخمەقلەر ئاسماندىكى قۇشنىڭ سايىسىنى ئوۋلايمەن دەپ، ئۇنى قوغلاپ يۈرۈيدۇ.
- بىلىمسىزلەر سايىگە ئوق ئاتىدۇ. ئوقدان قۇرۇقلانغاندا كۆڭلى سۇنىدۇ.
- ئەقىللىقنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىسەڭ ئەقىللىق سېنى چۈشىنىپ جىم تۇرىدۇ.
- ھەممە نەرسە مۇھتاجلىق ئىچىدە ھاسىل بولىدۇ، ئىزدىگەن تاپىدۇ.
- ھەق قۇلىنىڭ ئەكسى جان ۋە كۆڭۈل نۇرىدۇر.
- گۈلنىڭ پۈتۈن ياپراقلىرىنى يۇلىۋەتسەڭمۇ كۈلۈشتىن ۋاز كەچمەيدۇ.
- گۈل تىكەننىڭ جاپاسىدىن قورقمايدۇ، تىكەن بولغاچقا گۈل كۈلىدۇ.
- تاماخورلۇق ۋە نەپسانىيەتچىلىكتىن يوقسۇللۇق ياخشىراق. چۈنكى ئۇ ئىنسانغا ئامانلىق بېرىدۇ.

- بىر سىنىڭ قولىغا قىلىچ بەرسەڭ ئۇ يا غازى بولىدۇ ياكى بىر قاراقچى.
- سالامەتلىكنىڭ ناچارلىسا ئىشىڭ ئاقمايدۇ. ئەجەل كەلمەستىن بۇرۇن دەسمايەڭنى قوغدا. چۈنكى سالامەتلىك پايدىنىڭ دەسمايىسىدۇر. سالامەتلىكنى ئاسرا!
- مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئەزىز جاندىن قۇرۇق قالما.
- بالا جانغا كەلگىچە مېلىڭغا كەلسۇن.
- مېۋىنىڭ ئىچى تېشىدىن ياخشى. تەن تېشى، جان گۈزەل ئىچى.
- ئىنساننىڭ ئەسلى گۈزەللىكى ئىچ گۈزەللىكىدۇر.
- گۈزەللىكنى ئىچىڭدىن ئىزدە.
- پاكىز ئەينەك ھەممىنى ئېنىق كۆرستىدۇ.
- گۈزەل يۈز پاكىز ئەينەكتە گۈزەل، قارا يۈز قارا كۆرۈنىدۇ.
- ياخشىلىقنىمۇ، ئەسكىلىكنىمۇ ھەركىم ئۆزى قىلىدۇ.
- تىكەن سانجىلغان بولسا، ئۇ تىكەن دەل ئۆزۈڭ.
- ئىتنىڭ ئالدىغا لوقما ئاتساڭ، ئالدى بىلەن پۇراپ بېقىپ ئاندىن يەيدۇ. پۇراقنى پۇرايدىغان ئىت بۇرنىنىڭ بېزى بىزنىڭ ئەقلىمىزگە ئوخشايدۇ.
- ئاققان سۇ سېسىمايدۇ.
- يولدا ماڭغانلارنىڭ بەزىلىرى دەرتلىك، بەزىلىرى بەختىيار.
- ئۆلۈم ۋاقتىدىمۇ بەزىلەر ئۈمىدسىز قايغۇ ئىچىدە، بەزىلەر ئۈمىدلىك بەخت ئىچىدە.
- نادانلار ئۆزىنى بىلمىسە ئاقىللار ئۇلارنى بىلىدۇ.
- غەپلەت بەدەندە. بەدەن روھ بولغاندا سىرلارنىڭ خەزىنىسى ئۈنىڭغا

ئېچىلىدۇ.

- ئىس ئوتتۇن كۆيگەندە چىقىدۇ. كۆيگەن چوغدىن ئىس چىقمايدۇ.
- ئىنساننىڭ كۆچى چەكلىك. بىر سىقىم تۇپراق، قانداقمۇ قوشۇننى يېڭەلىسۇن.
- قۇياشنىڭ دۇنيانى قاپلىغان نۇرىدىنمۇ بەكرەك دەلىل بولماس.
- سايە قانداقمۇ قۇياشقا دەلىل بولسۇن؟
- ئەگەر كېچە بولمىغان بولسا ئىنسانلار دەم ئالماي، نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنى نابۇت قىلاتتى.
- ئەقىلسىزگە ئېغىلدىكى يەممۇ ئىسىل كۆرۈنىدۇ.
- قاسساپنىڭ بەرگەن ئوتى ئاچچىق.
- شەيتان سۈتىنى ئېمىشتىن قۇتۇلساڭ رىزقىڭ مول بولىدۇ.
- ئەقىللىق غەم يەيدۇ، نادان بال.
- ئۆلۈم كۈنۈڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئۆلۈكتەك بولساڭ، ئەبەدىي ئاشىق بىلەن يار بولىسەن.
- جاپا تارتىشچان كىشى ئۈچۈن ئايغا ئوخشايدۇ.
- جان قايغۇسىدا جانانىدىن قاچما!
- سۆيگۈنىڭ ئاشىق قىلىچىدىن بويۇنۇڭنى ئېلىپ قاچما.
- ئۆستەڭنى كۆرسەڭ ئېرىقتىكى سۈنى ئۇنىڭغا باشلا. ھېچ سۇ ئۆستەڭدىن قاچامدۇ؟
- ئېرىقتىكى سۇ ئۆستەڭگە قوشۇلسا، ئۇ ئۇنىڭدا يوق بولۇپ ئۇنىڭدەك بولىدۇ.
- ئاشىقنىڭ بەدەنلىرى ھىجران ئازابىدا زەئىپلىگەن بولسىمۇ، سۆيگۈسى تاۋلىنىپ گۈزەللىشىدۇ.

- كۆك يۈزى ئەر بولسا يەر يۈزى ئايالدۇر. كۆكنىڭ بەرگىنىنى يەر بېقىپ يېتىشتۈرىدۇ.
- بەزى ئىشلارنى نىيەت قىلسەن، قارار قىلسەن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئەمەلگە ئاشىدۇ.
- بەزىدە كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئىشەنچ بولسىمۇ ئىشلار تەتۈرىگە ماڭىدۇ.
- ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا ئېرىشىشى، جان ۋە كۆڭۈل بىلەن باغلانغان ئاشىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.
- ناپاك كىشىلەر نەسىھەت بىلەن پاكىزلانسىمۇ يەنىلا كىرلىشىدۇ.
- ئەي ئادەم گەرچە سېنىڭ كۆزۈڭ بولسىمۇ، بەزىدە بالا ـ قازا ئالدىدا كۆزۈڭ كور بولىدۇ.
- ئادەمنىڭ ئەسكى خۇيى ئۆزىگە دۈشمەن.
- ئادەم ئۆزىنىڭ سېسىق پۇراۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلەلمەيدۇ.
- ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى كۆڭۈل كۆزىدىن ئوزۇقلىنىدۇ.
- يۈزدىكى ئەيىپنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.
- دۇنيادا مۇتلەق ئەسكىلىك يوق. ئەسكىمۇ بىر نەرسىگە نىسبەتەن ئە سكى .
- يىلاننىڭ زەھىرى يىلانغا ھاياتلىق بەخش ئەتسە، ئىنسانغا ئۆلۈم ئەكېلىدۇ.
- گۈزەلگە ئۆزۈڭنىڭ كۆزى بىلەن قارىماي، ئۇنى ئىستىگەن كۆز بىلەن قارا.
- دۈشمەن ئىنسانغا دورا.
- دۈشمەندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھقا يۈزلەن.
- سېنى ھەق يولدىن ئازدۇرغان دوستلىرىڭ ھەقىقىي دۈشمەندۇر.

- ھەقتىن كەلگەن جاپا سىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىلمى سىنىڭ تەدبىرىڭدىن ئۈستۈندۇر.
- دورىنىڭ ئاچچىقى يارىغا شىپا.
- ھەق گۇناھلارنى ئاشكارلىمىسىمۇ جازاسىنى بېرىدۇ.
- يۈزى گۈزەل بولسىمۇ، خۇيى ئەسكى بولغاندىن قاچ.
- كىشىلەر يۈزىنى يۇماسلىقتىن نومۇس قىلىدۇ، ئەمما ھەقتىن نومۇس قىلمايدۇ.
- كېسەلنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولسا دورىسىنى تاپماق ئاسان.
- كېسەل نېمىگە كۆنگەن بولسا شۇنىڭ بىلەن داۋالا.
- يىلانمۇ قان يېمەيدۇ.
- كىمنىڭ قۇلىقىغا نەسىھەت خوش ياقمىسا، ئۇنىڭ بۇرنى سېسىق پۇراققا ئەسىر بولغان.
- قازاننىڭ ئوتتا قاپقاراپ بولغىنىغا قاراپ ئىچىدىكى گۆشنى پىشتى دەپ قالما.
- ئالما كۆچىتىنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىغا قاراپ، ئالمىنى پىشتى دەپ قالما.
- بارلىق روھلار تەدبىرىدىن ئۇلۇغ، بارلىق جىسىملار تەسىرىدىن.
- ئىمان ئەتكەنلەر كۆپ. ئەمما ئىمان بىر.
- تەن سانسىز. ئەمما جان بىر.
- نۇرلار سان ـ ساناقسىز. ئەمما قۇياش بىر.
- ئاتنىڭ بوينىنى تۇتقان ئارزۇ قىلغىنىنى ئالىدۇ، پۇتىنى تۇتقان پەشۋا يەيدۇ.
- كۆڭۈل ئۆيلىرىنى غەم توزاڭلار باسقاندا تۇۋا سۈپۈرگىلىرى

ھەممىنــــى تازلايــــدۇ.

❁ ئــۆزى پاكىـــزلار ئەخلەتنــــى گىلەمنىــــڭ ئاســـتىغا يوشۇرســـا، كۆڭلــى پاكىـــزلار گىلـــەم ئاســـتىدىكى ئەخلەتنـــى تازىلايـــدۇ.

❁ قۇشــلار يەردىكــى دانلارنىــڭ كۆپلىكىدىــن خــوش بولــدۇ. ئەممــا يەردە قىلتاقنىــڭ بارلىقىنــى كۆرمەيدۇ.

❁ كـــۆزۈڭ بىلـــەن زىنـــا قىلىشـــتىن زوقلىنىســـەن. ئەممـــا بەدىنىڭنىـــڭ كاۋاپتـــەك كۆيىدىغانلىقىنـــى بىلمەيســـەن.

❁ دۇنيانىــڭ مېلــى ئــورۇق قۇشــلارنىڭ ئالدىغــا چاچقــان قىلتاقتىكــى دانغــا ئوخشايدۇ.

❁ نەپسىڭ مال ـ دۇنياغا قۇل بولمىسۇن.

❁ ئالتۇنغا ئالدانمىغان كىشى قۇدرەتلىك بولىدۇ.

❁ مال ـ دۇنيا جانغا يولداش بولماس.

❁ بىــز دوســتقا ســالام، يارغــا مۇھەببــەت بېرىمىـــز، شۇنىســى دوســت يۈرەكلىـــك، يـــار ۋاپـــادار بولســـلا.

❁ نان ۋە ئېشىم ھالال بولسۇن يېگەن ـ ئىچكەنگە،

❁ئەمما ھەققىم ھالال ئەمەس، دوست كۆرۈنۈپ ئورا كولىغانغا.

❁ ياخشى ۋە يامانىنى ئېتىراپ قىل! ئېتىراپ قىلغان رەت قىلالمايدۇ.

❁ ئەي ھەق! سەن كۆڭۈلنىڭ پادىشاھى، جاننىڭ سۇلتانى سەن!

❁ كۆچەت تىكسەڭ سۇ قۇيۇشنى ئۇنۇتما.

❁ ئەدەپ —— ئەدەپسىزنىڭ يېنىدا چىداپ جىم تۇرماقتۇر.

❁ ئەســكى خۇيلۇقنــى تىللىغانمــۇ ئەســكى خۇيلــۇق. ئەســكى خۇيلۇققــا چىدىغـــان ياخشــى خۇيلــۇق.

❁ ھەر نەرسىگە مەدەت، ئۇ جاننىڭ جانىدىندۇر.

- رەسىم مەيلى سۇلتانىنىڭ، مەيلى قۇلنىڭ بولسۇن، ئۇ بىر جانسىز سۈرەتتۇر.
- ئۆزى بىلەن ئۆزى سوقۇشقان باشقىلارنى پەرق قىلالمايدۇ.
- ھەر سۈرەتنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزۈڭگە ئوخشاتما.
- قۇشمۇ ئۆزۈڭ، قىلتاقمۇ ئۆزۈڭ.
- كۆپ بولساڭ دەريادا بول، ئۆي بولساڭ شەھەردە.
- بۇ دۇنيا كۆپكە ئوخشايدۇ، يۈرىكىڭ بىر دەريا.
- بۇ جاھان بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ، كۆڭۈل بىر شەھەر.
- ساپ ئالتۇن ئوتتا كۆيمەيدۇ.
- روھلارنىڭ خورلىنىشى جەسەتلەر سەۋەبىدىن؛ جەسەتلەرنىڭ ھۆرمىتى روھلارنىڭ سەۋەبىدىن.
- قانىتىڭ سۇنۇق بولسا سەۋر قىلىشنى ئۆگەن!
- ئارسلاندەك ياۋا ئېشەكلەرنى ئوۋلا، ئەمما ئىتتەك ئالدىدا قاۋىما.
- ئەي قاسساپ! باشتا سەمرىتىپ ئاندىن بوغۇزلا. چۈنكى دوزاختا ئىتلار ئاچ!
- دۇنيادا دۈشمەن بولمىغان بولسا، مەخلۇقاتتا غەزەپ بولمايتتى.
- ياخشىلىق، غەزەپ ۋە ئۇلۇغ قۇدرەت بولسا ھەق كامالىنىڭ تەجەللىسىدۇر.
- ھەر ۋاقىت ئۆتكەن ئۆمۈرنى ئويلا!
- سەن كىم بولساڭ شۇ بول! باشقىلارنى دورىما.
- ئۆلۈم ئىشىكىگىنى چەكمەستىن بۇرۇن ئۇنى ئويلا.
- ئوغرى بولساڭ ئېشەك نالىسى ئوغرىلىماي، ئالتۇن ئوغرىلا.
- قولسىز، قاناتسىز ئەرشكە يۈكسەل. گاھ قۇياش بول، گاھ تولۇن

ئـــاي، گاھ ھـــلال.

- تىمســـــاقتىن قورقمـــــاي كېمىگــــە چىققـــان، بېشـــىغا ئۆلـــۈم كەلســـىمۇ قورقمايـــــدۇ.
- سۇنى دەريادىن ئىزدە، ئېرىقتىن ئەمەس.
- ياخشى كىشى ئۆلسىمۇ، ياخشىلىقى ئۆلمەيدۇ.
- مەرت ۋە ياخشى ئادەم ھەق ئالدىدا ئەزىز.
- قاراڭغۇلـــۇق ئىچىـــدە، قاراڭغۇلۇقتـــا قېلىـــپ ئەقلىدىـــن ۋە ســـائادەتتىن يىراقلاشـــما.
- جان پادىشاھقا، ئەقىل ۋەزىرگە ئوخشاش.
- پىتنە ـ پاساتچى ئەقىل، جاننى ئەسكىلىككە ئۈندەيدۇ.
- ئەگـــەر ئـــارزۇ ھەۋەســـلىرىڭ ۋەزىرىـــڭ بولســـا، روھـــڭ ئىبادەتتىـــن مەھـــرۇم قالـــدۇ.
- ئەقىللىق بىر گۈل تىكەننىڭ جاپاسىغا چىدايدۇ.
- ئەقىللىـــق ئەقىللىـــق بىلـــەن دوســـت بولـــۇپ، ئۇنـــى ئۆزىگـــە ســـىرداش قىلـــدۇ.
- ئىككى ئەقىللىق بىر بولسا قانچە زور بالا بولسىمۇ قۇتۇلىدۇ.
- ھېـــچ بىـــر ھىلە ـ مىكـــر كۆڭـــۈل ئىگىلىرىنىـــڭ كۆڭلىگـــە پـــەردە بولالمايـــدۇ.
- پىكىرلەر ئارقىلىق كۆڭۈلدە ھەرخىل گۈللەر چىچەك ئاچىدۇ.
- كالا ئۆزىنـــى قاســـاپنىڭ بوغۇزلايدىغانلىقىنـــى بىلســـە، ئۇنـــىڭ قولىدىـــن ھەلـــەپ يېمەيتتـــى.
- بىـــر ئىشـــنى ئويلاشـــماي قىلـــپ، ئارقىدىـــن پۇشـــايمان قىلســـاڭ ئورنىغـــا كەلمەيدۇ.

❁ پۇشايمان قىلىشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، بۇ پۇشايمانلىقىڭنىمۇ پۇشايمان بولىسەن.

❁ ھەقنى تونىغان ھېچ پۇشايمان قىلمايدۇ.

❁ بىر ئىشتىن نەپرەتلەنسەڭ، بۇ شۇ ئىشنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ.

❁ رەببىم! بىزدىن ئەسكى ئىشلارنىڭ ئەسكىلىكىنى يوشۇرما. ياخشى ئىشلارنى ئەسكى قىلىپ كۆرسەتمە.

❁ پاك بىر يۈرەك، باشقىلار كۆرەلمىگەن گۈزەللىكنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

❁ ئالىملارنى خارلىغان دېڭىزدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

❁ ئاشىق ھەقىقى ئەرلەرنىڭ كېمىسى. بۇ كېمە ھەرگىز چۆكۈپ كەتمەيدۇ.

❁ كەنانىدەك كېمىدىن ئايرىلىپ قالما.

❁ ھەرگىز «نوھنىڭ ياخشىلىقىنىڭ كېرىكى يوق، ئالدىمغا تاغ چىقسا يامىشىۋالىمەن» دەپ ئويلىما.

❁ تەككەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق قىلماي كېمىگە چىق!

❁ ئەقلىڭنى يار ئۈچۈن قۇربان قىل. ھەق ئەقىلگە ياردەمچى.

❁ باشسىز ئىش قىلغان قۇيرۇق بولىدۇ. چاياندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداقلارنىڭ بېشىنى يەنجىپ مىجىۋەت.

❁ قورالى بولۇپ، ئەقلى بولمىغان ھېچ ئىش قىلالمايدۇ.

❁ ئەخلاقسىزلارغا ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىش، قاراقچىنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ قويغاندەك.

❁ نادان ھوقۇقدارلارنىڭ قىلغان رەسۋالىقىنى يۈزلەرچە ئارسلانمۇ

قىلالمايــــدۇ.

- نادانـــلار ھۆكـــۈم ســـۈرگەن يـــەردە، يـــلان بىلـــەن چايـــان يامـــراپ كېتـــدۇ.
- يولنى بىلمىگەن قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدۇ.
- نادانلار باش بولغان يەردە دانالار ئۆزىنى يوشۇرىدۇ.
- بوينــى باغلاقلىــق ئېشــەكنىڭ جاھىللىقــى تۇتســا ئىككــى پۇتنىمــۇ بويىنغــا قوشــۇپ باغلىۋالــدۇ.
- ھايۋانــي روھقــا ئىگــە ئادەمنــىڭ ئۆزگىرىشــكە قابىلىيىتــى يەتســمۇ، ئەممــا ئەخلاقنــى ئۆزگەرتىشــكە قىزىقمايــدۇ. ئىنســان ئــۆز ئۆزىنــى باشــقۇرىدىغان قابىلىيىتىنــى يوقاتســا، ئېشــەكتىن پەرقــى قالمايــدۇ.
- ئىنســانلارنىڭ بــر قىســمى ئىنســانلىق بىلــەن ھايۋانلىــق ئارىســىدا كــۈرەش قىلىــدۇ.
- ئادەمنــىڭ قەلبــى بــر پارچــە خەتكــە ئوخشــايدۇ. ئۇنــى چوقــۇم ياخشــى يــاز ۋە ياخشــى ئوقــۇ!
- ئىنساننىڭ سۈتى كۆكسىدىن ئاقسا، ئېشەكنىڭ چاترىقىدىن ئاقىدۇ.
- ئادالــەت بىلــەن تەقســىمات قىلىنىغــان يــەردە، جاپــا بىلــەن زۇلــۇم بولمايــدۇ.
- ھىلە چاقماققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يول يورىمايدۇ.
- ئىككى پەيغەمبەر بىربىرىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلمايدۇ.
- باقى ئالەمنىڭ مېۋىسى سېسىمايدۇ.
- ئۇ دۇنيادىن خوش بولغاننى غەم باسمايدۇ.
- پاتمىغان قۇياشنىڭ نۇرىغا يېقىنلاش!
- پەســكەش كىشــلەرنىڭ نازاكىتىمــۇ زەھــەردەك. بــۇ دۇنيــا ئۇلارنىــڭ نازاكىتىدىــن زەھەرلىنىــدۇ.

- ھەق كۆرۈنۈشكە ئەمەس، نىيەتكە قارايدۇ.
- جان جاننىڭ بولسا، ئۇ جاننىڭ پەيزى بولىدۇ.
- تەنگە مەھكۇم بولغان جان يولدىن ئازىدۇ.
- تەن تىكەن ئوتىنىڭ ئاشقى بىلەن تۆگىگە ئوخشايدۇ.
- يولچىلىق تۆگىگە مىنىپ ئەمەس، بەلكى ھەقنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن بولىدۇ.
- ئەقىللىق كىشى خاتالىقنى تونۇپ ئۆزگەرتىدۇ.
- بەدەنلىرىنىڭ كۆمۈشتەك چاغلاردا سېنى ئوۋلىغان گۈزەللەرنى، قېرىغان چېغىڭدا پاختا ئېتىزلىقىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرىسەن.
- مەيلى ئەر، مەيلى ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئۈستۈنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتنى كۆرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.
- دۇنيادا ھەر نەرسە بىرسىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. كىبىرلىك ئەسكىنى، توغرا ياخشىنى.
- ياخشىلارغا دوست بولمىغان ئەسكىلەرگە قوشنا بولىدۇ.
- ۋەدىگە ۋاپا قىلغۇزغان ئەقىل.
- ئەقىل ئۇنۇتقاقلىق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.
- پەرۋانىدا ئەقىل بولمىغاچقا، ئۇنۇتقاقلىقىدىن دائىم ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدۇ.
- ئويلاش، پاراسەت، تەپەككۇر، يادلاش ۋە ئەسكە ئېلىش قاتارلىقلار ئەقىلگە ئائىت خۇسۇسىيەتلەر.
- ئەقىل شەھۋەتنىڭ زىتىدۇر. شەھۋەتكە ئەسىر بولغان ئەقىل، ئەقىل ئەمەس.
- ۋەھىمە جاھاننى كۆيدۈرگەن پىرئەۋننىڭ قەھرىدۇر. ئەقىل بولسا جاننى ئايدىڭلاتقان مۇسانىڭ يارى.

- ھەۋەسلىرىڭنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كىچىك بىر بۆرىدەك تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئەجدىرھا چاغلىما.
- كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزدە ماڭساڭ، دېڭىز قىرغاقلىرى ماڭغاندەك كۆرۈنىدۇ.
- دوستلار بىلەن بىر بولغان، ھەر يەرنى گۈلىستاندەك كۆرىدۇ.
- ئۆكۈز باغداتنى ئايلانسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى كوچىدىكى شاپاقتىن باشقىنى كۆرمەيدۇ.
- ئۆكۈز بىلەن ئېشەككە لايىق نەرسە سامان بىلەن چۆپ.
- كۆڭلى توڭغا جەننەتمۇ سەت كۆرۈنىدۇ.
- بىلىش ئىقتىدارىڭ قانچىلىك بولسا دۇنيايىڭ شۇنچىلىك.
- پۈتۈن ئالەم نۇر ۋە سۈرەتلەر بىلەن تولسىمۇ كۆزۈڭ قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك كۆرىسەن.
- ئۆزۈڭنى سەن ئۆزۈڭدىن كۆر، ياكى ئۆلۈك تەندىن.
- بىر گاچا مىڭ ئادەمنى گاچا قىلىۋېتىدۇ.
- تەلەيسىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغمايدۇ.
- ئەخمەقلەرنىڭ پاڭلىقىدىن نوھنىڭ توپانى ئالەمنى ۋەيران قىلدى.
- ئەقىللىق بىزنىڭ جان دوستىمىز. ئۇنىڭ روھى بىزنىڭ روھىمىز.
- نادانىنىڭ ئاغزىدىكى ھالۋا ئادەمنى كېسەل قىلىدۇ.
- ئەقىللىق بولساڭ نادانىنى سۆيمە.
- ئادەمنىڭ غىزاسى نۇر. ئېشەكنىڭ بولسا ھەلەپ.
- غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان نادان ئادەمگە نەسىھەتلىك ھېكمەت سۆزلەرنى قىلىش خۇددى شور يەرگە ئۇرۇق تېرىغاندەك بىر ئىش! بىلمىسىز ۋە ئەخمەقلەرنىڭ يېرتىلغان يېرى ياماق تۇتمايدۇ.

ئۇلارغا ھېكمەت ئۇرۇقىنى چېچىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق.

- نادانىنىڭ ياخشىلىقى دۈشمەنلىكتىن بەتەر.
- ھەر نەرسە ئۆز جىنسىنى يېنىغا تارتىدۇ.
- ئەڭ ئەسكى خۇي ھەسەتتۇر. چۈنكى ئۇ شەيتانىنىڭ قوغلىنىشىغا سەۋەپ بولغان.
- ھەسەتخور باشقىلارنىڭ شاملىرى يانسا چىدىمايدۇ.
- ئەيسا ھەققە بىھۇش بولسا، ئېشەك ئارپىغا.
- كۆڭلى ئايدىڭ ۋە شۈبھىدىن خالى بولغانلار غەپلەت پەردىسىنى يىرتىپ كەلگۈسىنى كۆرەلەيدۇ.
- ھەرقانداق توختامنامە بىر نەتىجىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ھەرگىز توختام تۈزۈش ئۈچۈنلا توختام تۈزۈلمەيدۇ.
- ئورۇش ۋاقتىدىكى جان قورقۇسى، خائىنلارنى قېچىشقا ئۈندىسە، رۇستەملەرنى ئالغا باستۇرىدۇ.
- ئەمگەك ۋە دۇئا سىنىڭ ياخشىلىقىڭىلىك. ئەجرىڭ قانچىلىك بولسا ھوسۇل شۇنچىلىك.
- كىم بۇ دۇنيانىڭ مەھشەر كۈنى ئۈچۈن ئېكىنزارلىق ئىكەنلىكىنى بىلسە، بۇ يەردە كۆپ تىكىپ، ئۇ يەردە كۆپ ھوسۇل ئالىدۇ.
- بېشىڭ ھەق ئۈچۈن كېسىلسە، ئىپتىخارىڭ شۇ.
- ھەقىقى سۆز، بىر تەرەپتىن بىر مەنانى ئاشكارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرىدۇ.
- ھەقىقەت ئاشكارە بولغاندا ۋاستە كېرەك ئەمەس.
- ۋاستە بولغان سۆزلەر ھەقىقەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز.
- ئەگەر ھەر كۆڭۈل يوشۇرۇن ۋەھىنى تۇيغان بولسا، بۇ جاھاندا سۆز ۋە چاقىرىشقا ھاجەت يوقتى.

- پاك روھنىڭ سۆزلەردىن خالى بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىشى ۋە ئاتلىق بولۇشى لازىم.
- كەلگۈسىنى كۆرەلەيدىغانلار بەختلىك بولۇپ، ئىشلىرىنى ئۈمىد بىلەن تىرىشىپ قىلىدۇ.
- مەناسى بولمىغان سۈرەتنىڭ خېرىدارى بولمايدۇ.
- خەلق ئاممىسىنى تەربىيەلىسەڭ، ھەر بىر خام كۆڭۈل پىشقان بولىدۇ.
- سۇئال ۋە جاۋاپ ئىلمدىن كېلىدۇ. خۇددى تىكەن ۋە گۈل، تۇپراق بىلەن سۇدا ئۆسكىنىدەك.
- كېسەلمۇ، ئۇنىڭ دورىسىمۇ ئوزۇقلۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ.
- خەلقنىڭ ئىچىدە پاك روھلارنىڭ بولغىنىدەك، كىرلەشكەن روھلارمۇ بو لىد ۇ .
- سامان بىلەن بۇغداينى ئايرىغاندەك، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىغىن.
- كۆڭۈل بايلىقى ئاللاھنىڭ ئېھسانىدۇر.
- چۈشتىكى كۆلۈش بولسا يىغلاش، دەرت ۋە غەمگە سەۋەپ بولىدۇ.
- قولۇڭغا تىكەن سانجىلسا، ئۇ گۈلنىڭ يادىكارىدۇر.
- بەدەندىكى دەرتلەر، ھەرخىل خاتالىقلار، دۈشمەنلەرنىڭ جاپاسى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۆلۈم ئىشكلىرىنى غىچىرلىتىدۇ.
- ئۇلۇغ ئاللاھ قابىلىيەتلىك بىر بالىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، بىزنى ئەقلىمىز يەتمەيدىغان ھېكمەتلىرىگە باغلاپ، بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارغا جىددى بىر ھەۋەس ۋە ئارزۇلارنى بەرگەن.
- يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ «ۋەزىر،

مىنىستىر، باش مىنىستىر» دەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ روھى پەسلىشىپ مال ـ مۈلۈك ۋە مەنسەپكە ئەسىر بولغان.

- ئۇخلىساڭ يول بويىدا ئۇخلا. ھەق يولىدىن ئۇزاق تۇرما.
- ئىنساننىڭ جان مەشئىلىنى، غەم بىلەن خۇشاللىق ئۆچۈرىدۇ.
- ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن تۆۋبىسىنى بۇزغان كىشى، ۋاقتى كەلگەندە شەيتانىنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.
- كەلگۈسىنى كۆرگەن كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ، ئاخىرىنى كۆرگەن كۆزنى كۆر قىلما!
- ئاقىۋەتنى كۆرەلىگەن بەختىيار بولىدۇ.
- ئىنسان كۆزىنىڭ ۋە كۆڭلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن بولىدۇ.
- قول ـ پۇتۇڭنىڭ رولچىسى كۆزۈڭنىڭ نۇرى.
- ياي ئەسكى بولسا ئوق قىڭغىر كېتىدۇ.
- ئىقبال كۆچىتىدىن زىيان كەلمەس.
- بۇ جانغا جان قاتىدىغان سۆزلەر نىل دەرياسىنىڭ سۇيىدەك، يۇمۇق كۆزلەرگە قاندەك كۆرۈنىدۇ.
- ھەر ساختىلىقنىڭ توغرىسى بىزدە. يەر يۈزىدىكى ھەر نەرسىنىڭ نېگىزى كۆكتە.
- شەھۋەت ھاراق ۋە ئەپيۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ. ئەقىل يوقالغاندا شەھۋەت كۆزۈڭنى كور، قۇلىقىڭنى گاس قىلىدۇ.
- بەدەن ئاچ قالمىغىچە ھەققە يۈزلەنمەيدۇ، بويۇن ئەگمەيدۇ.
- توق ئادەمنى يولغا باشلىماق، سوغۇق تۆمۈرنى سوققانغا ئوخشاش.
- ئىنسان ئېھتىياجتىن، جاپادىن قۇتۇلغاندا يولدىن ئازىدۇ.

- يۇكتىن قۇتۇلغان ئىشەك ئادەمنى تېپىدۇ.
- ھېكمەت ئوتلاقلىرىدا ئوتلىغانلارنىڭ يۈرەكلىرى ياشناپ، كۆڭلى گۈزەللىشىدۇ.
- روھ سودىگەر بولسا، بەدەن قاراقچى. قاراقچى دارغا ئېسىلغاندا سودىگەرنىڭ شاملىرى يانىدۇ.
- قۇياشنىڭ شەرھىلەشكە ۋە مەدھىيىلەشكە ھاجىتى يوق.
- ھېچكىم قۇياشنىڭ نۇرىنى ئازايتالمايدۇ ۋە شانى-شۆھرىتىدىن مەھرۇم قىلالمايدۇ.
- قۇياشنىڭ يۈزىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.
- ھەسەتخورنىڭ ھەستى ئۇنىڭ ئۈچۈن دائىم بىر ئۆلۈم.
- بۇلۇتلار توپاندەك ياغدۇرغان يامغۇرنى ئىچەلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا سۇ ئىچىشتىن ۋاز كېچىشىڭ مۇمكىنمۇ؟
- قابىلىيەتلىك ئادەم نۇرنى تاپىدۇ. چۈنكى ئۇ چاشقاندەك قاراڭغۇغا ئاشىق ئەمەس.
- قاراڭغۇلۇقتا قالغانلار ھۈنەرلىرىنى قىلىش ئۈچۈن قۇياشقا كۆز ئاچالمايدۇ.
- زەئىپ كۆزلۈك كىشىلەر ئاسمانغا قاراپ خورمىدەك بويى تارتمايدۇ. چاشقانلاردەك يەرنى كولاپ تۆشۈك ئاچىدۇ.
- ھەقنىڭ خەلپىسى بولماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن كۆڭلۈڭنىڭ سۇلتانى بول.
- كۆكتىن ياغقان يامغۇر پاسكىنا نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈن ياغىدۇ.
- توختام سۇ پاسكىنا بولىدۇ.
- ئىش-ھەرىكەت ۋە سۆز كۆڭلۈڭنىڭ گۇۋاھچىسى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسەن.

- ياخشىدىن قاچقان كىشى شەيتانغا دوست بولىدۇ.
- ئۈۋچـى قۇشـلارغا دان چاچسـا، بـۇ ئۇنـىڭ ياخشـىلىقىدىن، مەرتلىكىدىن ئەمـەس، بەلكـى ئۇلارنـى ئـوۋلاش ئۈچۈندۇر.
- روھ سـەپەرگە چىقسـا، بـەدەن ئـۆرە تۇرىـدۇ. نامـاز تۈگىگەنـدە روھ سـەپەردىن يانىـدۇ. شـۇڭا ئـوڭ سـولغا سـالام بېرىـدۇ.
- ناچار كۆزنىڭ داۋاسى ياخشى كۆز.
- شەھۋەت خىرسى يىلان، مەنسەپ خىرسى ئەجدىھا.
- ئەسـكى چۈشـەنچىلەر زەھەرلىـك يىلانغـا ئوخشـايدۇ. ئـۇ چوقـۇم جـان يۈزىنـى چاقىـدۇ.
- نۇرغـۇن كىشـىلەر دانىنـى كـۆرۈپ قىلتاقنـى كۆرمەيـدۇ. ئۆزىنىـڭ خاملىقـى بېشـىغا بـالا بولىـدۇ.
- ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ زەپەرنىڭ ئاچقۇچى.
- قۇياشتەك بىر ئەقىل، توغرىدىن باشقىغا قىلىچ چاپمايدۇ.
- ئۆزىنىـڭ سايىسـى ئۆزىگـە دۈشـمەن بولغـان ئادەمگـە مەيلـى ھىندىسـتاندا، مەيلـى خوتەنـدە بولسـۇن خاتىرجەملىـك يـوق.
- بۇلۇتنىـڭ سايىسـى يەرگـە چۈشـىدۇ. ئەممـا سـايە ئـاي بىلـەن تـەڭ بولالمايـدۇ.
- سـەن بـۇ تەنىدىـن بىخـەۋەر ئـازاپ ئىچىـدە يۈرسـەن. جان قۇشـلىرىڭ نەسـلىڭدىن بولمىغانـلار بىلـەن بىللە!
- سـەجدە قىلمىغىچـە مەسـچىتنى بېشـىڭ بىلـەن كۆتەرسـەڭمۇ پايـدا يـوق.
- كۆڭـۈل شـۇنداق بىـر نەرسـىكى ئۇنىـڭ ئىچىگـە يەتتـە قـات ئاسـماندەك يۈزلەرچـە ئاسـمان سـىغىدۇ.
- ئەڭ ئېسىل ھەدىيە كۆڭۈلدۇر.

- كۆڭۈللەرنىڭ تەربىيەچىسى كۆڭۈللەرنى خوش قىلىدۇ.
- دېڭىزنىڭ سۈيى ئۆزىنى يوشۇرسا كۆپۈكى كۆرۈنىدۇ.
- دوستۇڭ ساڭا مازار بېشىغىچىلا ھەمرا بولالايدۇ. ئەڭ سادىق دوست سېنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىڭدۇر. ئۇلار سېنىڭ بىلەن گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.
- ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن ئىلىم ئالسەن، ئاندىن ياخشىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىسەن.
- ئەي ئەقىل ئىگىسى، سەن ھەر ۋاقىت بىلىم ئېلىشقا تىرىش. ئەمما ئۇنى ياخشى بىرسىدىن ئۆگەن.
- ئۇنچىنى سەدەپنىڭ ئىچىدىن ئىزدە. ھۈنەرنى ئۇستىدىن ئىستە.
- ئىزدىگەن نەرسەڭنى يېنىڭدىن ئىزدە.
- دەرەخلەرنى سۇغۇرۇش ئادەت. ئەمما تىكەننى سۇغۇرۇش ئادەمگە زۇلۇم.
- زۇلۇم ھەر ۋاقىت بالاغا سەۋەپ بولىدۇ.
- تاتلىق تىل يىلاننىمۇ ئۇۋىسىدىن چىقىرىدۇ.
- ئالتۇن ـ كۆمۈش ھېرىسمەنلىكى ئېشەكنىڭ يېغىرىغا ئوخشايدۇ. ھەر كىمنىڭ ھېرىسمەنلىكى ئۈستۈن بولسا، ئۇنىڭ يېغىرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئېشەكنىڭ يېغىرىغا ئۇرساڭ چىچاڭشىيدۇ. ئادەممۇ بۇنداق چىچاڭشىشتىن ساقلىنىشى لازىم.
- تۆۋە قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم دائىم جان تالىشىپ يۈرىدۇ.
- شۈكۈر قىلمىغاندىن گۈزەللىك قاچىدۇ.
- رىزىق دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى بىزنىڭ مېھنەت تەرىمىزدە.
- ئىنسان بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ۋەدىسى دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ھەرۋاقىت يىلتىزى ساغلام بولۇشى

كېرەك. دەرەخنىڭ ياپراقلىرى يېشىل بولۇپ، يىلتىزى سېسىقتا باشلىسا ئۇ دەرەخ ھامان قۇرۇپ كېتىدۇ.

- خارەكتېرى ئەسكى، زەئىپ روھلۇق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ.
- ئاز گەپ قىلغان كىشىلەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە، ئەركىن پىكىرگە ئىگە.
- قۇرۇق گەپنى جىق قىلىدىغان كىشىلەر قاسىراققا ئوخشايدۇ. قاسىراق قېلىنلاشقانسىرى مېغىزى كىچىكلەيدۇ.
- مېغىزى چوڭ بولغاننىڭ قاسىرىقى نېپىز بولىدۇ. بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن بادام، ياڭاق، پىستىلەرگە قارىساڭ بولىدۇ.
- قۇرۇق دۇئانى قىلماي كۆچەت تىكىشنى ئۈگەن.
- يولدىكى پاسكىنىچىلىق كۆڭلىنىڭ نۇرىنى كىرلىتەلمەيدۇ.
- سېۋەتنى سۇدىن چىقارغاندا ئىچىدىكى سۇنىڭ ئېرىقتىكى سۇ ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ.
- ئاچكۆزلۈك ۋە شەھۋەت ھەرقانداق سەتنىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.
- ئېسىل كۆڭۈللەر ھەقنىڭ ياخشىلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭغا قابىلىيەت لازىم ئەمەس. ئەگەر قابىلىيەت لازىم دەپ قارىساق، ئۇنىڭ بىرى ئېھساندۇر. قابىلىيەت قاسىرىقى بولسا، ئېھسان مېغىزىدۇر.
- ھەقنىڭ ئەرشى ئادالەتنىڭ ماكانىدۇر.
- قانائەت قىلغان بۇ سەۋەپتىن ئۆلۈپ قالمىدى. ئاچكۆزلۈك قىلغان بىرسىمۇ سۇلتان بولمىدى.
- ئەسكى يىلان ئەسكى دوستتىن ياخشى.
- جان بولمىغان بەدەن تۇپراقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.
- تەۋۋا قىل! بۇغدايني كۆرستىپ ئارپا ساتما.

- ئىنسانلىق كۆچەتلىرىنىڭ كۆكرىپ، ئۇ تىكەنلىكنىڭ روھانىي گۈل باغچىسىغا ئايلانسۇن.
- باياشاتچىلىق ئىنساننى ھاكاۋۇر قىلىۋېتىدۇ. ئەقىلنى باشتىن، ئىزانى يۈزدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.
- مۇز قۇياشنى كۆرسە ئېرىپ كېتىدۇ.
- تاش تاشلىق سۈپىتىدىن ۋاز كەچمىگىچە ئۈزۈككە كۆز بولالمايدۇ.
- كىبىرنىڭ ئارزۇسى دائىم مەنسەپ ۋە مال ـ دۇنيا.
- ئاشىق بولمىغان بولسا مەۋجۇتلۇق يوق بولغان بولاتتى.
- شېكەرنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلارنىڭ قۇلاقلىرى نەسىھەت ئاڭلىمايدۇ.
- گەرچە دەرەخنىڭ يىلتىزى يوشۇرۇن بولسىمۇ، يېشىل ياپراقلىرى يۈزىدە ئاشكارە بولىدۇ.
- يىلتىزى قانداق بولسا ياپراقلىرىدا شۇ ئىپادىلىنىدۇ.
- ئىلىم بىلەن ئادەم پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.
- بەزىلەر ئۈچۈن ئالتۇن جاندىنمۇ ئەلا. ئەمما ئىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن جان ئالتۇندىن بىباھا.
- قولۇڭنى دەريانىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئىچىدىن قۇرۇق تۇپراق ئىزدىمە.
- ھەر كىم ئۆزىنى بىر ئىشقا پىدا قىلىدۇ. ئۆمرىنى ئۇ يولغا ئاتاپ، ئاشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ.
- ئەقىل، پىكىر، تەدبىرلەر ئىنسانغا قۇل ئىكەن، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭنى كىچىك ئىشلارغا ئۇپراتما.
- گۈل باغچىسىنى يۇرت قىلغان كۈلخاندا ئولتۇرامدۇ؟
- ھەر كۈننىڭ كەيپى باشقا.

- ھەر كۈننىڭ چۈشەنچىسىدە باشقا بىر ئەسىر بارلىققا كېلىدۇ.
- سەن بىر تامچە سۇغا يوشۇرۇنغان ئىلىم دېڭىزى.
- سېنىڭ بەدىنىڭگە ئالەم يوشۇرۇنغان.
- بىر تىرىكنى ئۆزىگە يار قىلغان كىشى، بىر ئۆلۈكنى ئۆزىگە يار قىلارمۇ؟
- سايە كۈندۈزى كۆرۈنىدۇ.
- بۇلۇتنى كېچىدە ئىزدىمە.
- ئاشىقلارنىڭ شارابى كۆڭۈل قانىدۇر.
- ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرى ھەرۋاقىت يولدىن، مەنزىلدىن ئايرىلمايدۇ.
- ئىنساننىڭ بەدىنى بىر مېھمانخانىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى باشقا مېھمانلار كېلىپ قونىدۇ. ھەرگىز «مېھمان ماڭا يۈك بولىدى» دېمە. بىراز قالىدۇ يەنە قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىدۇ.
- غەملەر سېنىڭ خۇشاللىق يولۇڭنى توسسا ئۈزۈلمە. چۈنكى ئۇ غەم سېنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق، بەخت ئەكېلىدۇ. غەم كۆڭۈل ياپراقلىرىدىكى سارغايغان، قۇرىغان يوپۇرماقلارنى ئايرىپ، تالدىن يېڭى يوپۇرماقلارنىڭ چىقىشىغا ياردەم قىلىدۇ.
- ئاشىق بىر ئېقىن دەريادۇر، كۆللەرنىڭ سۈيى ئۇنىڭ ئالدىدا كۆپۈكتەكلا.
- ئاشىقسىز جاھان مۇزدەك قېتىپ كېتىدۇ.
- شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچما.
- يىغلاش بىلەن كۈلۈش كۆڭۈلنىڭ دەردى ۋە خۇشاللىقى. ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق مەنبەسى بار.
- ھەر خەزىنىنىڭ بىر ئاچقۇچى ۋە ئۇنى تۇتقان بىر قول بار.

- ئەسكى ئۇرۇقنى تىكمە، ئاقىۋىتى ئاشكارە بولىدۇ.
- ھېرىس، شەھۋەت، ھەسەتلەردىن ۋاز كېچىش ئەركەكلىك ئىشى.
- ئاتىنى، ئاتقا ئىگە بولۇش ۋە ئاتىنى مىنىپ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىزدەيدۇ.
- ئاتقا بولغان مۇھەببەت، كىشىنى مەنزىلگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.
- سۈرەت ئۈچۈن ھەسرەت چەكمە.
- خاس قۇل بول. ئەسكى خۇيلاردىن قۇتۇل. زەھەرمۇ ساڭا ئابھايات بولسۇن.
- يوقلۇقتىن باش كۆتۈرگەن ھەربىر مەۋجۇتلۇق، بىرسىگە زەھەر بولسا، بىرسىگە ھەسەل.
- يۇلتۇزلارنى تونىغان كىمچىدىن باشقىسىنىڭ ھېسلىرى، يۇلتۇزلار ئارقىلىق يول تاپالمايدۇ.
- ئەقىل ئەجەل ئەندىشىسىدە تۇرغاندا، ئاشىق شاتلىققا تولىدۇ.
- خام كىسەك يامغۇردا ئېرىسا، تاشقا ھېچ نىمە بولمايدۇ.
- پەردە ئىچىدىكى پەردىلەرنى يىرتىپ ئۇ پادىشاھنى كۆر.
- ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغان ياخشى.
- ئۆز ۋاقتىدا قىلمىغان ئىش، قىلىنمىغان ئىش ھېساپلىنىدۇ.
- مېۋە كۆچىتى ئۆز پەسلىدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.
- ئەي غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلىغانلار، ماتەم تۇتماقچى بولساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن تۇتۇڭلار.
- قاتتىق ئۇيقۇ، ئۆلگەن بىلەن تەڭ.
- ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغان ئادەم، ئاخىرى ياقىسىنى يىرتىپ پۇشايماندا قالىدۇ.

- دېڭىزنى كۆرگەن دەرياغا ئەسىر بولمايدۇ.
- زەررە بولساڭ زۇھال يۇلتۇزىغا قارا! چۈمۈلە بولساڭ سۇلايمانغا نەزەر سال!
- جاننى كۆرگەن جىسمىدىن ۋاز كېچىدۇ.
- ئىنسان بىر كۆزدۇر، قالغىنى تېرە بىلەن گۆش. كۆز نېمىنى كۆرسە شۇنى دوست تۇتىدۇ.
- كۆڭۈل ئەھلى دەريادەك دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ.
- جاھاندىكى بارلىق نېمەتلەر يىراقتىن قارىسا شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنسىمۇ، يېنىغا كەلگەندە بىر ئىمتىھاندۇر.
- سەۋر قىل، سەۋر قىينچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، غەلبىگە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.
- خەلققە قۇل بولۇپ ئالدىدا ئاتتەك يۈگۈر. جىنازىدەك جامائەتكە يۈك بولما.
- ئادەم ئۆز ھالىغا قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك. بولمىسا ھۆددىسىدىن چىقالماي دەرتكە قالىدۇ.
- ئاشىق چارىسىز دەرتتۇر. ئۇنىڭ چارىسى يەنە ئۆزىدۇر.
- ئاشىق دەردى داۋاسىز دەرتتۇر. ئۇنىڭ داۋاسى ۋىسالغا يېتىشتۇر.
- ئىتلارنىڭ ھاۋشىپ تالاشلىرىدىن كارۋان يولىدىن توختاپ قالامتى؟
- ئايدىڭ كېچىدە ئىتلارنىڭ بىر-بىرلىرىنى تالاشلىرى تولۇن ئاينىڭ پەيزىنى بۇزالامتى؟
- ئوتنىڭ ئوزۇقى تىكەن.
- ئارىفلىق پۈتۈنلەي جاھاننىڭ جانىدۇر.
- كىم ئىرپاندىن مەھرۇم بولسا ئۇ جانسىزدۇر.

- گۈل تاللىرى نەدە ئۆسسە ئۆسسۇن، ئۇ يەنىلا گۈلدۇر.

- دۇنيانىڭ كۆرۈنىشى جەننەتتەك گۈزەل، بىراق مەنىسى بىلەن ئىچ يۈزى دوزاق ئوتىدەك. شەكىل ۋە رەڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا گۈلدەك گۈزەل. ئەمما ئىچى زەھەرلىك يىلان.

- ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن كۆرۈپ ئۇلۇغلىغانلار خەلقنىڭ ئۈستىگە يۈك ئارتىدۇ. ئۆزىمۇ خەلققە يۈك بولىدۇ.

- قىزىنىڭ ئەكسى دادىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ.

- مەڭگۈ كۆكلەرگە قاراپ يۈكسىلىش ، پەقەت توغرا يولنى تېپىش كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

- تاماخورنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت.

- ھەر سۆزگە ئىشەنگەن پۇشايمانغا قالىدۇ.

- يالغۇزلۇق ئەسكى دوستتىن مىڭ ياخشى.

- ئەي ئالتۇن كەمەرلەرنى تاقىغان، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان كىشى! ئاخىرى ساڭا يەڭسىز، ياقىسىز كىپەن كىيدۈرىلىدۇ.

- ئۆلۈمىڭ سېنى مازارغا ئاپىرىدىغان ئۆلۈم ئەمەس. بەلكى سېنى نۇرغا ئاپىرىدىغان ئۆلۈملەردىن بولسۇن.

- چۈمۈلە بۇغدايلار بىلەن تولغان خامانغا قارىماي، پەقەت بىر تال بۇغدايغا نەزەر تاشلايدۇ.

- باشقىلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئۈچۈن كەبىگە بارىدۇ. ھالبۇكى كامىل ئىنسانلار دائىم ئۇ يەردە تۇرغاندەك ياشايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن كەبىنىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت ئوچۇق.

- بۇ پانى دۇنيا بازىرىدا مەنىۋى ئالتۇن تاپماقچىمۇ سەن؟ ئىزدىگەنلىرىڭ تەڭرىدىن باشقا بىرسىدە بارمۇ؟

- ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى ئېسىل تىلەكلەر بىلەن ئۆتتى. قالغان يېرىمى دۈشمەنلەرنىڭ دەرتلىرى بىلەن يوق بولۇپ كەتتى.

- خۇيى پىتنە ـ پاسات بولغاننىڭ ئۆزىمۇ ئوغرى. ئۇ ھەر ۋاقىت باشقا بىر خىيال، باشقا بىر قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوغرىلىق قىلىدۇ.

- ئەسلىدە ماددى گۈزەللىك ئېتىبارسىز. چۈنكى ئۇ گۈزەل يۈز كىچىك بىر تىكەننىڭ زەخمىسى بىلەن يارا بولۇپ سەتلىشىپ كېتىدۇ.

- ئادەمنىڭ ياخشىسى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان ئادەمدۇر.

- ساغلام ئەقىلگە ئىگە بولمىغانلار، ئەقىللىقلارنىڭ يېنىدا خام كېسەككە ئوخشايدۇ.

- كۈچلۈك يەتمىسە يوشۇرنۇۋال. كۈچلۈك يەتمىسە قېچىشنىڭ ئۆزى سۈننەت.

- توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ.

- يول دېگەن نېمە؟ نۇرغۇن ئاياق ئىزلىرى بولغان يەردۇر.

- دوست دېگەن تەدبىر شوتىلىرى بىلەن سېنى يۇقىرىغا چىقارغان كىشىدۇر.

- ياخشى دوست سەپەردە ھەمرا بولسا، سەپىرىڭ خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

- قەلەم بىلەن قەغەز دوست بولمىغان بولسا، قەغەزگە قۇرلار تىزىلمىغان بولاتتى.

- بىر ئۆمۈر گۇناھ قىلىپ، ئەزىز ئۆمۈر تۈگىگەندە «ئەئۇزۇ» دېگەننىڭ نېمە پايدىسى.

- غەپلەت ئۇيقۇسى ئىنساننىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

- يوقتىپ قويغان نەرسىلەر ئۇچۇن مەيۇسلەنمەڭلار. ھەر ئەسكى ئىشنىڭ ئارقىسىدىن بىر ياخشىلىق بار.
- تۇۋا بىر سايىدۇر، رەھمەت ـ مەرھەمەت بولسا پارلىغان تولۇن ئاي.
- ھەممە يەردە سەنسىز بىر ھايات يوق. سېنىڭ ياخشىلىقىڭ بولمىسا بەندىدە بىر بارلىق بولمايدۇ.
- سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۇيقۇدىن ئويغات! سۇنىڭ ئاۋزىنى ئاچلىغان كىشى ئۇسسىغاندەك.
- تىرىشقان مەقسىتىگە يېتىدۇ. سەۋر قىلغان غەلبە قىلىدۇ.
- سۆز بەدەنگە ئوخشىسا، سۆزنىڭ مەنىسى بىر جاندۇر.
- تەن كۆزى دائىم تەننى كۆرسە، جان كۆزى يورۇق جاننى كۆرىدۇ.
- ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىڭ ئۆلگەندە كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ مېھرىبانلىق قىلغان بولساڭ، تىرىكلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىل.
- دوستلارنىڭ جان تالىشىشىنى، يوقلۇقنى ئالدىنئالا كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر.
- بولغان ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىپ ئىچىڭگە ياخشىلىقنى يەرلەشتۈر. ئىچىڭدىكى ئۆچمەنلىك، ھەسەت، قىزغانچۇقلۇقنى يۇلۇپ ئات.
- سۆزنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان كىشىگە سۆزلە. ئۇ سۆزنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.
- سۆز ئاڭلىغۇچىغا قاراپ دېيىلىدۇ.
- تىككۈچى ئادەمنىڭ بويىغا قاراپ كىيىم پىچىدۇ.
- نادانلار بار سورۇندا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.
- ھەقىقىي دەرۋىش بەدەنىدىن، مالدىن ۋاز كېچەلىگەن كىشىدۇر.

- تىلەمچى مېلى يوق كىشىدۇر. قانائەتكار كىشى جىسمىنى پىدا قىلغان كىشىدۇر.
- سەن تىلەيدىغىنىڭنى تەڭرىدىن تىلە. تەڭرى ھېچقانداق كۆڭۈلنى رەت قىلمايدۇ.
- چىشى يوق ئىت ئادەم چىشلىمەي ئوغۇت پۇرايدۇ.
- ھەيۋەتلىك، چىرايلىق توزدەك كۆرۈنگەن، كۆڭۈل ئىگىلىرى ساڭا قاراپ زوقلانسۇن.
- تاتلىق تىللىق شاتۇتتەك بول. سۆزلىرىڭنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ دىلى يايرىسۇن.
- ئاشىق بۇلبۇلدەك نالە قىلىپ سايرىغىنىڭكى، باغلاردا ئاۋازىڭ ياڭرىسۇن.
- شەھۋەتلىك ئۆمۈر دوزاقنىڭ دەسمايىسى.
- شامالنى كۆزلىرىڭ كۆرەلمىسە، يوپۇرماقلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارا.
- ئىچىڭدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئىشلىرىڭغا تەدبىقلىسەڭ، ئاندىن ئۇ كۈچ مەيدانغا چىقىدۇ.
- بىر خىيالغا ئەسىر بولۇپ ئادەملەرنى ياخشى كۆرىسەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئادەمنى ياراتقاننى سۆيمەيسەن؟
- بىر نەرسىگە تەسىر قىلغان نەرسىنى كۆرىسەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھەقىقى تەسىر قىلغۇچىدىن خەۋەرسىز سەن؟
- قەغەزدىن قانات ياساپ ئۇچۇشتىن ھەزەر ئەيلە. بۇ ھەۋەستىن قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى سۇنۇپ، باش ـ كۆزلىرى يېرىلدى.
- قىلتاقنى تۇيغان قۇش دان دانلىمايدۇ ۋە ئالدىغا قەدەم باسماي جىم تۇرىدۇ.

- ئاقىۋەتنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلىغان كۆز، نېمە دېگەن ئېسىل كۆز ھە!
- ئەگەر زىيان تارتىشنى خالىمساڭ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا.
- ئۆلۈملۈك بۇ دۇنيادا ئۆلۈم ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەي، ئىش قىلىش پۇرسىتىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەك.
- چاڭ-توزاڭنى كۆرگەن بولساڭ، شامالنىمۇ كۆر. كۆپۈكنى كۆرگەن بولساڭ دېڭىزنىمۇ كۆر. ھەقىقەتنى كۆرگەن كۆز ئەنە ئاشۇنداق كۆرىدۇ. قالغىنى ياغ بىلەن گۆش ۋە بەزدۇر.
- كۆزۈڭدىكى پەردە يوقالسا، تامچىدىن دېڭىزنى كۆرىسەن.
- شەپەق قۇياشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىپادىسى.
- ئىلىم بىلەن ھېكمەت جاپالىق يولدۇر. پەقەت ئوڭاي يول بولغان بولسا ھېكمەت بولمايتتى.
- ئاتا-ئانىلارنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولىدۇ. قاغىشى بولسا تۇتىدۇ.
- تىكەنگە سەۋر قىلساڭ گۈل ئېچىلىدۇ.
- كىم قىپ-يالىڭاچ كۆرۈنسە ئۇ چوقۇم سەۋرسىز بىرسىدۇر.
- خۇيلارنى ياراتقانىنىڭ خۇيى بىلەن خۇيلان.
- سۆزى تاتلىق بولسىمۇ ناداننى دوست تۇتما.
- بۈركۈتنىڭ قانىتى سېنى سۇلتاننىڭ سارىيىغا ئاپىرىدۇ. قاغىنىڭ قانىتى مازارلىققا.
- قاچانغىچە مەسەل، يۇمۇرغا ئالدىنىپ مەۋجۇتلۇقىڭدىن مەھرۇم قالىسەن؟ قاچانمۇ «ۋەت-ۋەت» دېيىشلەردىن قۇتۇلۇپ ئادەم بولىسەن!
- ساڭا سېنىڭدىن باشقا بىر كۈلكىلىك نەرسە بارمۇ بۇ دۇنيادا؟ خاراپ بولغان مەنزىلىڭگە، مازىرىڭغا بىر قاراپ باق!

- ئەي نادانلىق ۋە شۈبھە قەبرىسىگە ھېرىسمەن ئادەم، قاچانغىچە قۇرۇق يۇمۇر-لەتىپىلەر ۋە مەسەللەرگە ئالدىنىپ ۋاقتىڭنى بىكارغا ئۆتكۈزىسەن. ياكى ئۇلاردىن ئىبرەت ئالماي كۈلۈپلا ئۆتكۈزىۋېتىسەن.

- ھەر ئادەمنىڭ تىككۈچىسى بولغان بۇ پەلەك، سېنىڭدەكلەرنىڭ تەقدىرىنى ئەنە ئاشۇنداق پىچىدۇ.

- بۇ ئۆمۈر بىر پارچە رەختۇر. بۇ پانى دۇنيا تىككۈچىگە ئوخشايدۇ. بۇ دۇنيادىكى شەھۋەتلەر، ئويۇن-تاماشالار، كۈلكە-چاقچاقلار، بارلىق ماددىي گۈزەللىكلەر ئاشۇ قىززىق يۇمۇرلارغا، ھېكايە-مەسەللەرگە ئوخشايدۇ. ئويۇن-تاماشاغا ئالدىنىپ، ئۆمرۈڭنى پانى ئالەمنىڭ سىمۋولى بولغان ماشىنچىغا پارچىلىتىپ ئوغرىلاتما!

- ئەي يىگىت، ئەقىللىق بول! ئۆمۈر ئەتلىسىڭدىن چىرايلىق، مەڭگۈلۈك ۋە تەقۋا بىر كىيىم تىككۈزۈشكە تىرىشقىن!

- تەكەببۇرلۇقتىن، مەغرۇرلىنىشتىن قۇتۇلغىن! كېرەكلىك، زۆرۈر بولغان كۆپرەك نەرسىلەر ئۈستىدىن ئوق ئاتقىنىكى، ھەقنىڭ ئىلاھىي رەھمىتى دەرھال سېنىڭ ئۈستۈڭگە ياغسۇن.

- ئۈمىدسىزلىك ئەقىلنىڭ دۈشمىنى.

- ئاشىق ئەندىشە قىلمايدۇ. ئەمما ئەقىل ئۇنداق ئەمەس. ئەقىل داۋاملىق پايدىلىق نەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

- ئاشىق جاپاكەش، پىداكار بولىدۇ. بالا-قازالار ئالدىدا تۈگمەن تېشىدەك تۇرىدۇ.

- ھېچكىم ئاشىقتەك ساراڭ ئەمەس. ئەقىل ئاشىق سەۋداسى ئالدىدا كۆر ۋە گاس بولۇپ قالىدۇ.

- جان قۇشىنى قوغلىساڭمۇ، ئۇ يەنىلا سېنىڭ تېمىڭنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقى سېنىڭ تېمىڭنىڭ تۈۋىدە. كۆكلەردە ئۇچسىمۇ ئۇنىڭ ئەقلى-پىكرى سەندە بولىدۇ.

- قېرىنداشلىرىڭنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندا، يۇسۇپتەك قۇدۇق ئىچىدە قالغىنىڭ ياخشى.
- سىرداشنى كۆرسەڭ جان سىرىڭدىن سۆز ئاچ. گۈلنى كۆرسەڭ بۇلبۇلدەك نالە قىل.
- ھىلە-مىكىرگە تولغان بىرسىنى كۆرسەڭ، ئاغزىڭنى سىرلىق كوزىنىڭ ئاغزىدەك چىڭ ئەت. سۇنىڭ ئۈستىدە جىم ئاق، قىرغاقتىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ چېقىلىپ كەتمە.
- نادانىنىڭ زۇلۇملىرىغا سەۋر قىل. ھەمراسى بولمىغان ئەقىل بىلەن ياخشى ئۆت.
- ئەقىلسىز ئالدىدا سەۋر قىلىش ئەقىللىقنىڭ جۇلاسىدۇر.
- سەۋر كۆڭۈل ئەينىكىنى تازىلاپ، پارقىرىتىۋېتىدۇ.
- بەدىنىڭدىكى ھەر بىر ئەزادىن سوراپ باق، بۇ ئەزالار تىلسىز كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يۈزلەرچە تىلى بار.
- يازدا ئېتىزلاردا كېۋەز يېتىشىپ ئۇنىڭدىن پاختا ئېلىنىدۇ. پاختا قالىدۇ، ياز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.
- باھار كەلمىگىچە مېۋە كۆچەتلىرى چېچەك ئاچمايدۇ.
- ھال گۈزەللىكىگە جان ھەيراندۇر.
- بەدىنىڭ بىر گۈل دەستە، پىكرىڭ گۈل سۈيى. گۈل سۈيى گۈلنى ئىنكار قىلىدۇ! نېمە دېگەن ھەيران قالارلىق ھە!
- ئەقىللىق شەيخلەر ھەرقانداق شاش ئارسلاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۈستىگە مىنىۋالايدۇ.
- پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئەسكىلىكىگە سەۋر قىلساڭ، ئاخىرى غەلبە قىلغان سەن بولىسەن.
- ئۆكۈزنىڭ مېڭىشى يۈكنى توشۇش، ھارۋىنى سۆرەش ئۈچۈن

ئەمەس. بەلكى تاياقتىن قورقۇپ ماڭىدۇ. ئۆكۈزدەك ئادەملەر بۇ دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نەپسى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ھەر بىرى يارىسىغا مەلھەم ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالەمنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ.

- بارلىق كىشىلەر ياخشى ياماندىن قورقىدۇ. ئەمما ھېچ كىم ئۆزىدىن قورقمايدۇ. دېمەككى ھەر كىمنىڭ بىر رەقىبى بار.
- بەدەننى روھقا ئىگە قىلغانمۇ ئۇ، كېمىنى نوھقا بوي سۇندۇرۇپ بەرگەنمۇ ئۇ.
- ھەر يالغان توغرىدىن چىقىدۇ.
- دورا، دورا پېتى تۇرسا بىر ئىشقا ئەسقاتمايدۇ. پەقەت ئاغرىق ئىچىپ، دورا مەۋجۇتلۇقنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاندىن رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.
- بۇ دۇنيادىكى رەڭمۇ رەڭ ئىنسانلار قەبرىگە كىرگەندە ئوخشاش بىر رەڭدە بولىدۇ.
- شەكىلگە ئەمەس، مەنىسىگە قارايدىغان بېنىشكەن ئىنسانلارنىڭ قىبلىسى سەۋر، چىدامچانلىقتۇر.
- شەكىلگە، كۆرۈنۈشكە چوقۇنغانلارنىڭ قىبلىسى تاشلاردىكى نەقىشلەر، رەسىملەردۇر.
- بىرسىگە قانداق خۇي-مىجەزنى بەرگەن بولسا، ئۇ شۇ خۇي-مىجەزگە لايىقتۇر. بىرسىگە مال-دۇنياغا ئاشىق بولىدىغان خۇينى بەرسە، يەنە بىرسىگە ھەققە ئاشىقلىقنى بېرىدۇ.
- ئەجەل كەلگەندە بەدەن قانداق ئېرىسە، جانسىز نەرسىلەرمۇ شۇنداق ئېرىيدۇ.
- مەيلى مۆمىن، مەيلى يەھۇدى، خىرىستىيان ۋە ئاتەشپەرەس بولسۇن ھەممىسى جانابى ھەققە مۇھتاجدۇر.

❁ ھەتتا تاغ ـ دەريالار، تاش ۋە سۇلار، تۇپراق ۋە ئوتلارمۇ جانابى ھەققە ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ.

❁ ھەركىم مەرىپەت ۋە پەزىلەت داۋاسىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئەڭ مۇھىم بولغىنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىشتۇر.

❁ ھىلە ۋە خىيانەتنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلار ئۆزى قىلىدۇ.

❁ يالغان سۆزلەر ئوت ـ چۆپكە ئوخشايدۇ. يا كۆڭۈلدە ياكى ئېغىزدا تۇرمايدۇ. ئوت ـ چۆپنى قەتئىي ئېغىزدا ساقلىغىلى بولمايدۇ. ئېغىزدا چۆپ بولسا، تىل ئۇنىڭغا تاقىشىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئاغزىڭدىن چىقىرىپ تاشلاپ راھەتلەن.

❁ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى زوراۋانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېھسان ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن بولىدۇ.

❁ ئادالەت بىر نەرسىنى لايىقى بىلەن ئىجرا قىلىش دېگەنلىكتۇر. زۇلۇم لايىق بولمىغان ۋاستە قوللىنىش دېگەنلىكتۇر.

❁ ئەگەر قىبلەڭنى ئۇنۇتساڭ، بارلىق باتىل قىبلىلەرمۇ سېنى قوبۇل قىلمايدۇ.

❁ ھەركىم ئۆزىگە لايىق بولغان بىلەن دوست بولسۇن.

❁ كۆڭۈل ـ كۆكسى ئېچىلىپ ئۆزئارا پاراڭلىشىش مۇھەببەتتىن كېلىدۇ.

❁ سۆيگۈنى كۆرگەن كۆڭۈل مۇھەببەتسىز قالمايدۇ.

❁ بۇلبۇل گۈلنى كۆرگەندە نىداسىز قالماس.

❁ دوست، دوست بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۆلپەت بولغاندا كۆڭۈل سىرلىرى ئاشكارە بولىدۇ.

❁ خىزىرنىڭ دوستلۇقى ئۆلۈك بېلىقنىمۇ تىرىلدۈرىدۇ.

❁ دوستلۇق ئىنساننى مەست قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

❁ ياخشى كۆرگەن ماددىي نەرسىلەر ئادەمنى كور ۋە پاك قىلىپ

قويىدۇ.

- كۆڭۈل كۆزى روشەن كىشىلەر پەردە ئارقىسىدىكى بارلىق سىرلارنى كۆرەلەيدۇ.
- دۇنيادا ئىنسان روھىدىنمۇ بەكرەك سىرلىق نەرسە يوق.
- ئەگەر ئۇلۇغ بىر كۆز روھنى كۆرەلىسە، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق سىر ئاشكارە بولىدۇ.
- ئادىللىق ھەقنىڭ سۈپىتى. شاھىتلىقمۇ ئۇنىڭغا ئائىت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل ۋە شاھىت جان كۆزىنىڭ نۇرىدۇر.
- ھەر ئىككى ئالەمدە، كۆڭۈل ھەقنىڭ نەزەرگاھىدۇر.
- ھەقنىڭ مۇھەببەتنى ۋە گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سىرى، بۇ پەردىلەرنىڭ، بۇ ھېكمەتلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ھەق مىراجدا «سەن بولمىغان بولساڭ كۆكلەرنى ياراتمايتتىم» دېگەن ئىدى.
- ھەممە كىشىنىڭ ئوزۇقى جالالىنىڭ نۇرى بولسا، پۈتۈن ئېغىزلاردىن گۈزەل سۆزلەر تۆكۈلەتتى.
- ئەي دوستلار، غەيۋەتلەردىن ۋاز كېچىڭلار. شۈبھەسىزكى ھاۋايى - ھەۋەس ئەرلەرنىڭ ئاجىز نۇقتىسى. بۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ.
- گۈزەل ئەخلاق بىلەن خۇيلان. گۈل سۈيىنىڭ خۇيى گۈلدىن كەلگەنلىكىنى بىل.
- ئېرىقتىكى سۇلار ئېقىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسلى كۆكتە.
- مەيلى شاھ، مەيلى گاداي ھەممىسى ھەققە مۇھتاج.
- كامالغا تولغان قۇياش ئالدىدا، چىراقتىن مەدەت تىلمە.

- جىسمى زىندان، جانى ساماۋىي بولغان كىشى، نادىر كىشىدۇر.
- بەزىلەر مەسچىت يولىدا بەختىيار، بەزىلەر باغ گۈلىستاندا غەمگۇزار.
- ئەخمەق كىشىلەر كۆڭۈل كۆزى كور بولغان چاغدا، ئىمانىنى بىر چۆگۈن چايغا تېگىشىۋېتىدۇ.
- باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغانسېرى راھەت ۋە بەختىيار بىر ھايات ياشاۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن. ئەسكىلىك قىلغانسېرى بۇ ھاياتىنىڭ ھوزۇرى سەندىن ئۇزاقلىشىپ، ھاياتىڭ زىندان بولىدۇر.
- زىت، زىت بىلەن ئاشكارە بولۇر.
- ئاللاھ قورقۇسى ئاستىدا نەپسانىي ھەۋەسلەردىن ۋاز كەچسەڭ، ئىشىك ئالدىڭدىن كەۋسەر ئاقىدۇ.
- سەۋر رەھبىرى ساڭا قانات بولسا روھىڭ ئەرشكە يۈكسىلىدۇ.
- ئاشىق چوڭلار ئۈچۈن بال، كىچىكلەر ئۈچۈن سۈت.
- شەيتان ئەپسۇن ئوقۇپ، ھاۋاغا «يە» دېسە يېگەن ئىدى.
- بۇ جاھاندا بىرىنچى قاتىللىق جىنايىتى ئايالنىڭ دەستىدىن بولغان ئىدى. قابىل ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ قولىنى قانغا بويىغان ئىدى.
- ئايالنىڭ ھىلىسى بىلەن نوھنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىغان نائەھلى ئۇنىڭغا تاش ئاتقان ئىدى.
- ئەي رەببىم، بىزگە شۇنداق بىر داھىي نىسىپ قىلغىنكى، بىزنى بەدەن ساندۇقىدىن قۇتقازسۇن.
- خەلقنى ساندۇقتىن نەبىلەردىن باشقىسى قۇتۇلدۇرالمايدۇ.
- ساندۇقنىڭ ئىچىدە بولغانلىقىڭنى پەقەت مىڭدىن بىر كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ.

- «بىلىــم مۆمىنىنىــڭ يوقىتىــپ قويغــان مېلىــدۇر.» يوقىتىــپ قويغــان مــال مۆمىنگــە ئېنىقتــۇر.
- كىچىكىدىــن ئەســىر بولغــان ياكــى ئانىســىدىن قــۇل بولــۇپ تۇغۇلغــان ئەركىنلىكنىــڭ تەمىنــى بىلمەيــدۇ.
- قۇللۇقتــا كۆنــۈپ قالغــان ئــادەم قەپەزدىــن قۇتۇلۇشــنى ئويلىمــاي، قەپەزنىــڭ ئىچىــدە ئۇياق ـ بۇياققــا مېڭىــپ يۈرىــدۇ.
- كۆزۈڭنى ھەقنىڭ گۈزەللىكىدىن باشقىغا بۇرىما.
- ئىنسان «قىلما» دېگەن ئىشنى قىلىشقا ھېرىسمەندۇر.
- قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەقلنى ئۆزۈڭگە رەھبەر ئەيلە.
- گۈلدىكى تىكەندىن ھەزەر ئەيلە.
- ئېغىلــدا ئۆكۈزنىــڭ ئورنىــدا بىــر ئېشــەك كۆرســەڭ، دەرھــال گۇمانــدا بو ل .
- كۆڭۈلنــى ئايدىڭلاتقــان ئەقلىڭدىــن ئېزىــپ، كۆپكۈنــدۈزدە قاراڭغۇلۇقتــا قا لما .
- سۈرەتنى كۆرۈپ ھەرگىز ھوشۇڭنى يوقاتما.
- يا مۇزەپپەر بول، ياكى مۇزەپپەر بولغاننى تاپ.
- ئەقىــل ئاچقۇچــى بولمىســا ســىرلارنىڭ ئىشــىكىنى ئاچىمــەن دېيىــش قــۇرۇق ھەۋەســتىن ئىبــارەت.
- پۈتۈن دۇنيادىكى لەززەتلەر ھىلىدىن ئىبارەت.
- قوي يايلاقتا ئوتلىسا، پادىچى ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولسۇن.
- قازاننىڭ تېشى ئوتنىڭ سۈرتى بولسا، ئىچىدىكى مەناسىدۇر.
- كۆڭۈلدىكــى زەرىچىلىــك بىــر ھۈنــەر، ئادەتتىكــى مىڭلارچــە ھۈنەردىــن ياخشــىدۇر.

- كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەر نەرسە ھەقىقىي نەرسىدۇر.
- ئاشىق ماكانسىزلىق ئالەمىدە ھارارەتنىڭ مەنبەسى. ئۇنىڭ بىر ئۇچقۇنى بىلەن يەتتە دوزاقنى تۇمان قاپلايدۇ. ئاشىق ئوتى دوزاق ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ. شۇڭا دوزاق ئوتى شۇنداق دەيدۇ: «تېز ئۆچ! بولمىسا ئوتۇڭ بىلەن ئوتۇمنى ئۆچۈرىۋېتىسەن»
- ھەممە نەرسە تۇپراقتىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. يەنە ھەممە نەرسە قايتىدىن تۇپراققا ئايلىنىدۇ.
- ئەمەلىيەتتە ئوت قىزىل كۆرۈنىدۇ، بىراق خەلق ئۇنىڭ قارا ئىسلىرىدىن قارىيىپ كېتىدۇ.
- چاقماقنىڭ نۇرى گۈزەل كۆرۈنىدۇ كۆزنى چېقىپ، كۆرمەسلىككە سەۋەپ بولىدۇ.
- دىققەت قىل، ھەسەت بىلەن يولداش بولما. ھەسەت بىر سۇلالىنى خاراپ قىلىدۇ.
- سەن بىر ئىنسانغا ھىلە ۋە ھەسەت قىلساڭ، روھنىڭ ھوزۇرىدىن مەھرۇم قالىسەن.
- ھەق يولىنىڭ تۇپرىقى بول، ھەسەتچىنىڭ كۆزىگە تۇپراقنى چاچ.
- روھلار ئەسلى ۋەتىنىگە كەتكەندە، تەن بۇ يەردە دەم ئالىدۇ.
- ھەممە كىشى ياخشى كۆرۈپ ئىچىدىغان تاتلىق سۇنىڭ بېشىدا ئادەم كۆپ بولىدۇ.
- ئاي نۇرىنى چاچسا، ئىت ھاۋشىپ تۇرىدۇ، ئاينىڭ نېمە گۇناھى باركى؟ ئىتنىڭ خۇيى شۇ تۇرسا.
- ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىنسانلىرى بار، ئۇلار يەر يۈزىگە چۈشكەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. قارا تۇپراققا چۈشسە بەرىكەت كېلىدۇ، دېڭىزغا چۈشسە ئۈنچە ـ مەرۋايىت مەيدانغا كېلىدۇ.

- ئاشىقى بولمىغان كىشى ئۆلۈكتەك ياشايدۇ. ئاشىق بىلەن ئۆلگەن مەڭگۈ تىرىك تۇرىدۇ.
- دۇشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان دۇشمەن، ئىچىڭدىكى نەپرەتتۇر.
- ئىنسان نىمە ئىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاسان تۇيۇلىدۇ.
- سەن ئاشىق بولمىغىچە سۆيگۈنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. يوقال! چۆپلۈكتە ئوتلا، سەن بىر ئېشەكسەن.
- ھەقىقىي دوست ئەقلىمىز، نەپسىمىز بولسا دۇشمىنىمىز.
- ياتلارنى ئالدىغان ئۆز خەلقىنىمۇ ئالدايدۇ.
- پەرەز قىلىشتىن بۇرۇن ئۆگەن. ئەيىپلەشتىن بۇرۇن ئاڭلا. زەخىملىنىشتىن بۇرۇن ھېس قىل. سۆزلەشتىن بۇرۇن ئويلا.
- يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن ۋە ياكى كۆرۈنگىنىڭدەك بول.
- كېمىگە سۇ كىرسە چۆكىدۇ، ئاستىدا سۇ بولسا كېمە ئۈزىدۇ.
- ئىلىم كۆڭۈلدە بولسا دوست بولىدۇ. تەنگە قول بولسا يۈك بولىدۇ.
- كىمكى ئارپا ۋە ئوت يېسە قۇربانلىق بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ نۇرىنى يېسە قۇرئاندەك بولىدۇ.
- خالتاڭنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك نەرسە بولمىسا، ئۇ تاشلارنى تۆكۈپ ئىچىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپارغىلى بولىدىغان ئەقىلگە ئۇيغۇن نەرسىلەر بىلەن تولدۇر.
- خالىساڭ پەردىنىڭ ئاستىغا كىر، كۆزلىرىڭنى يۇم. سېنى ئاشۇنداق قىلدى دەپ، قۇياش لىقىدىن ۋاز كېچەمدىكىن؟
- ئىلىم سۆيەر بولۇش بىلەن ئالىم بولۇش پەرقلىق. قانچىلىغان ئالىملار بىلىم مەدىكارلىرىدىن بولىدى. سەن ئىلىم سۆيەر بول.

- ئىگىسىنى كۆڭۈل ئەھلى قىلغان ئىلىم ئادەمگە پايدا ئەكېلىدۇ. يالغۇز بەدەنگىلا تەسىر قىلغان، ئىنسانغا ياردىمى بولمىغان بىلىم ئادەمگە يۈكتۇر.
- بىلىم ۋە ھېكمەت توغرا يول كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ھەممە تەرىپى تۈز يول بولسا ئىدى بىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى.
- نەپسانى روھ، جۇزئىي ئەقىل، ۋەھىم ۋە خىيال قېتىققا ئوخشايدۇ. ئۆلۈمسىز جان بولسا بۇ قېتىقنىڭ ئىچىدىكى قايماققا ئوخشايدۇ. ئەمگەك بىلەن غەيرەت قىلىشىمىز كېرەككى ئۇ قايماق قېتىقتىن ئايرىلسۇن.
- ئاچكۆزلۈك ئىنساننى كۆر، ئەخمەق، نادان قىلىپ قويىدۇ.
- شەيتاندا بىلىم بار. ئەمما دىن ئىشقى يوق. مۇشۇ سەۋەپتىن ئادەمنىڭ پەقەت تۈپرىقىنى ۋە شەكلىنىلا كۆردى.
- ھەق پۈتۈن قاراڭغۇلۇق بىلەن بىرگە يەنە قۇتۇلۇش يولىنى تاپسۇن دەپ، ساڭا چۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ.
- ياپراقلارنىڭ چاۋاك چېلىشلىرىنى تۈيمايسەن. بۇلارنى تۈيۈش ئۈچۈن جان قۇلىقى كېرەك. باشتىكى قۇلاق ئەمەس.
- جان ئىشىنىڭ دەل ئىچىدە. نەپسىڭ بولسا دەلىل پېشىدە...
- جانسىز شەكىل پەقەت خىيالدىن ئىبارەت.
- دوستلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان يەر كۆلخان بولسىمۇ گۈل باغچىسىدەك كۆرۈنىدۇ.
- بىر يەردە دۈشمەن بىلەن ئولتۇرساڭ، ئۇ يەر باغ ـ بوستان بولسىمۇ كۆلخانىدەك تۇيىلىدۇ.
- مال ـ دۇنيانى سۆيگەن كىشى، ئۈستىگە كۈن چۈشكەن تامغا كۆڭۈل بەرگەن كىشىدۇر.
- ئاللاھنىڭ كۆزىگە سۈرگەن سۈرمىنى سۈرگەندىلا، جان يۈزلەرچە

پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى توغرىنى كۆرىدۇ.

- ياخشىنى ئىزدىسەڭ ئەسكىلىك سەندە قالماس.
- سەن تىرىك بولساڭ ئۆلۈك يۈيگۈچى سېنى يۇيامدۇ؟
- قۇزغۇن باغدا ۋارقىرسا، بۇلبۇل قۇزغۇن ۋارقىراۋاتىدۇ دەپ، ئۇ گۈزەل سايراشلىرىدىن توختامتى؟
- نادان گۈلنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرمەي، بېرىپ تىكەنگە ئېسىلىدۇ.
- تىكەن يەيدىغان تۆگىگە پەقەت تىكەندىن سۆز قىل.
- ئاتنى ياخشى كۆرسىلا، ياخشى ئات مىنگۈچى ھېساپلانمايدۇ.
- ھەر ئاتنى ياخشى مىنگەن چەۋەنداز ھېساپلانمايدۇ.
- بۇ تۈيغۇلارنى ساڭا بەرگەن، بۇ پۇشايمانلىقلارغا چۈشۈرگەن نەرسە سېنىڭ ئىچىڭدىكىدۇر. ساڭا بەك يېقىن. ئۇنداقتا سەن نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىچىڭدىكىنى كۆرمەيسەن؟ ھېس قىلمايسەن؟
- ئەرشىنىڭ يولى ئىچىڭدە، كۆڭلۈڭدە. سەن ئاشىق قانىتىڭنى ئاچ، ئاشىق قانىتىڭ كۈچلۈك بولسا شوتا ئىزدەشكە نېمە ھاجەت.
- پەقەت ھورۇنلار، ئىزىلەڭگۈلەر شارابنىڭ دۈغدەك ئاستىغا چۆكىدۇ. دۇغدىن ئۆزىنى قۇتقۇزغان، ئېرىگەن، پاكىزلانغان ئىدىشنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ.
- ئەگەر كۆڭۈل ئۆيۈڭدىكى تۇمانلارنى ئازايتساڭ يەنى گۇناھ كىرلىرىدىن قۇتۇلساڭ، سېنىڭ نۇرۇڭ بىلەن ھەر ئىككى دۇنيا ئايدىڭلىققا چۆمىدۇ.
- دۇنيا، جاھاننىڭ سىرلىق ھۆكۈملىرى بىلەن تولغان كىتاپقا ئوخشايدۇ. سېنىڭ جېنىڭ بولسا ئۇ كىتاپنىڭ باش ماقالىدۇر. ئوبدان ئويلاپ بۇ مەسىلىنى چۈشەنگىن.
- كىم مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىكتىن قۇتۇلۇپ ھەققە يۈزلىنىشنى

خالىسا، ئۇ نەپسىنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن ئالامەت بىر كىشىدۇر. ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن قۇتۇلغان جاننىڭ ئىچىدە ھوزۇر ئىچىدە ھوزۇر باردۇر.

- ھەر قاملاشقان يىگىت ۋە چىرايلىق ئايالنىڭ گۈزەللىكى، چوقۇمكى بىر زامان ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن كەلگەندۇر.

- سەن يەردە ئىزدىگەن رىزقلاردىن باشقا، كۆكلەردە نىمە دېگەن گۈزەل مەنىۋى رىزىقلار بار. ناۋاينىڭ تونۇرىدا پىشقان ناندىن باشقا، يەردە يەنە قانچىلىغان نانلار پىشماقتا. بۇنىڭدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق.

- مەيلى تۈرك بولسۇن، مەيلى تاجىك ھەر قۇل ئۇنىڭغا بەندىدۇر. ھەممىدە جاننىڭ بەدەنگە شۇنچىلىك يېقىن بولغىنىدەك ئۇنىڭغا يېقىندۇر. يېقىن، ئەمما بەدەن جاننى زىنھار كۆرەلمەيدۇ.

- ھەقنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۇيقۇچان ئىت، دۇنيادىكى بارلىق ئارسلانلاردىن ياخشى. چۈنكى ئۇ ھەقنىڭ ئاشىقىنى سۆزلەيدۇ ۋە ئىشىك ساقلاشنى ۋە كۆزەتچىلىك قىلىش ئۇسۇللىرىنى بىلىدۇ.

- تولدۇر قەدەھكە شاراپنى، بىزگە جۇشقۇنلۇق سۇن! ئۇيقۇمىزنى قاچۇر، ئۇيقۇ بىزدىن يىراق تۇرسۇن. چۈنكى ئۇيقۇغا پاتقان كىشى كېچىنىڭ گۈزەللىكىنى، پەيزىنى بىلەتتىمۇ؟

- بۇ دۇنيادا گۇمان بىلەن قەيەرگە قارىسام ئۇنى تاپالمىدىم، كۆرەلمىدىم. چۈنكى گۈزەللىكلەرگە ھەيرانلىق تۇيغۇسى، بۇ ئۇلۇغلۇق، بۇ بەخت پەقەت ھەق بىلەن كۆرگەنلەردە، ھەقنىڭ كۆرۈشىگە ئىگە بولغانلاردا باردۇر.

- ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۈمىد قىلغان كىشى، ئۇ ئىلتىپاتتىن باشقا ھېچ بىر نەرسىگە كۆڭۈل قويمايدۇ.

- بىز بەرگەن ئاۋارىچىلىقلاردىن، جاپالاردىن، دەرتلەردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. قەيەرگە كەتسەڭ كەت، شۇ يەردە بىر ئاۋارىچىلىق،

بىر قىيىنچىلىق، بىر دەرت بار. بار ئەمما، ئۇ دەرت، ئۇ ئاۋارىچىلىق سېنى بىر دەرمانغا ئىگە قىلىدۇ.

❁ ئەمدى شۇك تۇر! ئۇ شۇك تۇرۇش دۇنياسى، بۇ دۇنيانى ئاۋازلار بىلەن تولدۇرغان. ئەمما ئۇ ئاۋازلارنى ئاڭلايدىغان قۇلاق نەدە؟

❁ ئەقىل مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئالەمنىڭ ئالتە تەرىپى توسالغۇلار بىلەن، قىيىنچىلىقلار بىلەن ئورالغان. بۇ توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ تېشىغا چىقىشقا يول يوق.»

❁ ئاشىق ئەقىلگە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئالدىنىپسەن. يول بار، مەن نەچچە قېتىم ئۇ يولدىن ئۆتۈپ تېشىغا چىقتىم.»

❁ مېۋە قانداق كۆچەتتە چوڭىيىپ پىشسا، ئاشىقمۇ قەتئىي تۇرۇپ جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوسۇل مەۋسۇمىدا باغقا كېلىپ، يۈزلەرچە مەنسۇر ھەللاجنىڭ دارغا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆر.

❁ سەن پۇراققا، رەڭگە بېرىلىپ كېتىپ، ئۇلارغا ئەسىر بوپ قاپسەن. تاشقا، تاشنىڭ رەسىمگە ئوخشاپ قاپسەن. شۇ تاشنىڭ قەلبىدە قايناق سۇدەك قايناپ، ئىسقىرتىپ تېشىغا چىق.

❁ پۈتۈن ئالەم، پۈتۈن ئىنسانلار بىر تەن. ھەر كىمنىڭ، ھەر نەرسىنىڭ بېشىمۇ، جېنىمۇ سەن بولىسەن. باشسىز بولغان كىشى، بېشى گەۋدىسىدىن ئايرىلغان ئادەم قانداق قىلىپ ھايات قالسۇن؟

❁ دۇنيانى بېقىپ يېتىشتۈرگەن ئىلتىپات قۇياشى، ھەر بىر زەررىچىگە، ھەر بىر شەيئىگە ئىلتىپات قىلغان. ھەتتا قۇشلارغا، كېپىنەكلەرگە، بېلىقلارغا گۈزەل رەڭلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، يىلانغىمۇ رەڭلىك كۆينەكلەرنى كىيگۈزگەن ئىكەن.

❁ سەن بۇ دۇنيادا دائىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان، بالا ـ قازا تىكىنىدىن يارىلانمىغان، بوران ـ چاپقۇندا قالمىغان بىر گۈل كۆردۇڭمۇ؟

❁ دۇنيادا بالا ـ قازاغا ئۇچرىمىغان، ئۇنىڭغا مەھبۇس بولمىغان، ئۇنىڭ بىلەن يارىلانمىغان، دائىم پارلاپ تۇرىدىغان بىر بەخت ئېگىسى يوقتۇر!

❁ ھېچكىم ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمىسۇن. بىر كۈن بالا ـ قازا كېلىپ ئۇنى قازا دارىغا ئاسمىسۇن.

❁ بالا ـ قازانىڭ ئالدىدا ھېچكىم ھىلە ئىشلىتەلمەيدۇ. بەزىدە ھېچنىمىدىن خەۋىرى يوق دوستلىرىمىز بېشىمىزغا كېلىدىغان بالا ـ قازاغا خىزمەت قىلىدۇ. بالا ـ قازا ئۇچۇن ئۆزىنى بىلمەي جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ.

❁ جاننى مەن ياراتتىم. ئەمما ئۇنىڭغا بىر دەرت بەردىم. دەرتنى بەرگەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا دەرماننىمۇ بېرىدۇ.

❁ ھېچبىر ئادەمنى خور كۆرمە. قايسى دىندىن بولسا بولسۇن. ئۇنىڭ بىر ئامانىتى باردۇر. ئىنسان ئۇنىڭ ئەينىكىدۇر.

❁ مادامىكى ھاياتتا بىز، ھەق يولىدا مېڭىشىمىز، ئىشلىشىمىز، تىرىشىشىمىز لازىم. جىم تۇرۇشقا بولمايدۇ. جىم تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۆلمەك دېگەنلىكتۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ساڭا «كەل، چېدىرىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ مېھمان بول» دېگەن كىشى سېنى يول مېڭىشتىن توسۇپ ساڭا ياخشىلىق قىلمايدۇ.

❁ ئەتىرگۈل غۇنچىسى باشلىرىنى يۆگەشكەن ئاياللاردەك يۈزىنى ئېتىۋالغان ئىدى. ئەمما شامال چېدىرىماي «گۈزەل يۈزۈڭنى يوشۇرما» دەپ ئۇنىڭ چۈمبىلىنى ئۇچۇرۇپ ئەكەتتى.

❁ ياخشى كۆرۈلمىگەن بىر ئادەمنىڭ قىلغان ھەممە ئىشى يامان كۆرۈنىدۇ ۋە ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغاننىڭ ھەممە ئىشى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

❁ ئەگەر دەرەخ بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە كېتەلەيدىغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا ئۇ يا پالتىنىڭ دەرتلىرىنى تارتمايتتى، ياكى

ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا ئىشلىتىلىپ، ھەر يەردە پارچىلىنىپ، جاپاغا، يارىلىنىشقا ئۇچرىمايتتى ھەمدە چۈرۈمەيتتى.

- سۆيۈملىكىم ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتمىسىمۇ، سۆيمىسىمۇ، ماڭا ھاقارەت قىلسىمۇ مەن زىنھار شىكايەتچى بولمايمەن. مەن يەنە ئۇنىڭدىن رازى، خۇشال، بەختلىك. ئىگەم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھادىسىلەر بار. مېنى سۆيەمدۇ، سۆيمەمدۇ باشقىلارنىڭ نېمە كارى؟ نېمىگە ئارىلىشىدۇ؟

- ئاي يۈزلۈك چىرايلىق بىرسى سەن. يۈزۈڭگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ گۈزەللىكىڭنى ساقلا! پەقەت گۈزەل يۈزۈڭنى كۆرسەتسەڭ، سېنى كۆرەلمەيدىغانلار كۆپىيىدۇ، تاياق يەيسەن، پارقىرايسەن.

- بەدەن ھالۋا يېگەندە تەرەتخانىغا كېتىدۇ. جان ھالۋا يېگەندە كۆكلەرگە، ئۇ تەرەپكە، ئەرشكە يۈكسىلىدۇ. ئەي جان! سەن مەنا ھالۋىسى پىشۇرۇلغان كۆڭۈل قازىنىنىڭ ئەتراپىنى ماكان قىلىپ، ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈر. ئايلانغىنىڭكى ئاغزىڭ ھالۋا بىلەن تولسۇن.

- ئەگەر سەن ئىنساندەك ياشىساڭ، ياخشى بىر ئادەم بولغان بولساڭ، جان ئۇچرىشىش ئۆيىگە كىرىدۇ. ئەگەر سەن ئەگرى بىرسى بولساڭ، سېنى تاۋار-دۇردۇنلار، ھەرخىل كىيىم-كېچەكلەر ئوراپ ئەكېتىدۇ.

- كىبىر ۋە مەنمەنلىكنى تاشلاپ، يەر ۋە كۆككە سىغمىغان ئۇ بۈيۈكلەر بۈيۈكىگە كۆڭلۈڭدىن ئورۇن بەر.

- ھەقىقەتنى ھېس قىلغان، تەجەللىلەرگە نائىل بولغان ئۆزلۈك كىشى، تىرىسىگە، شاپىقىغا قارامتى؟

- جىم تۇردۇم، لەۋلىرىمنى يۇمدۇم. ئەمما بۇ كېچە مەن سۆزسىز، ساداسىز سۆزلەيمەن.

- بۇ دۇنيادا بېشىڭغا كەلگەن بالالارغا، جاپا تىكەنلىرىگە چىدا.

چۈنكـــى تارتقـــان ئازاپلىرىـــڭ، چەككـــەن جەۋر ـ جاپـــالار ســـېنى تىكەنلەردىـــن قۇتۇلـــدۇرۇپ گۈللەرگـــە مۇيەسســـەر قىلىـــدۇ. رەيھانـــلار، ياســـمەنلەر بىلـــەن پۈركەنگـــەن گۈلىســـتانغا ئاپىرىـــدۇ.

❁ باشـــتا ھەقتىـــن ئايرىلىـــپ بـــۇ دۇنياغـــا تۆرەلـــدۇق. پەقـــەت ھالدىـــن ھالغـــا، شـــەكىلدىن شـــەكىلگە كىرىـــپ، ئايلىنىـــپ پىرقىـــراپ يەنـــە ئۇنىـــڭ يېنىغـــا قايتىمىـــز.

❁ خـــۇددى كىتاپـــلاردەك ياپراقلارغـــا يېشـــىل خەتلـــەر يېزىلـــدى. ئـــۇ يازمـــلاردا نىمىلەرنىـــڭ دېيىلگەنلىكىنـــى، نىمـــە دېمەكچـــى ئىكەنلىكىنـــى كىتاپنىـــڭ ئەســـلى نۇسخىســـىنى ئوقۇغانلاردىـــن ســـوراپ ئۆگـــەن.

❁ شـــەھۋەتنىڭ كەينىگـــە كىرگەنلـــەر ۋە بەدەنلىرىگـــە كۆڭـــۈل بەرگەنلەرگـــە ئىشـــقتىن ســـۆز ئاچمـــا. چۈنكـــى ئـــۇلار ئەندىشـــە ۋە ئۈمىـــد ئارىســـىدا ياشـــىماقتا. ســـاۋاپ ۋە گۇناھلارنىـــڭ ھېســـابىنى قىلىـــپ ئـــاۋارە بولماقتـــا.

❁ ســـېنىڭ قۇشـــتەك قـــوش قاناتلىرىـــڭ بـــار. قول ـ قانىتـــى بولغـــان مـــەرت كىشـــى بىـــر نەرســـىدىن قورقامـــدۇ؟ قورقمـــا، قاناتلىرىڭنـــى ئـــاچ. كۆكلەرگـــە، ئـــۇ تەرەپكـــە يۈكســـەل!

❁ ئاشـــىق بىلـــەن مەشـــۇقنىڭ جانلىرىمـــۇ بىـــر. ھەرگىـــز ئۇلارنـــى ئايرىـــم دەپ، ئىككـــى چاغلىمـــا.

❁ قەيەرگـــە كەتســـەڭ كـــەت ئەقىـــل ئاچقۇچتـــۇر. ئـــۇ ھـــەر ئىشـــىكنى ئاچىـــدۇ. بىـــراق بـــۇ يـــەردە نىمـــە قىلالايســـەنكى، ئەقىـــل ئاچقۇچلـــۇق رولىنـــى يوقىتىـــپ قۇلـــۇپ بولـــۇپ قاپتـــۇ. ئـــۇ ســـېنىڭ يۈزۈڭگـــە قاراپ كۈلىـــدۇ، بـــۇ بىـــر يـــۈز يۇپۇغىـــدۇر. بـــۇ كۈلۈشـــكە ھەرگىـــز ئالدانمـــا.

❁ بـــۇ ھاياتتـــا قىلغـــان ســـەۋر بىـــر مۇلـــۇك بولـــۇپ ئالدىڭغـــا چىقىـــدۇ. شـــۈكۈر بولســـا خۇشـــال ھالـــدا يېنىڭغـــا دوســـت بولـــۇش ئۈچـــۈن كەلگـــەن مالائىكىـــدۇر.

❁ دىققـــەت قىلىـــپ نـــەزەر تاشلىســـاڭ بارلىـــق گـــۈزەل خۇسۇســـىيەتلەر، گـــۈزەل خۇيـــلار ھەممىســـى كۆڭۈلدىـــن بولىـــدۇ. ھەممىســـى كۆڭۈلگـــە

ئائىت. بارلىق ئەسكىلىكلەر، گۇناھلارنىڭ مەنبەسى يېپىشقاق ماددىدىن بولغان بەدەنگە ئائىتتۇر.

- سەن باشقىلارنىڭ ساڭا قىلىشىنى خالىمىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا قىلما. چۈنكى شۇ خۇي، شۇ تەبىئەت سەندىمۇ بار.

- بۇ دۇنيامۇ، ئۇ دۇنيامۇ خېمىرتۇرۇچتەك. ھەقىقەت ئالىمدە بولسا كۇفۇرمۇ يوق، دىنمۇ يوق، مەزھەپمۇ يوق. دىنلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئايرىم-ئايرىم. ھەقنىڭ نەزىرىدە دىنلارنىڭ ھەقىقىتى بىردۇر.

- خاتا ۋە ئورۇنسىز خىياللار، ئۇيغۇن بولمىغان چۈشەنچىلەر بىزنىڭ ئىرادىسىز تەبىئىيتىمىزدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ دوستىنىڭ خۇيى ئەمەس.

- ئەي بەدەن! ئاتنىڭ ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرماي پەسكە چۈش! پىيادە ماڭ! بېرىپ بەدەنگە ئائىت ئارزۇلاردىن قۇتۇل. بەدەن ئاتلىرىغا مىنمىگەنلەرگە ئاللاھ مەنىۋى قانات ئاتا قىلىدۇ.

- دۇنيا ۋە ماددى ئارزۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەر بىلەن بېشىڭنى ئاغرىتما.

- كۆڭلۈك ئىچى پانى سۆيۈملۈكلەرنىڭ خىيالى ئەكس ئەتمەيدىغان ئەينەكتەك پاك-پاكىز بولسۇن.

- كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈۋاتقان بۇ ئالەمنىڭ ئۇ تەرىپىدە چەكسىز بىر ئالەم بولمىسا ئىدى، يېڭىلار قەيەردىن كېلىپ، كونىلار قەيەرگە كېتەتتى؟

- بۇ كۆرۈۋاتقان ئىنسان، رەسىم، شەكىل كىم؟ بۇ پادىشاھ، بۇ بەگ كىم؟ بۇ ئىختىيار، ئەقىل نېمىدۇر؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىنىڭ يوشۇرۇن سۆيۈملۈكىڭنىڭ يۈز پەردىسىدۇر.

- ئاي يۈزلۈك دىلبەرنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان ئادەم ناھايىتى ياخشى خۇيلۇق

بولۇشى، ھەقىقىي ئىنسان بولۇشى لازىم. ئەسكى خۇيلۇق گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيدۇ.

- ھەر روھ سېنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىڭدىن بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ساڭا باغلانغان. بەدىنىمىزدىكى بىر تال تومۇرمۇ سېنىڭ بۇيرۇقىڭسىز سوقمايدۇ.

- دوست قۇدۇقنىڭ تېگىدە بولسا، قۇدۇقنىڭ تېگىمۇ خۇشال بولىدۇ. دوست تاغنىڭ چوققىسىدا بولسا، تاغ چوققىلىرىمۇ جىلۋىلىنىپ گۈزەللىشىدۇ.

- ئالتۇن زەرگەرنىڭ بولقىسى بىلەن تازا ئۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ پارقىراق ھالغا كېلىدۇ.

- بىز مەيدانغا چىقساق ئۇ بىزدىن قېچىپ يىراقلىشىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن قاچساق، ئۇ مەيدانغا چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ «مەن»لىك، «بىز»لىك سەۋەبىدىن بىزدىن يىراقلاشقان.

- سەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ ئىستىگەن بىلەن ئىستەلگەننى بىر دەپ بىل! ئايرىم كۆرۈنگىنى بىلەن ھەرگىز ئايرىم دېمە. ئىككى كۆرمە، ئۇلار بىردۇر.

- قۇياشنىڭ نۇرى پاكىز نەرسىلەر ئۈستىگىمۇ چۈشىدۇ، پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگىمۇ.

- قۇياشنىڭ ئىللىق ھارارىتىدىن گۈلمۇ ئۈنىدۇ، تىكەنمۇ.

- ئاشىق ئەسكىلىك بىلەن تولغان بۇ مەينەت دۇنيادىن قۇتۇلۇپ، كۆكلەرگە چىقىش ئۈچۈن لازىم. ئەقىل بولسا بىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىش ئۈچۈن لازىم.

- سەۋەپلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن سىرلار، ئاجايىپ ھەيران قالارلىق شەيئىلەر بار. بۇ سەۋەپتىن دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى پەقەتلا سەۋەپلەردىن كۆرگەن ۋە سەۋەپكىلا بېرىلىپ كەتكەن كىشىنىڭ كۆزىنى پەردە توسىۋالغاندۇر.

- ئىنلارنىڭ ھاۋىشىلىرىغا ھەق يولىنىڭ ئاشىقى بولغان كىشىنىڭ يۈرىكى قىمىر قىلىپ قويمايدۇ.

- ئەي روھ ئالەمدىن بۇ دۇنياغا تۇغۇلغانلار، ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ئۆركەمەك، قورقماك. بۇ ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى قېتىم يېڭىدىن تۇغۇلۇشتۇر.

- قېرىنداشلىرىم، مېنىڭ قەبرەمگە ھەرگىز داپسىز كەلمەڭلار. چۈنكى ئاللاھنى سۆيگەنلەرنىڭ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا بولغانلارنىڭ دەرتلىك، ئازاپلىق يۈرىشى ياراشمايدۇ.

- بىر قېتىم بولسىمۇ نەپسىڭنىڭ ئارزۇلىرىغا قارىماي، ئەقلىڭنىڭ ئىستىكىگە ئەگەش! چۈنكى نەپسىڭنىڭ ئىستىكى سېنى ئۈمىدسىزلىككە باشلايدۇ.

- سەن پادىشاھقا ئوۋ بول. ئوۋچىلىقتىن ۋاز كەچ. چۈنكى ئوۋلىغان ئوۋنى ئەجەل بۈركىتى سەندىن ئېلىۋالىدۇ.

- شۇنى ياخشى بىلگىنكى، بارلىق ئىنسانلار ئۆلۈم زىندانىدا. زىنداندىكى بىرسى سېنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

- باردىغان يەردە يالغۇز قېلىشنى خالىمىساڭ، ياخشىلىق، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلدىغان، ئىبادەت قىلدىغان ئەۋلادىڭ بولسۇن.

- چېچىلاڭغۇلۇق، پەرىشانلىق، ئىنسانلارنىڭ ئۆزارا چىقىشالماسلىقى داۋاملىق پىتنە- پاساتتىن، ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن مەيدانغا كېلىدۇ. راھەت، ھوزۇر، بەختلىك ئىشلار ئىتتىپاقلىقتىن كېلىدۇ. بىر دۆلەتتە بىرلىك بولمىسا، ئۇ دۆلەت ۋەيران بولىدۇ.

- سەن نازلانساڭ سۆيۈملىكىڭمۇ نازلىنىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ نازلانسا ئايرىلىش يۈز بېرىدۇ. ئەگەر سەن نازلانماي يالۋۇرساڭ، يېقىنلاشساڭ يۈزلەرچە ئۇچرىشىش،قۇچاقلىشىشقا مۇيەسسەر بولىسەن.

- ھەر مېۋە ۋاقتى كەلگەندە چېچەكلەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە پىشىدۇ.

قـاراپ بـاق، نېمدېگـەن تەرتىپلىـك ئورۇنلاشـتۇرغان.

- سـېنىڭ يۈزۈڭمـۇ گـۈزەل، خۇيۇڭمـۇ گـۈزەل. بـۇلار گـۈزەل بولغاچقـا ئەلۋەتتـە كۆڭلۈڭدىكـى سـىرلارمۇ گۈزەل.
- بىلمىدىمكـى ئـادەم ئـۆزى ئۇچـۇن ئىسـتىمگەن نەرسـىنى نېمـە ئۇچـۇن باشقىسـىغا سـىناپ باققۇزىدۇ؟
- خەلقنىـڭ بـۇ سـۈرەتلىرى، ھـەر تۈرلـۈك زىرائەتلـەر، ھايۋانـلار، بېلىقـلار، قۇشـلار قاتارلـىق بارلـىق مەۋجۇداتلارنىـڭ ھەممىسـى ئەسـلىدە بىـر نەقىشـتىن، خىيالدىـن ئىبـارەت. بۇلارنـى ياشـاتقان، ھەرىكەتكـە كەلتۈرگـەن جاننـى ئەجىبـا كـىم كۆرگەنـدۇ؟
- بىز ئۆزىمىزنىڭ دۈشمىنى، بىزنى ئۆلتۈرگەننىڭ دوستى بىز.
- پاك ـ پاكىـز، داغسـىز روھـلار كۆكلەرگـە قـاراپ يۈكسـېلىدۇ. دۇغ، كىـر بولغانـلار يەرنىـڭ ئاسـتىغا كىرىـدۇ.
- ھەقنىـڭ نـۇرى بىلـەن قارىغـان كـۆز ھەممـە نەرسـىنى ئوچـۇق كۆرىــدۇ.
- ئىنسـان دۇنيـا نېمەتلىرىگـە ئەسـىر بولسـا بەكمـۇ ئاجىـزلاپ كېتىـدۇ. ئۇلارنـى ئايىغىنىـڭ ئاسـتىغا ئالغانـدا كۈچلىنىـدۇ.
- كۆپۈكنـى يوقىتىـش ئۇچـۇن تىرىشـقىن، شـۇنداق قىلسـاڭ دېڭىزنىـڭ گۈزەللىكىنـى كۆرەلەيسـەن. ھالبۇكـى سـەن دېڭىزنىـڭ كۆپۈكىگـە مەسـتانە بولـۇپ، ئۇنىـڭ دېڭىزنىـڭ كۆپكـۆك گـۈزەل يۈزىنـى كۆرسـەتمەيۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتىسـەن.
- سـەن سـىرلارنى بىلمەكچـى بولسـاڭ مەسـتلەرنىڭ يېنىغـا بـار. ئـۇلار ئىشـىنىڭ ئاقىۋىتىنـى ئويـلاپ ئولتۇرمـاي، ئىـزا تارتمـاي، ھېـچ ئىككىلەنمـەي سـىرلارنى ئاشـكارىلايدۇ.
- قۇياشـقا تەتـۈر قارىغـان كىشـى ئـۆز سايىسـىنى ئىمـام قىلىـدۇ. ئـۆز سايىسـىگە ئەگىشـىدۇ. شـۇڭا ئۇنىـڭ نامىـزى نامـاز ئەمـەس.

- سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى، سۆزنىڭ قۇدرىتىنى بىلگەن كىشىنىڭ يېنىدا ئۆلۈغدۇر. سۆز قىممەتلىك بىر نەرسىدۇر. چۈنكى سۆز كۆكتىن چۈشكەن.

- ئەرشتىن يەرگىچە زەررىچىلىك ھەممە نەرسە سۆزلىمەكتە. يەر يۈزىمۇ ئاڭلاشتا خۇددى ئەرشكە ئوخشايدۇ.

- يالغۇز ئولتۇرۇپ، بېشىڭنى ئېگىپ تەپەككۇر قاينىمىغا چۆكسەڭ، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى، خاتا كۆز قاراشلارنى بىلىپ، ئۇلارنى تۈزىتىشكە ئاتلىنىسەن.

- ئادەم بولۇشتىكى مەقسەت، پەرق ئېتىش ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش دېمەكلىكتۇر.

- كېچىلىرى ئاز ئۇخلاپ، تاڭ سەھەردە تۇرغانلار، كۆڭلەرنىڭ بىردە تۇيۇقسىزلا ھەقىقەتنىڭ خەزىنىسىگە ئېرىشىدۇ.

- ئەسەرنى ئىجات قىلغاننى كۆر. نېمە ئۈچۈن ئىجاتكارغا ئەمەس، ئىجادىيىتىگە كۆڭۈل بېرىسەن.

- مۇقەددەس سۈرەتلەر بىلەن تولغان دۇنياغا قارا. يولۇڭنى قاپلىغان پانىي شەكىلگە، سۈرەتكە قارىما.

- ئەجەل كېلىپ مەن ئۆلگەندە، مېنى دەپنە قىلغان مازارلىقتىن ئىزدىمەڭلار. مەن ئۇيەردە ئەمەس.

- ئىچىدە «ئىشىك ئالدىدا تۇرغان كىم؟» دېگەنمۇ مەن. ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى ئۇرغانمۇ مەن.

- كىم مېنى ئىككى كۆرگەن بولسا، ئىككىگە ئايرىغان بولسا، قەھرىدىن يېرىلىپ، ئىككىگە بۆلۈندى. ئەگەر مەن ئىككى ئەمەس بىر بولسام، مەن ھەم سۇ ھەم ياغ بولىمەن. بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان، ئىتتىپاقلىشالمايدىغان بىر بەدەندە ياشايدىغان ئىككى كىشى مەن.

- قەلبى ئۆلگەن دوست، سېنى ئۆلۈك يۈيغۇچى قىلىپ قويىدۇ.

- يەر يۈزىدىكى مۇشۇ قارا تۇپراقتا نۇرغۇن يول بار. ئۆزۈڭگە بىر كىمە ياساپ، ئاشىق دېڭىزىغا سەپەر قىل.

- دۇمباقنى ئۇرغان بىرسى بولمىسا، دۇمباق قانداقمۇ ئۆزلىكىدىن ئاۋاز چىقارسۇن؟

- پىلە قۇرتى ئۇياق بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ يىپەك غوزىكىنى توقۇيدۇ. سۆزۈمگە دىققەت قىل، مەنمۇ پىلە قۇرتىغا ئوخشايمەن، بالا توقۇيمەن، بالانىڭ يىپلىرىنى ئەتراپقا يېيىپ يۈرىمەن.

- رەسىملەر ئوخشاش قەلەمدە سىزىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ھەر بىر رەسىم بىربىرى بىلەن سۈت بىلەن ھەسەلدەك چىقىشىپ ئارىلىشىپ كېتەتتى.

- ئەي جان، قورقما ماڭ! قەيەردە بولساڭ بول، مەن سېنىڭ بىلەن بىللە. ساڭا جان تومۇردىنمۇ بەك يېقىنمەن.

- قەۋمنى ئايدىڭلاتقان شام ئۆزىنىڭ كۆيىشىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۆيۈپ، ئېرىپ، ئۆزىنى يوق قىلىش بەدىلىگە قەۋمنى ئايدىڭلىتىشنى ئارزۇ قىلغان.

- مانا ئۆيۈڭدە ھەممىمىز سۈت بىلەن ھەسەلدەك بىربىرىمىز بىلەن بىرلىشىپ كەتتۇق. بۇ يەردە بولسا ھەممىمىز بىربىرىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ، سوقۇشۇۋاتىمىز. دۇنيا نېمەتلىرى ئۈچۈن بىربىرىمىزنى ئىنساپسىزلىق بىلەن ئۆلتۈرۈۋاتىمىز.

- سەن مېنىڭ ئەگرىلىكىمگە قارىما. مېنىڭ توغرا سۆزلىرىمگە قارا. مەن ياي بولسام، سۆزلىرىم ئوقتۇر.

- شۈنچىلىك جاپا تارتىپ، بىربىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ، مىڭ تۈرلۈك مۇشەققەتلەر بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مال-دۇنيالار ئەسلىدە بىر بالانىڭ توزىقى ئىكەن.

- قەبرە تېشىمغا مۇنداق سۆزلەرنى يېزىڭلار: «مەن بېشىمنى بالادىن، دائىم سىناپ تۇرىدىغان ئىمتىھاندىن قۇتقۇزدۇم.»

- سەن لايدىن ياسالغان ئادەمگە قارىماي، ئۇنى پۈۋلىگەن نەپەسكە قارا. نەپەسكە ھەيران بول.
- مادەمكى بىز ئۈچۈن كۆك يۈزىگە چىدىرلار تىكتى. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئېشەكلەر پېتىقلاپ يۈرىدىغان بۇ يەر يۈزىدىن چىدىرىمىزنى يىغمايمىز.
- بىر نەرسىدىن بەك ئۇزاقتا بولغانلار ئۇ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. بىز بولساق ئۇنىڭغا بەك يېقىن بولغانلىقىمىز سەۋەبىدىن ئۇنى كۆرەلمەيۋاتىمىز.
- قىشتىكى قەھرىتان سوغۇقتا، قار-شىۋىرغانغا باھارنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتكەنلىكتىن چىدايدۇ ئادەم.
- يالغۇز ئادەم ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس نەرسىدىن ئىبارەت. ھەممىمىز بىرىيەرگە جەم بولۇپ ئىنسان بولايلى!
- يارىتىلغان چېكىتنىڭ ئۈستى يېپىقلىق، ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئىنسان بىر ۋاستىدىن ئىبارەت. قېنى ئەمسە، ئۇ بەكمۇ چوڭ، باش-ئۈچى يوق يىگانە دېڭىزنىڭ يېنىغا چىدىرلىرىمىزنى تىكەيلى. بىرلىك بولۇپ بىرلىشەيلى.
- بىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساڭ يۈزۈڭنى يۇي، پاكىزلا، كىرلەردىن قۇتۇل. چۈنكى كىرلاش بىرسى بىزنى كۆرەلمەيدۇ. ئۆزۈڭدىكى مەنىۋى كىرلاردىن پاكلانمىساڭ بىزدىن يىراق تۇر. گۈزەللىكىمىز ئۆزىمىزگە يېتىدۇ.
- بىز ئالتۇندەك بىرقانچە كىشىنىڭ مۈلكى ئەمەس. بىز دېڭىزدەك، تاغدەك ھەممە كىشىنىڭ مېلى.
- ئالدىڭدا ئىككى لېگەن بار. بىرىدە ئوت، يەنە بىرىدە ئالتۇن. ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ قولۇڭنى ئاشىق ئوتى بىلەن تولغان لېگەنگە ئۇزات.
- مېۋىسىز قۇرۇپ كەتكەن كۆچەت نېمىگە يارايدۇ؟ چوقۇم كۆلخانىغا

ئوتــــۇن بولىدۇ.

- شــۇ ھايۋانلارغــا نــەزەر ســال، ئــۇلار بېشــىنى يەردىــن كۆتۈرمــەي ئوتلىماقتــا. ســەن ھايــۋان ئەمــەس، ئــادەم ســەن. شــۇڭا بېشــىڭنى كۆتــۈرۈپ كۆكلەرگــە بــاق.

- تۇپراقتىــن تۇغۇلــۇپ تۇپراقتــا سېســىش ھايۋانىنىــڭ ئىشــىدۇر. بــۇلار كۆڭــۈل بىلــەن جاننىــڭ ئىشــى ئەمــەس.

- ئۆزىگــە تىكەندىــن يوتقــان ياپقــان كىشــىنىڭ بەدىنــى ھېــچ جىــم تۇراتتىمــۇ؟

- بــۇ دۇنيادىكــى ھەممــە نەرســە ئىنســان ئەقلىنىڭ ئەســەرلىرى. شۇڭلاشــقا ھەممــە نەرســە ئىنســانلار ئەقلىنىــڭ قۇلىدۇر.

- دۇنيادىكــى ھەممــە نەرســىگە، ھەربىــر پارچىغــا نــەزەر تاشــلا. ھەممىســى ھەرىكــەت ھالىتــىدە. بىــر يەردىــن يەنــە بىــر يەرگــە يۆتكەلمەكتــە. شــۇنى ياخشــى بىگىنكــى، ھەممــە شــەيئىلەر بىــر ســەپەردىن كەلگــەن.

- جەنــدە بــەدەن بىلــەن ئوينايــدۇ. بــەدەن جــان بىلــەن ئوينــار. جاننىڭ بويىنىغــا ســۆيۈملۈكنىڭ ئاشــىق يىپــى باغلىنىپتۇ.

- ســەندىكى خۇشــاللىق، گۈزەللىــك سېنــى تاشــلاپ كەتســە ھەرگىــز ئۈزۈلمــە، غــەم يېمــە. شــۇنى بىلگىنكــى، سېنــى تاشــلاپ كەتكــەن نەرســە، بىــر باشــقا شــەكىلگە كىرىــپ يەنــە ســاڭا كېلىــدۇ.

- جاننىــڭ ئوزۇقــى جانــدەك كۆرۈنمەيــدۇ. بەدەننىــڭ ئوزۇقــى نانــدەك مەيدانــدا.

- ئەقىللەرگــە راھەتلىــك، راھەتتــە پىشــىپ يېتىلىشــتىن كېلىــدۇ. ئاشــىقلار بولســا راھەتتــە ۋىســالغا يېتىشــتىن خىجىــل بولىــدۇ.

- مېنىــڭ جېنىــم ســېنىڭ جېنىڭــدۇر. ســېنىڭ جېنىــڭ بولســا مېنىــڭ جېنىمــدۇر. بىــر تەنــدە ئىككــى جــان ھېــچ بولاتتىمــۇ؟

- ئۆلمــەك بــۇ دۇنيانىــڭ ئىشــىدۇر. بــۇ دۇنيــادا ئۆلــۈم بــار. ئــۇ

دۇنيادا ئۆلۈم يوق، بەلكى يېڭىدىن تۇغۇلۇش بار.

- دېڭىزنىڭ سۈيى ئاچچىق بولىدۇ. ئەمما ئىچىدە ئۈنچىلەر بار. سەن ئاچچىق سۇغا قارىماي، دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆكۈپ ئۈنچىنى ئال.
- ئەگەر يار يۈزىدىكى ئىززەت، نومۇس چۈمبىلىنى ئېلىۋەتكەن بولسا، بېرىپ چۈمبەلسىز يۈزىگە قارا، گۈزەل يۈزىگە قانغىچە باق.
- ئەي كۆڭۈل! ئاشىقلارنى ئاغرىتىدىغان كىشىلەرگە بال يېگۈزمە. ئەمما كىشىگە كۆزىدىن سۆز ئاچما.
- چۈشەنچىلەردىن تىكىلگەن كىيىملىرىڭنى سېلىۋەت، ئۈستۈڭدىن ئات. چۈنكى كۈن بىلەن ئاي يالىڭاچلارنى قۇچاقلايدۇ.
- قۇلىقىڭنىڭ ئاڭلايدىغىنى پەقەت مېنىڭ ئېغىزىمدىن چىققان سۆزلەردىن ئىبارەت. پەقەت جاندىن قىلغان پەرياتلىرىمنى ھېچكىم ئاڭلىمايۋاتىدۇ.
- كەل! سەن بىر دېڭىز. مەن بولسام دېڭىزدىكى بىر بېلىق. ئەمما سېنىڭ دېڭىزىڭنىڭ باش ـ ئاخىرىنى، قىرغىقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟
- بەدىنىڭ بۇ دۇنيادۇر. كۆڭلۈڭ ئۇ دۇنيا. بەدەنىڭنىڭ دوستى ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە غەزەپ ـ نەپرەت. كۆڭلۈڭنىڭ دوستى بىرلا ھەقىقەت.
- ئەگەر سەن جان ۋە ئەقلىڭنىڭ دوستى بولساڭ، ھەقىقىي دوستقا ئېرىشىپ جاننى قۇتقۇزىدۇڭ. بىراق جان ۋە ئەقلىڭنىڭ دوستى بولماي، بەدەنىڭ، ھاۋايى ـ ھەۋەسىڭ دوستى بولساڭ، مۇشۇ يەر يۈزىگە مەھكۇم بولىسەن.
- سېنىڭ جانىڭ بىلەن مېنىڭ جانىم بىر تال قۇياشتەك. بارلىق ئىنسانلار، پۈتۈن دۇنيا ئۇ قۇياش بىلەن يورۇماقتا.
- بولدى بەس، شۈك تۇر. سەن ئۇلارنى سۆز بىلەن ئەمەس،

سۈكۈنات ئارقىلىق بىلىدۇر. زادى سۈكۈتنىڭ ئۆزى سىرلارنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

- مەنا خەزىنىسىدە ئالتۇندەك شەكىللەرنى كۆرەلمەيسەن.
- ئاشىقنىڭ شەكلى يوق. بىراق ئاشىقنىڭ ئىشى شەكىل ياساشتۇر. ئەي كۆڭۈل! سەن شەكىلدىن، سۈرەتتىن كېچەلمەيسەن. چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ جىنسىدىن ئەمەس.
- ئاللاھ ھەر كىمنىڭ يەيدىغان لوقمىسىنى ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسەن بەرگەن.
- بىرسى مۇزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نېمىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. پەقەت مۇزنى، مۇز دەپلا بىلىدۇ. مۇز ئېرىگەندە ئاندىن ئۇنىڭ ئەسلىنىڭ سۇ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن گۇمان قىلمايدۇ.
- ياخشى نەرسىلەردىن باشقا بىر نەرسە ئويلىما. چۈنكى ئوي سۈرەتنى توقۇيدىغان يىپقا ئوخشايدۇ. گۈزەللەش! ياخشى بولغان ھەر ئويدىن پەيدا بولىدىغان سۈرەتمۇ گۈزەلدۇر، ياخشىدۇر.
- تاماقنىڭ تۇزلۇقلىقىنى پەقەت ئاشۇ تاماقنى ئاغزىغا ئېلىپ چاينىغان بىلىد ۇ .
- ئەي ئىنسان جىنى، مادەمكى سەن نۇقسانلىق ئالەمدە، ئۇنداقتا كېچە قاراڭغۇ بولغاندا، بىر يۇلتۇزدەك ئايلان.
- پەرىشتىنىڭ خۇيىغا ئىگە بولساڭمۇ، شەيتانغا ئەمىر بول. ئۇنىڭغا بۇيرۇق بەر! نەپسىنىڭ ئۆكۈزىنى قۇربانلىق قىلسۇن.
- ئەي چارىسىز ئاشىق! بۇياققا كەل، كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە بول، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆر. ھەر نەرسىنى كۆرسەڭمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەسلىنى كۆرەلمىگەن كىشىلەردىن، پارقىراپ تۇرىدىغانلاردىن بولما!
- ئېقىن سۇدا ئەخلەت قالامتى؟ ئەي مېنىڭ جانىم! يۈگۈرۈۋاتقان

جانــدا قانــداق بولــۇپ ئۆچمەنلــك بولســۇن؟

- مۇنارنى كۆرمىگەن كۆز مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى قۇشنى كۆرەلەمتى؟

- ســەۋەپنى كۆرگــەن كىشــى ئەمەلىيەتتــە ســۇرەتكە، شــەكىلگە بېرىلــدۇ. ســەۋەپنى ياراتقانــى كۆرگــەن كىشــى مەنــا نۇرىنــى كۆرىــدۇ.

- ئاشــىقنىڭ جانــى ماكانســىزلىق ئالىمىدىنــدۇر. بــەدەن جانىنــىڭ سايىســدۇر.

- ســۇرەتكە مەســتانە بولغــان بىــر تــال مارجــان ئۈچــۈن جېنىنــى بېرىــدۇ. مەنــا دېڭىزلىرىنــىڭ ئەھلــى ئۈنچىنىمــۇ ئەرزىمــەس نەرســە دەپ بىلىــدۇ.

- ئەلۋەتتــە نەينــى ياســىغان كىشــى قومۇشــقا شــەكىل، ســۇرەت بېرىــدۇ. ئەگــەر نەپــەس بەرمىســە، ئىچىگــە پۈۋلىمىســە، نــەي قانداقمــۇ پەريات قىلسۇ ن ؟

- ســۇغا، ئوتقــا، شــامالغا، تۇپراققــا بــاق! بــۇلار بىربىرىگــە شــۇنچىلىك دۈشــمەن تــۇرۇپ، بىر ـ بىــرى بىلــەن ئىتتىپاقلىشــىپ دوســت بوپتــۇ.

- ئالتــۇن مىــڭ قېتىــم «مــەن ئالتــۇن» دەپ ۋارقىرىســىمۇ، كانىنــىڭ ســىرتىغا چىقمىســا ھېچكىــم ئۇنىڭغــا خەۋەرــدار بولمايــدۇ.

- ھــورۇن مىجەزلىــك ۋە ھاياتتــا مۇۋەپپىقىيــەت قازىنالمىغــان ئــادەم، ھېــچ كىمنىــڭ مۇۋەپپىقىيــەت قازىنىشــىنى خالىمايدۇ.

- دۇنيــادا ھەســەتتىن باشــقا ھــەم ئۆزىگــە ھــەم باشــقىلارغا زىيــان ـ زەخمــەت يەتكۈزىدىغــان نەرســە يــوق.

- ئەگــەر ســەنمۇ بىــزدەك ھەقنــى ئىزدەۋاتقــان بولســاڭ، شــەكىل، ســۇرەتنى تاشــلاپ كۆڭۈلگــە قــاراپ ئــۇدۇل يــۈر، كۆڭۈلگــە كــەل!

- ســېنىڭ جىســمىڭ كۆڭــۈل كەبىســىگە يــول ئالغــان تۆگــدۇر. مىنىدىغان ئېشــىكىڭنىڭ يوقلۇقىدىــن ئەمــەس، بەلكــى ئــۆزۈڭ بىــر ئېشــەك بولغانلىقىــڭ ئۈچــۈن كۆڭــۈل كەبىســىگە بارالمىدىــڭ.

- دۇنيا بىر كېچىگە ئوخشايدۇ. سەن بولساڭ قۇياش. خەلق، پۈتۈن سۈرەت، شەكىللەر تەندىن ئىبارەت. سەن بولساڭ جان.
- جان سۇ بولسا، بەدەن دەريادۇر.
- ئىنسانلارنىڭ ئەقلى شېكەرگە ئوخشايدۇ. جىسمى بولسا شېكەر قومۇشقا.
- ئىنسان نېمىنى ئىزدىسە، شۇنىڭغا لايىقتۇر.
- قاغىلارنى قىش مەۋسۇمدا ھاياجان باسىدۇ. بۇلبۇللار مەيداندىن چېكىنىپ ئۈننى ئۆچۈرىدۇ.
- كىم بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزغا، كىم بىلەن دوست بولغىنىڭىزغا دىققەت قىلىڭ. چۈنكى بۇلبۇل گۈلىستانغا، قاغا ئەخلەتلىككە باشلايدۇ.
- سۆزنى قىلغان كامىل كىشى بولسا مەرىپەت ۋە ھەقىقەت دەستىرخىنىنى سالىدۇ، بۇ دەستىرخاندا ھەر تۈرلۈك تائاملار تېپىلىدۇ. ھەر كىم خالىغىنىنى ئېلىپ يەيدۇ.
- چۈشەنچە بولسا سۇ، بەدەن بولسا ئىدىش، ئىدىش چېقىلسا ئىچىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.
- بىر نەرسىنى ئىزدىمىسەڭ تاپالمايسەن، ئەگەر ئۇ سۆيگۈ بولسا باشقا گەپ، ئۇنى تاپماستىن تۇرالمايسەن.
- تۇپراقنىڭ بىر پارچىسى ئادەمنى تۇپراق ئالەمگە ئاپىرىدۇ. جان دېڭىزىدىكى بىر دولقۇن ئادەمنى سۆيگۈسىگە ئاپىرىدۇ. سۆيگۈنىڭنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى جاندىن ئىستە.
- مېنىڭ سۆيگۈنۈمگە ئېرىشىشىم قەسەممىدۇر. يولسىزلىق دائىم غەپلەتتىندۇر.
- ھۆرمەت مەنىۋىيەتنىڭ كۆزىنى ئاچقۇچىدۇر.
- گۈل باغچىسى بولمىسا بۇلبۇلغا جۇشقۇنلۇق كەلمەس. ئەگەر

قۇياش پاتمىسا بۇلبۇلنىڭ ئۇيقۇسى زىنھار كەلمەس.

◈ ئادەمنىڭ كۈلشى تەربىيەسىنى، كۈلۈش سەۋەبى سەۋىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

◈ ئادەم نامازدا قىيامدا تۇرغاندا «ئەلىف» بولىدۇ،

◈ رۇكۇغا ئېگىلگەندە «دال» بولىدۇ،

◈ سەجدە قىلغاندا «مىم» بولىدۇ،

◈ مانا مۇشۇ شەكىلدە ناماز قىلغاندىن كېيىن «ئەلىف، دال ۋە مىم»دىن تەركىپ تاپقان ئادەم بولىدۇ.

◈ تەكلىپ قىل، غەيرەت قىل، كەچۈرۈم قىل، تۆۋبە قىل. ئەمما خىيانەت قىلما.

◈ تولۇن ئاينى قاراڭغۇ يەردىن ئىزدە. سۆيگۈنى دەرتلىك كۆڭۈلدىن.

◈ نۇر بېغىدا ھەقنىڭ قۇياشى بىر كۆڭۈل ئۆيىنى يورۇتالامسۇ؟

◈ خىرىسنى تاشلا. ئۆزۈڭنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئاۋارە قىلما. شۇ تۇپراقنىڭ ئاستىدىكىلەرگە بىر قارا، ئۇ يەردە شاگىرتمۇ ئوخشاش، ئۇستىمۇ...

◈ توغرىلىق قىممەت باھالىق بىر نەرسە، ئۇ ئەرزان ئادەملەردە تېپىلمايدۇ.

◈ بىر دەلىل بىلەن 40 ئالىمنى يەڭدىم. ئەمما 40 دەلىل بىلەن بىر ناداننى يېڭەلمىدىم.

◈ يارىلىرىمىز بار ھەممىمىزنىڭ. ئەمما يارىمىزنى تاڭىدىغان يارىدەمچىمىزمۇ بار. ئاللاھقا شۈكرى.

◈ ياخشى كۈنلەر ساڭا كەلمەيدۇ، سەن ئۇنىڭغا بارىسەن.

◈ تەڭرى مەرت، ئەمما ئارپا تېرىغانغا بۇغداي بەرمەيدۇ.

◈ ئۈمىد بولسىلا، ھەر بىر يېڭى كۈن باشلانغۇچتۇر.

۞ ئەقىل مەنتىقە بىلەن يەكۈنلىيەلمەيدىغان بىر ھەقىقەتنى قەلبىم مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىق ئارقىلىق ۋۇجۇدۇمنى شېرىن لەرزىگە سالدى.

۞ كۆز ئالدىمدا بىرەر يېڭى بايقالغان يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىقبال — ئانا يۇرتۇمنىڭ ئەزگۈ گەۋدىسى ئۈستىگە چۈشكەن ئەنقا قۇشنىڭ شولىسى— جىلۋىلەندى، بىردىنلا ئەقلىمنى تاپتىم: «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ!»

۞ ئالدىمدا ئۆزۈمنىڭ قېتىق پىيالىسى بولسىلا، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھېچكىمنىڭ ھەسەلىنى ئويلىمايمەن. يوقسۇللۇق دەردىدىن ئۆلۈم قولىقىمغا پىسىلدىسىمۇ، ھېچ بىر ۋاقىت ئەركىنلىكنى قۇللۇققا تېگىشمەيمەن.

۞ كۆپ ئىنسان كۆردۈم، ئۈستىدە كىيىم ـ كېچەكلىرى يوق،

۞كۆپ كىيىم ـ كېچەكلەر كۆردۈم، ئىچىدە ئادەم يوق.

۞ ياخشى دەرەختىن تەلەيلىك شاخلار ئۆسىدۇ.

كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇمىكىن دېمە،
كۆرمىگەنلىرىڭنى ئىزدە.
ئەسلى ئىچىدە،
تېشى مەنزىرە.

كېتەلمەيمەن.
ئىستىكىم بىلەن كەلمىدىم بۇ يەرگە،
ئەكەلگەن ئەكەتسۇن ئۇ گۈزەل ۋەتىنىمگە.

## ئۇشبۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «مەسنەۋى شەرىپ»، جالالىددىن رۇمى
2. «دىۋانى كەبىر»، جالالىددىن رۇمى
3. «فىھى ما فىھ»، جالالىددىن رۇمى
4. «يەتتە مەجلىس»، جالالىددىن رۇمى
5. «رۇبائىيلار»، جالالىددىن رۇمى
6. «مەۋلانا دەرگاھىدىن سۆزلەر»، دوكتور ياشار ئاتەش ئوغلۇ
7. «مەۋلانا دەرگاھىدىن ئۆگىنىلگەنلەر»، زىيا ئەلتەز
8. «مەۋلانادىن ئالتۇن ئۈگۈتلەر»، زىيا ئەلتەز


2018.08.31

گېرمانىيە